زاھىر ساۋدانوف

# ئۇنتۇلماس مۇساپە

(ئەسلىمە)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

难忘的历程:维吾尔文/曹达诺夫·扎伊尔 著。-- 乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.7

ISBN7—228—05872—0

Ⅰ.难… Ⅱ.曹… Ⅲ.革命回忆录—中国—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I251

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第64376号

责任编辑:库尔班·牙生

封面设计:夏迪耶

责任校对:阿斯亚

难忘的历程 (维吾尔文)

(回忆录)

曹达诺夫·扎伊尔 著

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)

新疆新华书店发行

新疆新华印刷三厂印刷

850×1168毫米 32开本 11.625印张 18插页

2000年8月第1版 2000年8月第1次印刷

印数:1——5,000

ISBN7—228—05872—0/I·2166 定价:15.00元



ئاپتورنىڭ 80 ياشقا توشقان خاتىرە سۈرىتى

کوکرده ملتك کنجلکنی

جاری متانت و مروّت

استقلالی خصلتنه

کتلو ساقلایی ،

[illegible] عزیز



ماۋجۇشى 1958 ـ يىلى گۇاڭجۇدا پۈتۈن ئارمىيە سىياسىي خىزمەت يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلارنى قوبۇل قىلغاندا، ئاپتورنى «سىز يېڭى جۇڭگونىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر گېنېرالى» دېگەن.



1940 ـ يىل 8 ـ ئاي، قارا دۆڭ ياردەم مەكتەپ ئو-
قۇتقۇچىلىرى، ئۈستىدىكى زاھىر ساۋدانوف، ئوت-
تۇرىدىكى ئەنۋەربېك (قازاق)، ئاستىدىكى ئابابەكرى.




1947 ـ يىل 7 ـ ئاي، غۇلجا، مايور زاھىر
ساۋدانوف.


كونفېرنسىيەنىڭ خاتىرە رەسىملىرى



1950 ـ يىلى 5 ـ كورپۇس-
نىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى
ئۇچرىشىش يىغىنى، ئالدىنقى
رەت ئوڭدىن 5 ـ كىشى زاھىر
ساۋدانوف.




1958 ـ يىلى 12 ـ ئاي-
نىڭ 12 ـ كۈنى ماۋجۇشى-
نىڭ يۇرتى شاۋشەنگە زى-
يارەت ، ئوڭدىن 3 ـ كىشى
زاهىر ساۋدانوف .



ئاپتور نەنىنۋەندە دېھقانلار بىلەن بىرگە



1950 ـ يىلى 9 ـ ئاي ،
5 ـ كورپۇس ۋەكىللىرى
جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇل-
غانلىقىنىڭ بىر يىللىق
تويىدا ، ئالدىنقى رەت
ئوڭدىن 1 ـ كىشى زاهىر
ساۋدانوف .




ئاپتور 1964 ـ يىلى سانجىدا سوتسىيالىستىك تەر-
بىيىگە قاتناشقاندا كەمبەغەل دېھقانلار بىلەن سۆھبەت-
لەشمەكتە .



1959 ـ يىل 5 ـ ئاي ، گېنېرال (ئاپ-
تور ) جەڭچىلىك تۇرمۇشىنى باشتىن
كەچۈرمەكتە .



1979 ـ يىلى
ئاپتور يەنئەندە .



ئاپتورنىڭ دېڭ
شياۋپىڭ قاتارلىق
رەھبەرلەر بىلەن
چۈشكەن خاتىرە
سۈرىتى، ئارقا رەت
ئوڭدىن 5 ـ كىشى
زاھىر ساۋدانوف.



1985 ـ يىل 3 ـ
ئاي، ئاپتور ۋاڭ جېن،
ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىق
رەھبەرلەر بىلەن بىللە.



1989 ـ يىل 10 ـ ئاي، ئاپتور مەركىزىي
ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چى
خاۋتيەن بىلەن بىللە.



ئاپتور ياڭ شاڭكۇن بىلەن
كۆرۈشمەكتە .



ئاپتور ۋاڭ جېن ئاقساقال
بىلەن بىرگە .



ئاپتور مەر-
كىزىي ھەربىي
كومىتېتىنىڭ سا-
بىق مۇئاۋىن رەئى-
سى جاڭ جېن ۋە
ئۇنىڭ رەپىقىسى
بىلەن بىللە .




1987 ـ يىل 4 ـ ئاي ، ئاپتور ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن بىرگە .




1994 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ، ئاپتور ۋە رەپىقىسى رەنا ئازادلىق ئارمىيە باش سەنمۇبۇ ، باش سىياسىي بۇسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىرگە .



ئاپتور سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن بىللە.



ئاپتور شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى لى لياڭخۇي ۋە سىياسىي كومىسسارى جۇيۇڭشۇن بىلەن بىللە.



1989 ـ يىلى سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭدا خىزمەت تەكشۈرگەندە چۈشكەن خاتىرە سۈرەت (ئاپتور سولدىن 4 ـ كىشى)



1988 ـ يىل 1 ـ ئاي، ئاپتور سەيپۇللايوف بىلەن سۆھبەتتە.



1993 ـ يىل 8 ـ ئاي-
نىڭ 19 ـ كۈنى ، ئاپتور
رەپىقىسى رەنا بىلەن
بىرگە .



1989 ـ يىلى ، ئاپتور
تۇرپانىيۇزىدە ئەينى چاغدى-
كى سەپداشلىرى بىلەن
ھەمسۆھبەتتە .



1995 ـ يىلى ، ئاپ-
تور تۇرپاندا دېھقان
ئائىلىسىدە .



1997 ـ يىلى ، ئاپتور مەزكۇر ئەسلىمىسىنى يېزىش ئۈستىدە



1985 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ، ئاپتور ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە (ئالدى رەت ئوڭدىن 2 ـ كىشى مەرھۇم رەپىقىسى روشەن ، ئارقا ئوڭدىن سولغا قىزى سانىيە ، ئالىيە ، ئوغلى شۆھرەت ، پەرھات ، قىزى ئاسىيە ) .

1984 ـ يىلى ، ئاپتور رۇمىنىـ
يىدە زىيارەتتە .





1995 ـ يىلى ، ئاپتور موسكۋا قىزىل مەيداندا .

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................ ۋاڭ ئېنماۋ (1)

ئاپتوردىن ........................................ (1)


## بىرىنچى قىسىم


بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىم ...................... (1)


## ئىككىنچى قىسىم


ئىنقىلابقا قاتنىشىش ...................... (22)


## ئۈچىنچى قىسىم


ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىش ................ (38)

يەنىسخەي ئورمانلىقىدا مۇداپىئەدە

تۇرۇش ........................................ (48)

ماناس دەرياسى بويىغا يۆتكىلىش ...... (61)

## تۆتىنچى قىسىم

تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى ............ (70)
ماناس دەرياسى بويىدىن قايتىش ............ (75)
مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىدە .......... (106)
كەڭسايدا كۇرس ئېچىش .................... (110)
خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە ھەققىدە .......... (125)
شىخۇدا سىياسىي كۇرس ئېچىش............ (144)
ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئاخىرقى قېتىم
كۆرۈشۈش .............................. (155)

## بەشىنچى قىسىم

شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى
................................................ (168)

## ئالتىنچى قىسىم

مىللىي ئارمىيىنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق
ئارمىيىسىنىڭ 5 ـ كورپۇسىغا ئۆزگىرىشى ........
................................................ (173)
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر

يىللىق تويىغا قاتنىشىش ........................ (177)
باش قوماندان جۇدېنىڭ قوبۇل قىلىشى....... (186)
ئالتايغا خىزمەت تەكشۈرۈپ بېرىش......... (201)
شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا يۆتكىلىش ......... (204)
جەنۇبىي شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم سەپەر قىلىش
.............................................. (206)
ھەربىي خىزمەت قانۇنىنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنىغا
قاتنىشىش ...................................... (231)
5 - كورپۇسنىڭ تارىخىنى يېزىش ئىشخانىسىنىڭ
تەسىس قىلىنىشى................................ (245)
مەركىزىي ماركسىزم - لېنىنىزم مەكتىپىگە ئوقۇشقا
بېرىش .......................................... (246)
ئۇنتۇلماس 24 - دېكابىر .................... (252)
ئەسكەرلىك تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرۈش
.............................................. (254)
29 - ماي ۋەقەسى ............................ (271)
سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتنىشىش
.............................................. (278)
لەنجۇدىكى ھەربىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە
بېرىش .......................................... (283)
ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ... (286)
مەكتەپ ناھىيىسىگە بېرىش ..................... (293)
توققۇزتارادا خىزمەت تەكشۈرۈش.............. (298)

ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىدە
(308) ..........................................

## يەتتىنچى قىسىم

رۇمىنىيىگە زىيارەت ........................ (322)
قازاقىستانغا زىيارەت ........................ (327)
روسىيىگە زىيارەت ........................ (331)
يەنئەنگە زىيارەت ........................ (339)
جىڭگاڭشەنگە زىيارەت ........................ (344)
شاۋشەنگە زىيارەت ........................ (349)
ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي ئائىلە ئەزالىرى
(353) ..........................................
مۇھەررىردىن ........................ (356)

# كىرىش سۆز

يولداش زاھىر ساۋدانوفنىڭ «ئۇنتۇلماس مۇساپە» ناملىق بىر كىتاپ يازغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن خەۋەر تاپتىم. بۇ ئەسلىمىدە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى بايان قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە مىللىي ئارمىيىدىن 5- كورپوسقىچە بولغان شانلىق مۇساپە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمۇ بايان قىلىنغان. بۇ ئەسلىمە جانلىق، تەسىرلىك بولۇپ، شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنى قانداق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى تەتقىق قىلىشىمىز، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ئاڭلىق ھالدا قىزغىن سۆيۈشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىمىز، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىستىك چېگرا رايوننى ئورتاق

گۇللەندۇرۇشىمىز ۋە قوغدىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال بولالايدۇ.
يولداش زاھىر ساۋدانوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان پېشقەدەم يولداش. ئۇ ئىلگىرى مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان، مىللىي ئارمىيە 5 - كورپۇس قىلىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن، 5 - كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، 5 - كورپۇسنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان. 5 - كورپۇس ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن، ئۇ ئۇزاق مەزگىل شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن، 2 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان، 1955 - يىلى گېنېرال مايورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، كۆپ قېتىم ماۋجۇشىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان، ماۋجۇشى يولداش زاھىر ساۋدانوفنى جۇڭگودىكى بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر گېنېرالى، دەپ تەرىپلىگەن. يولداش زاھىر ساۋدانوف كىچىككىدىلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيىنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن، پارتىيە ۋە ئارمىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي

كادىرى بولۇپ يېتىشكەن، شىنجاڭنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتىكى نۇرغۇن چوڭ ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ كىتابقا ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش، ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانى ھەمدە رەھبەرلىك ئورنىدىكى ئەمەلىي ئىشلار تەپسىلىي ۋە ئېنىق خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن يولداش زاھىر ساۋدانوفنىڭ پارتىيىنى، ۋەتەننى، ھەرمىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقى، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىدىغانلىقى، باشتىن - ئاخىر تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى چىڭ تۇرىدىغانلىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئاڭلىق قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇنى چەكلەيدىغانلىقى، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ ھەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە قىسىم قۇرۇلۇشىغا يەنىلا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىشىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە پايدىلىق بولغان

تۇرلۇك پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ كەلدى. يېشى سەكسەنگە بېرىپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا تەربىيە بولسۇن ئۈچۈن، ئۆز قەلىمى بىلەن ئەسلىمە يېزىپ چىقىشى -- بىر پىشقەدەم يولداشنىڭ يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقىنى، كەڭ قورساقلىقىنى ۋە توختىماي كۆرەش قىلىش روھىنى نامايان قىلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مەن يولداش زاھىر ساۋدانوفنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەسەرلىرىنىڭ كىشىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يولداش جياڭ زېمىن يادرولىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تۆھپە قوشايلى.

ۋاڭ ئېنماۋ

2000 ـ يىل 23 ـ ئىيول

# ئاپتوردىن

بېسىپ ئۆتكەن ئۆمۈر مۇساپەمنى ئەسلەپ ئۆتسەم قىسقا مۇساپە ئەمەس ئىكەن، ئەلۋەتتە. مەن بۇ «ئۇنتۇلماس مۇساپە» ناملىق ئەسلىمەمنى يېزىپ قالدۇرۇشنى ئۇزاقتىن بۇيان ئويلاپ يۈرەتتىم. يېشىم سەكسەنگە يېقىنلاشقاندا قولۇمغا قەلەم ئېلىپ بۇ ئەسلىمەمنى يېزىشقا باشلىدىم. ئادەمنىڭ ئۆمرى ئىزسىز ئۆتمەيدۇ. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمنى دېمىگەندىمۇ، بىلىم قوينى بولغان مەكتەپ دەرۋازىسىغا قەدەم قويغان چېغىمنى ھېسابلىغاندا، يەتمىش نەچچە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپتۇ.

يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك بۇ ۋاقىت ئىچىدە، دۇنيادا، جۇڭگودا، شۇنداقلا شىنجاڭدا نۇرغۇن تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئاشۇنداق مۇرەككەپ ئىجتىمائىي شارائىتتا يۈز بەرگەن تارىخىي ئەھۋاللارنى كۈندىلىك خاتىرە سۈپىتىدە يېزىپ قالدۇرمىغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ ئەسلىمەم مېنىڭ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپەمنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلىشى ناتايىن، بولۇپمۇ ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسى ھەربىي تۇرمۇش ئىچىدە ئۆتتى. ئەنە

شۇ ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى تەكرار ئەسلەپ،
ئېسىمگە كەلگەنلىرىنى مەزكۇر ئەسلىمەمگە
كىرگۈزدۈم.

بۇ ئەسلىمەم يا ئۇنداق، يا مۇنداق كەمچىلىك،
سەۋەنلىكلەردىن خالىي دەپ ئېيتالمايمەن.
ئوقۇرمەنلەرنىڭ كەچۈرۈشىنى سورايمەن.

— زاھىر ساۋدانوف

# بىرىنچى قىسىم

## بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىم

مەن 1920 ـ يىلى 15 ـ دېكابىردا غۇلجا شەھىرى چېلەك مەھەللىسىدىكى ئېدرىس دېگەن تۇڭگاننىڭ قورۇسىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر تۆمۈرچى ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇم . مەرھۇم دادامنىڭ ئائىلىمىزنىڭ شەجەرىسىنى سۆزلەپ بېرىشچە، بوۋامنىڭ دادىسى باھاۋۇدۇن ئەسلى قەشقەرپەيزاۋاتتاتۇغۇلۇپ، 1763 ~ 1764 ـ يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن كۆچمەنلەردىن ئىكەن. بوۋام قەشقەردىن ئىلىغا كۆچۈپ چىقىپ خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ھازىرقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېلەك يېزىسىغا «كۆچ ـ كۆچ» مەزگىلىدە كۆچۈپ چىقىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن.

دادام نىزامىدىن 1870 ـ يىلى قازاقىستاننىڭ چېلەك يېزىسىدا تۇغۇلغانىكەن. چوڭ دادام ساھاۋۇدۇن چېلەكتە ئالەمدىن ئۆتكەندە دادام ئىككى ياشتابولۇپ، چوڭ دادام ۋاپات بولغاندىن كېيىن مومام پاتەمخان شۇ

يەردە ئولتۇرۇشلۇق ئىمىن تۆمۈرچى دېگەن كىشىگە ياتلىق بولغانىكەن . مومام ئۇ كىشىدىن بەش ئوغۇل، بىر قىز، جەمئىي ئالتە پەرزەنت كۆرگەنىكەن.

ئانامنىڭ دادىسى غۇلجا ئاقتام كەنتلىك بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىمۇ ئىلگىرى غۇلجىدىن چېلەك قارا يوتىغا كۆچۈپ چىققانىكەن. دادام نىزامىدىن، ئانام ھېۋىزىخاندىن بىر جەمئىي بەش ئوغۇل بولۇپ، مەن بالىلارنىڭ كەنجىسى ئىدىم.

دادام تەقى - تۇرقى سۈرلۈك، ئاچچىقى ياماندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئاق كۆڭۈل، غەزىپى تېز ياندىغان، دىلى يۇمشاق، كۆكسى - قارنى كەڭ ، مەرد ئادەم ئىدى. مەن ئېسىمنى بىلسەم، ئۆيىمىزدە تەمبۇر بولۇپ، دادام گاھى ئىچى پۇشۇپ قالغان ۋاقىتلاردا تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ خېلى ئوبدان چېلىپ قوياتتى. دادام ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا ئوۋ ئوۋلاشقا ھېرىسمەن بولۇپ، بەزى كۈنلىرى ئارىلاپ ئىلى دەريا بويلىرىغا بېرىپ قىرغاۋۇل ئوۋلاپ كېلەتتىكەن.

ئائىلىمىزدە بىر كىچىك تۆمۈرچىلىك دۇكىنىنىڭ سايمانلىرىدىن باشقا ھېچقانداق مال - مۈلۈك ۋە يەر - زېمىن يوق ئىكەن. دادام باشقا بىر كىشىنىڭ تۆمۈرچىلىك دۇكىنىنى ئىجارىگە ئېلىپ تىرىكچىلىك قىلاتتىكەن.

سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن،

يەنى1918- يىلى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ زەربىسىدىن قاچقان «ئاقلار» قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى چېلەك يېزىسىغا كېلىپ قورام، لاۋار دېگەن جايلارغا كەلگەندە شۇ جايدىكى يۇرت كاتتىۋاشلىرى ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، ئوزۇق - تۈلۈك تويلاپ بەرگەنىكەن. كېيىن قىزىل ئارمىيە ئۇلارنى قوغلاپ كەلگەندە ئاق باندىتلار جۇڭگو تەرەپكە قېچىپ كېتىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى قورامدا، لاۋاردا ئاق باندىتلارنى قوللىغان ئادەملەرنى چاپ - چاپ قىلىپ، شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئادەملەر ئېتىلىپ كېتىدىكەن. بۇ شۇم خەۋەر چېلەك ۋە بايسىت دېگەن جايلارغا تارقىلىشى بىلەن، خەلقلەردە قورقۇنچ پەيدا بولۇپ، تەرەپ - تەرەپكە قېچىش باشلىنىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن، دادام نىزامىدىنمۇ پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنى ئېلىپ غۇلجىغا قېچىپ كېلىپ، چېلەك مەھەللىسىدىكى ئېدرىس دېگەن تۇڭگاننىڭ قورۇسىدا ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن.

ئەينى يىللاردا ئائىلىمىز چەت ئەلدىن ئېلىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن يەرلىك خەلقلەر بىزنى «قاچاقلار» دەپ ئارىغا ئالمايدىكەن. مۇشۇنداق ھاقارەتلەرگە چىداپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ، 1924 - يىلىغا كەلگەندە، جاھان چىگىلىشىپ غۇلجىدا كۆن ئالماق تولىمۇ قىيىنلىشىپ كەتكەنىكەن.

دادام يېڭى قۇرۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتىنىڭ يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنى يولغا قويغانلىقى ھەمدە ئەركىن تىرىكچىلىك قىلىشقا رۇخسەت قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بىزنى ئېلىپ يەنە قايتىدىن قازاقىستاننىڭ چېلەك يېزىسىغا كۆچۈپ چىققانىكەن. بۇ دەل مېنىڭ تۆت ياش ۋاقىتلىرىم بولسا كېرەك، شۇڭا مەن بىز كۆچۈپ ماڭغان چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلىيەلمىدىم.

بىز كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، چېلەكتىكى ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئائىلىمىز خېلى ئوبدان ئورۇنلىشىۋېلىپ، دادام تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئېچىپتۇ. ئاكىلىرىممۇ ئىشقا ياراپ، چوڭ ئاكام زەينىدىن دادامنىڭ تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا ساندۇق تارتىپ دادامغا ياردەملىشىپتۇ. ئىككىنچى ئاكام ساۋۇت ھارۋىكەشلىك قىلىپ، چېلەكتىن توقماق، بېشكەك قاتارلىق جايلارغا كىراكەشلىك قىلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىمىزنىڭ ھال - ئەھۋالى خېلى ياخشىلىنىپ، چېلەكتىن خېلى ئوبدان بىر قورۇ جاي سېتىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يىللارنىڭ بىر - بىرىگە ئەگىشىپ ئۆتۈشى بىلەن، 1927 - يىلى مەن ئوقۇش يېشىغا توشۇپ چېلەكتىكى يېڭى ئېچىلغان دېھقانلار مەھەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردىم. بۇ مەكتەپتە ئىككى يىل ئوقۇپ، لاتىنچە ھەرپ بىلەن

ساۋاتىم چىقتى. 1929 ـ يىلىغا كەلگەندە، دادام بىلەن ئانام بىزنى باشلاپ قاراقىرا يايلىقىغا بېرىپ ئۇ يەردە ئون بەش كۈن تۇرغاندىن كېيىن قاراقول پرژۋالىسكى دېگەن ئىسسىقكۆل بويىغا بېرىپ ئۇ يەردە ئىككى كۈن تۇردۇق. ئۇنىڭدىن باشقا يەتتە ئۆكۈز، ئارشاڭ قاتارلىق جايلاردا تۆت ـ بەش كۈندىن تۇرۇپ، چارىن دېگەن يەر ئارقىلىق ياركەنتكە باردۇق. ئۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، چوڭ ئاچىنوق قىزىل تۇغ كولخوزىغا تۆمۈرچى كېرەك ئىكەن دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال شۇ يەرگە باردۇق. دادام بۇ يەردە بىر قىش، بىر ياز كولخوزنىڭ تۆمۈرچىلىكىنى قىلدى. مەن شۇ كولخوزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى سىنىپىدا ئوقۇدۇم.

بۇ چاغدا، دادام سوۋېت كولخوزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، يەنىلا جۇڭگوغا كېتەيلى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو چېگرىسىدىن مەخپىي ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان ئادەملەرنى تېپىپ، ئۇلارغا ئاز ـ تولا پۇل بېرىپ بىر كېچىدىلا ئاچىنوقتىن غالجاتقا كېلىپ، غالجات ئارقىلىق خونوقايغا ئۆتۈپ غۇلجا شەھىرىگە كەلدۇق ـ دە، تۆرەم مەھەللىسىدىكى بىر ئۆزبېكنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردۇق. بۇ مەھەللىدە بىر مەزگىل ئولتۇرغاندىن كېيىن، تونۇشلار بولمىغانلىقى ئۈچۈن كەمبەغەللەر مەھەللىسى توپادەڭگە كۆچۈپ

كەتتۇق. چۈنكى، توپا دەڭدە ئىلگىرى چېلەكتە بىللە ئولتۇرغان تونۇشلار بار ئىدى. بىز توپادەڭگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، دادام مېنى بۇ يەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى. مەن دىنىي دەرسلەرنى ئىلگىرى زادىلا ئوقۇپ باقمىغاچقا، ماڭا بۇ دەرسلەر ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپتە سىدىقجان خەلپىتىم دېگەن كىشى بىزگە دىنىي دەرس بېرەتتى. دەرس بىلمىگەنلەرگە قاتتىق تەن جازاسى بېرىلەتتى. ئۇ ئازراق بىلمىگەنلەرنىڭ ئالىقىنىغا پالاق بىلەن ئۇرسا، پەقەت بىلمىگەنلەرنى پەلەققە تارتىپ قولىدىكى كۆك تاياق سۇنغىچە يالىڭاچ پۇتىغا ياكى كاسىسىغا راسا ئۇراتتى.

مەن بۇ مەكتەپتە ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، دادامغا يىغلاپ يالۋۇرۇپ، بۇ مەكتەپتە ئوقۇمايمەن، شەھەردىكى مەكتەپلەردە ئوقۇيمەن دېۋىدىم، دادامنىڭ ماڭا بىرئاز ئىچى ئاغرىدى بولغاي ، كېيىن مېنى شەھەردىكى «ئۆزبېك نەمۇنە» مەكتىپىگە ئاپىرىپ بەردى. بۇ مەكتەپتە بىزگە ئىسلام قارى، نىغمەت ئىنئامجان، زەينەپ ئاپپاي دېگەن ئوقۇتقۇچىلار دەرس بېرەتتى. شۇ چاغدىمۇ مەكتەپكە ئوقۇش پۇلى تۆلەيدىغان تۈزۈم بار ئىدى، شۇڭا دادام ماڭا: «ئاكىلىرىڭنىڭ ھېچقايسىسى ئوقۇيالمىدى، سەن بالىلارنىڭ كەنجىسى، تۇرمۇشتا قانچىلىك قىينالساقمۇ

سېنى چوقۇم ئوقۇتىمەن» دەپ، ھەر يىلى ئوقۇش پۇلۇمنى تۆلەپ مېنى تاكى 5 ـ سىنىپقا قەدەر ئوقۇتتى.

ئائىلە ئىقتىسادىمىز ئانچە ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەن باشقىلارنىڭ سۈتىنى سېتىشىپ بېرىپ، ئىش ھەققىمگە ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئۆزۈمگە سۈت سېتىۋالاتتىم. يازلىق تەتىللەردە خۇدىيارىيۈزى، كېپەكيۈزى قاتارلىق جايلاردىن يولنى يىراق كۆرمەي قېتىق، قايماق، كۆكۋاش ئېلىپ كېلىپ غۇلجا شەھىرىدە كوچا ئارىلاپ ساتاتتىم. بۇنىڭدىن ماڭا قالىدىغان پايدا ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئەمگىكىم بەدىلىگە كەلگەن بۇ پۇللارنى بەكمۇ تېجەيتتىم. دادام مېنىڭ غەيرىتىمدىن تولىمۇ رازى ئىدى.

1936 ـ يىلى كۈزدە شەھەر ئىچى تۈزخانىنىڭ ئالدىغا بىر ئېلان چاپلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: «كۈرەدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىلىدۇ، ئوقۇغۇچىلار ھۆكۈمەت تەمىناتى بىلەن ئوقۇتۇلىدۇ، تاماق راسخوتىنى ھۆكۈمەت بېرىدۇ، ئوقۇشنى خالايدىغانلار تۈزخانىغا كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ ئىمتىھان بېرىڭلار» دېيىلگەنىدى. مەن بۇ ئېلاننى كۆرۈپ ئۆيگە ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ دادامغا ئېيتتىم. دادام بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ: «ئوقۇغىن ئوغلۇم، ئوقۇغىن، سەن بولساڭمۇ ياخشى ئوقۇغىن، ئىلىم ئۆگىنىش تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش» دەپ رازىلىق بىلدۈردى. مەن

دادامنىڭ بۇ سۆزىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، دەرھال تۈزخانىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ ئىمتىھانغا قاتناشتىم. بەختىمگە يارىشا ياخشى نەتىجە بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتتۈپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن 9 - ئايدا بىز بىر قانچە كەمبەغەل بالا يونقان - كۆرپىلىرىمىزنى يۈدۈپ دۆڭ مەھەللە، ئالمۇتۇيا ئارقىلىق پىيادە كۈرەگە باردۇق. كۈرەدە بىر بۇتخانا قورۇسى مەكتەپ قىلىنغانىكەن. بۇ مەكتەپتە بىزگە تاشكەنتتە ئوقۇپ كەلگەن مەخمۇتوف، تۇرسۇنتاي، ئابدۇرېھىم يۈسۈپ قاتارلىقلار دەرس بەردى. غۇلجا شەھىرىدىن ئوقۇشقا بارغان بىز بىر قانچە ئوقۇغۇچى قىيىنچىلىقتا تاكى 1937 - يىل 7 - ئايغىچە شۇ مەكتەپتە ئوقۇدۇق. مۇنداق بىر ئىش ھېلىمۇ ئېسىمدە: بىر كۈنى كۈرەدىن پىيادە يولغا چىقىپ ئەتىسى قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە دۆڭ مەھەللىگە يېتىپ كەلدىم. دۆڭ مەھەللىنىڭ سايغا چۈشىدىغان يېرىگە كەلگەندە يول بويىدا دۈمبەمدىكى يونقان - كۆرپە بىلەنلا ھارغىنلىق ئىچىدە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. تۇيۇقسىز بىر كىشى مېنى ئويغىتىپ: «ھوي، بۇ نىزامكامنىڭ ئوغلى زاھىرغۇ» دېدى. مەن كۆزۈمنى ئېچىپ خىجىل بولغانلىقىمدىن دەرھال ئۆزۈمنى رۇسلاپ يولۇمغا راۋان بولدۇم.

1937 - يىلى كۈزدە ئوقۇش باشلاش

مەزگىلگە كەلگەندە، كۆرەدىكى بۇ مەكتەپ غۇلجا شەھەر ئىچىگە يېڭىدىن سېلىنغان ئىلى گىمنازىيىسىگە كۆچۈپ كىردى. كۆرەدىن كەلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئىلى گىمنازىيىسىنىڭ ئۇيغۇر 1 - سىنىپى قىلىپ تەشكىللەندۇق. ئىلى گىمنازىيىسىدە بىزگە تاشكەنتچىلەردىن [1] ئىسمايىل ھېۋىزىللايوف، سەيپۇللايوف، قۇربانوفلار دەرسكە كىرەتتى.

1938 - يىلى يازدا ئىلى گىمنازىيىسىنى پۈتتۈردۈم ۋە غۇلجا شەھىرى قارادۆڭ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى قىلىپ تەقسىم قىلىندىم. مەزكۇر مەكتەپتە بىر يىلدىن ئوشۇق ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم. مەن ئۇ چاغلاردا تەنتەربىيىگە بەكمۇ قىزىقاتتىم. شۇ سەۋەبتىن بىز قارادۆڭ مەكتەپ ئۆز ئالدىمىزغا بىر ۋالىبول كوماندىسى قۇرۇۋالدۇق. مەن پاسچى، ئەنۋەربېك تەپتىچى ئىدى. بىز دائىم تاتارلار كوماندىسى ۋە بىر قانچە مەكتەپلەرنىڭ كوماندىلىرى بىلەن مۇسابىقە ئۆتكۈزۈپ تۇراتتۇق. مەن قارادۆڭ مەكتەپتە ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلاردىن ھازىر ماھىنۇر قاسىم، ئۇنىڭ ئاكىسى رۇستەم، ھۆسەنجان جامى قاتارلىقلار بار.

مەن ئۆسمۈرلۈك چېغىمدىن تارتىپلا بىرەر

---

① تاشكەنتچىلەر — شۇ چاغدا تاشكەنتتە ئوقۇغانلار شۇنداق دەپ ئاتىلاتتى.

تېخنىكومدا ئوقۇپ، تېخنىكا ئۆگىنىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇم ئاخىر 1940 - يىلى ئەمەلگە ئاشتى. شۇ يىلى كۈزدە ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى ئاچقان تېخنىكومغا ئوقۇشقا تىزىملىتىپ ئۈرۈمچىگە كەلدىم.

بۇ تېخنىكومدا دېھقانچىلىق، سۇچىلىق، مال دوختۇرلۇق، چارۋىچىلىق، مېتېئورولوگىيە قاتارلىق كەسىپلەر بولۇپ، مەن چارۋىچىلىق كەسىپىگە تەقسىم قىلىندىم. بىزنىڭ سىنىپتا ئابدۇراخمان ھەسەنوف، يۇسۇپ كېرىم، تۇرسۇن (چاپايوف)، يەكياپالتايوف قاتارلىق باللار بار ئىدى. بىزگە سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىدىن چولكوف، رودوف قاتارلىقلار ۋە يۇداچىڭ (خەنزۇ)، تۇرسۇن ئاتاۋۇللالار مال دوختۇرلۇقىدىن دەرس بېرەتتى. بىزنىڭ سىنىپقا مال دوختۇرلۇق ئىلمى بىلەن چارۋىچىلىق ئىلمى توغرىسىدىكى دەرسلەر بىرگە ئۆتۈلەتتى. چۈنكى، بۇ ئىككى پەن بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئوقۇش مەزگىلىدە چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇقنى پراكتىكا قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچى نەنسەن چارۋىچىلىق مەيدانىغا چىقىپ، قوچقار پىچىش، ساغلىقلارنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش پراكتىكىسى ئىشلىدۇق. 1941 - يىلى باھاردا بۇ تېخنىكوم شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ بىر فاكۇلتېتى قىلىنىپ شۇ مەكتەپكە

قوشۇۋېتىلدى. ئەينى چاغدا هازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق بىناسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىچىدىكى قىزىل بىنا ئوقۇتۇش بىناسى ئىدى. شۇ چاغدىكى مەكتەپ هاياتىمنى ئەسلىسەم، 1941 - يىلى يازلىق تەتىلدە غۇلجىغا بارغان چېغىمدىكى مۇنداق بىر ئىش پەقەت يادىمدىن چىقمايدۇ.

بىر كۈنى غۇلجىدا ئۈرۈمچى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇۋېدىغان دوستلىرىم هاشىر ۋاهىت، ئابلىمىت قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە بىر خادىكنى كىرا قىلىپ بۇلاقبېشى ئارا ئۆستەڭگە بېرىپ ئويناپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق. كېتىۋېتىپ توغراققا كەلگەندە ئېلىنۋالغان هاراقنى ئىچىشكە باشلىدۇق. هاراق ئىچىپ، ناخشا ئېيتىپ يول بويى پەيزى قىلىپ كېتىپ باراتتۇق. تۇساتتىن خادىكنىڭ بىر چاقى ئازگالغا چۈشۈپ كەتتى. هاشىر ئاچچىقلىنىپ هارۋىكەش بالىغا: «هوي، هارۋىنى تۈزۈك ھەيدىمەمسەن» دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىۋىدى، هارۋىكەش بالىمۇ بوش كەلمەي هاشىرغا جاۋاب قايتۇردى. بۇ ئىككىسى تاكاللىشىپ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىشتى. بىز ئۇلارنى قانچە باسساقمۇ ئۇناشماي بىر- بىرىنى قاتتىق تىللاشقا باشلىدى. هاشىرنىڭ مىجەزى چۇس بولغاچقا بېلىدىكى

تاسما پويىزىنى يېشىپ ھارۋىكەش بالىنىڭ يۈزىگە شۇنداق بىر ئۇرۇۋىدى، تاسمىنىڭ تۆمۈر ھالقىسى ھارۋىكەش بالىنىڭ كالپۇكىنى يېرىپ، ئوتتۇرا چىشىنى چۈشۈرۈۋەتتى. ھارۋىكەش بالا ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كەتتى. بىز بۇ ۋاقىتتا ئارا ئۆستەڭگە خېلىلا يېقىنلاپ قالغانىدۇق، ئۇنىڭ يىغىسىدىن قورقۇپ ھارۋىدىن چۈشۈۋالدۇق. ھارۋىكەش بالا يىغلىغان پېتى ئۇدۇل مەھەللىسى تەرەپكە قاراپ كەتتى.

دەل شۇ كۈنى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ھاكىم ۋە يايىلىرى ئارا ئۆستەڭگە سەيلىگە چىققانىكەن. ئاغزى-بۇرنى قانغا بويالغان بۇ ھارۋىكەش بالا ھاكىمغا يىغلاپ تۇرۇپ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ئەرز قىلىپتۇ. بالىنىڭ قانغا بويالغان بۇ ئەپتىنى كۆرگەن ھاكىم ئىچ ئاغرىتىپ بىزنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئەسكەر چىقىرىپتۇ. بىز بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تېپىپ دەرھال يوشۇرۇنۇۋالدۇق. مەن كېچىچە بىر بېدىلىكتە يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، ئەتىسى پىيادە يول يۈرۈپ توپادەڭدىكى ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم. مەن بۇ ئىشتىن بەكمۇ قورقۇپ كەتتىم. مەكتەپ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ مېنى مەكتەپتىن ھەيدىۋەتسە قانداق قىلارمەن، دەپ ئويلىدىم. مەن قورقۇپ كەتكىنىمدىن ھەتتا ئون نەچچە كۈنگىچە بازارغا كىرەلمەي، ئاخىر 8- ئاينىڭ ئاخىرلىرى تەتىل ۋاقتى توشقاندا ئۈرۈمچىگە

كېلىۋالدىم.
مەن 1942 - يىلى 7 - ئايدا ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ ئۈرۈمچى نەنسەن ئات فېرمىسىغا تېخنىك بولۇپ تەقسىملەندىم. مەن بىلەن بىرگە غۇلجىدىن ئوقۇشقا كەلگەن دوستۇم يەھيا قارا شەھەرگە، ئابدۇراخمان خەسەنوف ئۈرۈمچى ئۇلانباي چارۋىچىلىق پونكىتىغا تەقسىم قىلىندى. يۈسۈپ كېرەمنىڭ قەيەرگە بۆلۈنگىنى ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ. مەن تەقسىملىنىپ بولغاندىن كېيىن شۇ يىلى يازدا ئاتا - ئانامنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن غۇلجىغا باردىم. دادام بىلەن ئانام مېنىڭچوپ- چوڭ يىگىت بولۇپ قالغانلىقىمنى ۋە مەكتەپ پۈتتۈرگەنلىكىمنى كۆرۈپ مەسلىكى كېلىپ، مېنى ئۆزلىرىنىڭ هايات چېغىدا ئۆيلەپ قويماقچى بولدى. ئۇلار مېنىڭ بېشىمنى ئوڭشاپ قويماقچى بولۇپ بىر قانچە لايىق تېپىپ ماڭا مەسلىھەت سالدى. لېكىن، مەن ئۇلارنىڭ تاپقىنىنى لايىق كۆرمىدىم. چۈنكى، مەن قوشنىمىز زىكرىيا دېگەن كىشىنىڭ كىچىكىمدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان قىزى روشەنبىلەن1941- يىلى يازلىق تەتىلدە ئۆيگە بارغان چېغىمدا دېيىشىپ قويغاندىم. دادام بىلەن ئانام بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇلارمۇ بۇنى توغرا تېپىپ شۇ يىلى 8- ئاينىڭ 15 - كۈنى روشەن بىلەن ئىككىمىزنىڭ توي

مەرىكىسىنى قىلىپ قويدى.

روشەننىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى كەمبەغەل بولۇپ، دادىسى بېدە ساتاتتى، ئانىسى خۇشتەم ئاغرىقچان ئايال بولۇپ، ئۆيدە ماشىنىچىلىق قىلاتتى. بىز توي قىلماستىن بۇرۇن روشەننىڭ چولپانخان دېگەن ھەدىسى ياپياشلا تۇرۇپ تۆت بالىسىنى تاشلاپ ئۇ ئالەمگە كەتكەنىدى. روشەن بولسا ئىلى گىمنازىيىسىنىڭ ئۇيغۇر 3 ـ سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ دۆڭ مەھەللىدىكى «شەرق» باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. مەن روشەن بىلەن توي قىلىپ 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا روشەننى ئېلىپ غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئالدى بىلەن ياڭخاڭدا ئولتۇرۇشلۇق كونا ئاغىنەم تۇرەخمەتنىڭ ئۆيىگە چۈشتۈم. ئەتىسى قۇرۇلۇش نازارىتىگە بېرىپ نەنسەن ئات فېرمىسىغا تونۇشتۇرۇش يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. نازارەتنىڭ چارۋىچىلىق بۆلۈمى ماڭا تونۇشتۇرۇش يېزىپ بەرگەندىن كېيىن9- ئاينىڭ ئاخىرى سەھەردە رەپىقەم بىلەن بىر تۆگىگاننىڭ ھارۋىسىنى كىرا قىلىپ نەنسەن ئات فېرمىسىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ئۇلانبايغا كەلگەندە قاتتىق بوران چىقىپ يولنى كۆرگىلى بولمىدى. ھارۋىكەش يولدىن ئادىشىپ قېلىپ خۇاڭسىلاڭ دېگەن كەنتكە بارىدىغان يولغا ئەمەس، بەنفاڭگوغا بارىدىغان يولغا كىرىپ قاپتۇ. ھاۋا

تۇتۇلۇپ، جاھان قاراڭغۇلىشىپ خېلى كەچ بولۇپ كەتتى. قارارگاھقا تېخىچە يېتىپ بارالمىدۇق. ھارۋىكەش ئۆزىمۇ قورقۇپ، ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇ يىقىن بىر جايدا چىراغ يورۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بىزنى شۇ يەرگە ئېلىپ باردى. بىز ئۇ يەرگە بارساق ئۇ بىر تۇڭگان دېھقانىنىڭ ئۆيى ئىكەن، بۇ دېھقانىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بەكمۇ مېھماندوست بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ مۇزلاپ كەتكىنىمىزنى كۆرۈپ، بىزنى ئىسسىق ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىسسىق چاي دەملەپ، سۇيۇق ئاش ئېتىپ بەردى. بىزنىمۇ ئىسسىق بېسىپ بىر كېچە بۇ يەردە خاتىرجەم ئۇخلاپ ئەتىسى ئەتىگەندە بىر دېھقانىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن يولىمىزنى تېپىپ مېڭىپ چۈشتىن كېيىن نەنسەن ئات فېرمىسىغا يېتىپ كەلدۇق.

بىز بارساق، فېرمىنىڭ باشلىقى شۇ فامىلىلىك بىر خەنزۇ كىشى ئىكەن، ئەزىز ئاكا خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىكەن، ئۆمەرئاخۇن، ئۇلۇغ ئاخۇنلار مال دوختۇرى، ئۇيغۇر ئايالى بار بەرمىش ئىسىملىك بىر قازاق كىشىچارۋا تېخنىكلىرىنىڭ باشلىقى ئىكەن. بىز بىر ياغاچ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇق. مەن بىر مەزگىل خىزمەتلەر بىلەن تونۇشۇۋالغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا خىزمەتكە رەسمىي كىرىشىپ كەتتىم.

1943 - يىل 9 - ئايدا غۇلجىدىن روشەننىڭ ئانىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالدىم. مەن بۇ شۇم خەۋەرنى روشەندىن يوشۇرۇپ تېزدىن غۇلجىغا خىزمىتىمنى يۆتكەش كويىغا چۈشتۇم. ھەر قېتىم شەھەرگە نورمىغا كىرگەندە (ئۇ چاغدا نورمىنى شەھەردىن ئالاتتۇق) قۇرۇلۇش نازارىتى چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقىغا سېرىق ماي، قېزا، گۆش ئالغاچ كېلىپ خىزمىتىمنى غۇلجا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسىغا يۆتكەپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالدىم. ئاخىر باشلىق يۇمشاپ، ئىلتىماس يېزىپ كەلگىنە، دېدى. مەن نەنسەنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئات فېرمىسىدىكى مامشۇ دېگەن خەنزۇ كىشىنى ئىزدىدىم. بۇ كىشى كۈندە كۆچە كۆيدۈرۈپ بۇتساتۋاغا سېغىنىپ تۇرىدىغان قاتتىق ئېتىقادلىق كىشى ئىدى. مەن ئەھۋالىمنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن بىر پارچە خەنزۇچە ئىلتىماس يېزىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈۋېدىم، ئۇ تەكلىپىمنى رەت قىلماي ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ بىر پارچە ئىلتىماس يېزىپ بەردى. مەن بۇ ئىلتىماسنى قانداق قىلىپ فېرما باشلىقىغا بېرىش ئۈستىدە باش قاتۇردۇم. فېرما باشلىقى شۇ ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغان ئادەم ئىدى. مەن ئۇ تازا پەيزى قىلىپ ھاراق ئىچىۋاتقان پەيتنى تاللاپ، ئۇ راسا كەيپ سۇرۇۋاتقان چاغدا كىرىپ

ئىلتىماسىمنى ئۇنىڭغا سۇنۇۋىدىم، ئۇ ئىلتىماسىمغا بىر قۇر قاراپ قويۇپ سەۋەبىنى سورۇشتۇرمەيلا تەستىقلاپ بەردى. ئەتىسى مەن بۇ تەستىقلانغان ئىلتىماسىمنى ئېلىپ ئۇرۇمچى قورۇلۇش نازارىتى چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقىغا يەتكۈزدۇم. ئۇمۇ ئىلتىماسىمنى كۆرۈپ كېچىكتۇرمەيلا غۇلجا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسىغا قارىتىپ ئالاقە يېزىپ بەردى. مەن خۇشاللىقىمدا ئارقامغا قارىماي توپتوغرا نەنسەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. خىزمىتىمنىڭ يۆتكىلىدىغانلىقىنى خىزمەتداشلىرىمدىن مەخپىي تۇتتۇم.

1943 - يىل 10 - ئاينىڭ بېشىدا روشەن بىلەن ئىككىمىز غۇلجىغا كەتتۇق. غۇلجىغا بېرىپ توپادەڭدىكى چوڭ ئۆيگە چۈشتۇق. ئاتا - ئانام بىزنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. بىز چوڭ ئۆيدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا غۇلجا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسىغا بېرىپ خىزمەت يۆتكىلىش رەسمىيىتىمنى ئۆتىدىم. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى مېنى دۆڭ مەھەللە زايۇمكىدىكى سۈتچىلىك فېرمىسىغا تېخنىك قىلىپ بەلگىلىدى. مەن خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ بولۇپ دۆڭ مەھەللىدىكى ھاشىر ئاخۇن دېگەن باينىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ،

توپادەڭدىكى چوڭ ئۆيدىن ئۆيۈمنى شۇ يەرگە كۆچۈرۈپ بېرىپ، زايۇمكىدىكى سۈت فېرمىسىدا ئىشلىدىم.

بۇ مەزگىللەردە غۇلجا شەھىرىنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى جىددىي بولۇپ، خەلق ئىچىدە ئىلقا پارتىزانلىرى ئىلقىدىكى قاراسۇدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ زور غەلىبە قازىنىپ ئىلقا ناھىيىسىنى ئازاد قىلىپتۇ، دېگەن سۆزلەر تارقىلىپ يۈردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى غۇلجا شەھىرى خەلقىنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، خەلقنى: «ئىلقىدىكى ئىش ئىلقىدىكى ‹ ئالتە ئوغرى› نىڭ ئىشى، بىز ئۇلارنى يوقىتىۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئۆسەك سۆزىگە ئىشەنمەڭلار» دەپ ئالداپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىشقا ئالدىرايتتى. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىم، بۇ ئەسلىمەمنى يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مەن بىلەن قىرىق سەككىز يىل بىللە ئۆتكەن قەدىرلىك مەرھۇم ئايالىم روشەن ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆزلەشنى لايىق كۆردۈم.

مەن روشەن بىلەن قىرىق سەككىز يىللىق تۇرمۇش جەريانىدا جاپادىمۇ ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، ئىككى ئوغۇل، ئۈچ قىز جەمئىي بەش باللىق بولدۇم. مەرھۇم ئايالىم روشەن 1990 - يىل 7 - ئاينىڭ7- كۈنى مېڭە قان تومۇرى تارىيىش كېسىلى بىلەن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئاتمىش ئۈچ يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

مەرھۇم مېنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن قىرىق سەككىز يىللىق ھايات مۇساپىسىدە باللارنى تۇغۇپ چوڭ قىلىپ، ياخشى تەربىيىلەپ، ئوغۇللارنى ئۆز قولى بىلەن ئۆيلەپ، قىزلارنى ئۆزى ئۇستىدە تۇرۇپ تۇرمۇشلۇق قىلىپ ئالەمدىن خاتىرجەم كەتتى.

مەن بۇ ئەسلىمەمدە مەرھۇمنىڭ ئائىلىمىزگە سىڭدۈرگەن ئەجىر - تۆھپىسىنى ئەسلىمەي تۇرالمايمەن. ئۇ مېنىڭ خىزمىتىمنى باشتىن - ئاخىر قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ كەلدى. مەن 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ 1946 - يىل 7- ئايدا غۇلجىغا قايتىپ كەلگۈچە مەرھۇم بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلسا، بىر تەرەپتىن باللارنى تەربىيىلەپ ھەقىقەتەن كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى.

مېنىڭ ھاياتىمدىكى مۇتلەق كۆپ ۋاقتىم ھەربىي تۇرمۇشتا بولغانلىقتىن، كۆپ چاغلاردا سىرتتا بولاتتىم. ئۇ مېنىڭ ئائىلىدە بار - يوقلۇقىمنى بىلىندۈرمەي، تۇرمۇشتا قىينالسىمۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ باللارغا ياخشى ئەدەب - ئەخلاق، قائىدىلەرنى ئۆگىتىپ، ئاخىرىدا بەش باللىنىڭ يارامىلىق، ساپالىق بولۇپ يېتىلىشىگە زور تۆھپە قوشتى. بۇ مەن ۋە پۈتۈن جەمئىيەت ئېتىراپ قىلىدىغان رېئاللىقتۇر.

مەرھۇم ۋاپات بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن،

بالىلىرىم مېنىڭ يالغۇز قالغانلىقىمنى، مەن ئاغرىپ- سىلاپ قالسام خىزمەتلىرىنىڭ ئالدىراشلىقى بىلەن مېنىڭ ھالىمدىن ۋاقتىدا خەۋەر ئالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، شۇنداقلا مەرھۇم ئانىسىنىڭ ھايات چېغىدىكى «داداڭلارنى يالغۇز قويماڭلار، مەندىن كېيىن قالسا بېشىنى ئوڭشاپ قويۇڭلار» دېگەن ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ماڭا بىر لايىق تېپىپ بېرىشنى ئېيتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ يالغۇزسىراپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلىپ بالىلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلدۇم ۋە قىزلىرىم بىلەن بىرگە غۇلجىغا بېرىپ بالىلارنىڭ تاللىشى، شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ كۆڭلۈمگە لايىق كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 1991 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى غۇلجىدا ھازىرقى ئايالىم رەنا مامۇت بىلەن تۇرمۇش قۇردۇم.

مانا ھازىر مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرغىلى توققۇز يىل بولدى. مېنىڭ تۇرمۇشىم خاتىرجەم، ئىناق ۋەمەنىلىك ئۆتۈۋاتىدۇ. بۇ توققۇز يىل جەريانىدا مەن كۆپ قېتىم ئاغرىپ- سىلاپ قېلىپ بىر نەچچە قېتىم چوڭ ئوپېراتسىيىلەردە بولدۇم. بۇ جەرياندا رەنا مەندىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماي كېچە - كۈندۈز ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى. مېنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ياخشى ئوزۇقلىنىشىم، دورامنى ۋاقتىدا ئىچىشىم، ئۆز ۋاقتىدا ئوكۇل ئۇرغۇزۇشۇم، تۇرمۇشۇمنىڭ رىتىملىق

بولۇشى ئۇچۇن رەنا ھەممە ئىشلارنى تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇردى. ھازىر يېشىم سەكسەنگە بېرىپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ يەنىلا شۇنداق روھلۇق، ساغلام، مەزمۇت ياشاۋاتقانلىقىمنى ئەلۋەتتە رەنانىڭ ئەجرىدىن ۋە كۆڭۈل قويۇپ ياخشى كۇتۇشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، رەنا مېنىڭ باللىرىم بىلەنمۇ ناھايىتى ئىناق ئۆتۈۋاتىدۇ. قىزلىرىمنىڭ بىرسى: «دادا، رەنا ھەدەم بىلەن ئوتتۇز يىل بىرگە ئۆتكەن قەدىناسلاردەك ئۆتۈۋاتىسلەر، بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال ۋە خاتىرجەم» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەنمۇ خۇرسەن بولدۇم. مەن ياشلىقىمدا قانداق بەختلىك ياشىغان بولسام، ھازىرمۇ ئايالىم ۋە باللىرىم بىلەن شۇنداق بەختلىك ياشاۋاتىمەن.

# ئىككىنچى قىسىم

## ئىنقىلابقا قاتنىشىش

1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىدى. مەن ئاتا - ئانامنى يوقلاپ توپادەڭدىكى چوڭ ئۆيگە كەلدىم. چوڭلار بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ كەچ بولۇپ كەتتى. ئۇ چاغلاردا غولجا شەھىرىدە كەچتە مېڭىش مەنئى قىلىنغانىدى. مەن ئۆيۈمگە قايتماي شۇ يەردە قونۇپ قالدىم. ئەتىسى تاڭ سەھەردە دادام بامدات نامىزىغا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ مېنى ئويغىتىۋەتتى. دەل شۇ چاغدا مەن ئورنىمدا يېتىپ ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. دۈپۈرلىگەن تۇياق ئاۋازى بارا - بارا يېقىنلىشىپ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇلار ئۆيىمىزدە چىراغ يېقىلغانلىقىنى كۆرۈپ دەرۋازىنى قاقتى ۋە: «دەرۋازىنى ئېچىڭلار، بىز ئۆز ئادەملەر» دەپ پەس ئاۋازدا چاقىردى. بۇ چاغدا دادام ئاللىقاچان هويلىغا چىقىپ بولغانىدى. دادام

دەرۋازىنىڭ يېنىغا كېلىپ، دەرۋازا يوچۇقىدىن: «سىلەر كىم، نېمە ئىشىڭلار بار؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇلاردىن بىرسى پەس ئاۋازدا: «بوۋا، بىز نىلقا پارتىزانلىرى، غېنىكام بىز بىللە، دەرۋازىڭىزنى ئېچىڭ» دېدى. دادام زەنجىرنى ئاستا چۇشۇرۇپ دەرۋازىنى ئېچىۋىدى، يەتتە - سەككىز ئاتلىق كىشى ھويلىغا كىردى. ئۇلاردىن بىرسى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا دادامغا: «بوۋا، دەرۋازىنى چاققان تاقاپ قويۇڭ» دېدى. مەن ئۆيدە ئىچ كىيىملىرىم بىلەن ئىچكىرى ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ئۇلارنى كۆرۈپ تۇراتتىم. يەنە بىر توپ ئاتلىق ئادەملەرنىڭ يېنىمىزدىكى قوشنا قورۇغا كىرىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. ئۇلارمۇ يەنە بىر توپ ئاتلىق پارتىزانلار ئىكەن. ئۇلار چاققان ھەرىكەت قىلىپ، بوش ئاۋازدا گەپ قىلىپ ئىلاجى بار شەپە چىقارماسلىققا تىرىشاتتى.

ئۇلار دالان ئۆيگە كىرىشىگە، مەنمۇ كىيىم - كېچەكلىرىمنى كىيىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ دالان ئۆيگە چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈم. دادام ئۇلارنىڭ سىرلىق قاراشلىرىدىن بىر نېمىنى سەزدى بولغاي، دەرھال: «ھېچگەپ يوق، بۇ مېنىڭ كەنجى ئوغلۇم زاھىر» دەپ تونۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارمۇ، قازاقلارمۇ بار ئىدى. مەن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇلار

ئازراق كۆسۆرلاشقاندىن كېيىن، ئۈچ ئادەمنى ئۆيدە قالدۇرۇپ قالغانلىرى ھويلىدىن غىپپىدە سىرتقا چىقتى-دە، خەنزۇ بازىرى تەرەپكە ئات سېلىپ كەتتى. ئۆيدە قالغانلىرى دادام بىلەن تاغدىن - باغدىن پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئارىدىن بەلكىم ئىككى سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەن بولۇشى كېرەك، ھېلىقى ئاتلىق چىقىپ كەتكەن پارتىزانلار ئىككى ئايالنى ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ياشىنىپ قالغان، يەنە بىرسى ياش ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. پارتىزانلار بۇ ئىككى ئايالنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، دادام پارتىزانلارغا قاراپ: «باللىرىم، غېنى دېگەن قايسىڭلار، مەن كۆرۈۋالاي» دېدى. پارتىزاندىن بىرسى ئېگىز بويلۇق، تەمبەل بىر ئادەمنى ئىما قىلىپ، غېنىكام ئاشۇ كىشى بولىدۇ، دېدى. بىر قازاق يىگىت قازاق تىلىدا قوشۇمچە قىلىپ: «باباي سېنكىي كۆرۈۋالسىڭىز، قاينام دېگەن باتۇر ئوسوكىشى بولادى» دېدى. غېنىكام دادامنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالاملىشىپ دادامنىڭ ئاپئاق ئۇزۇن ساقىلىغا زوق بىلەن قاراپ كەتتى - دە، «بوۋا سىلىنىڭ ئىسمىلىرى نېمە؟» دەپ سورىدى. دادام دەرھال مېنىڭ ئىسمىم نىزامىدىن، بۇ مېنىڭ تۆتىنچى ئوغلۇم تاھىر دەپ تاھىر ئاكامنى تونۇشتۇردى ۋە

ئارقىدىنلا بۇ كەنجى ئوغلۇم زاھىر، ئۈرۈمچىدە چوڭ مەكتەپتە ئوقۇپ كەلدى. ھازىر دۆڭ مەھەللە زايۇمكا دېگەن يەردە چارۋىچىلىق پونكىتى دەمدۇ، ئەيتاۋۇر شۇ يەردە ئىشلەيدۇ. ئۆيى دۆڭ مەھەللىدە، تۇنۇگۈن مېنى يوقلاپ كېلىپ كەچ بولۇپ كېتىپ قونۇپ قالغانىدى، دېدى. تاھىر ئاكام بىلەن ئىككىمىز دەرھال غېنىكامنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپ كۆرۈشتۇق. مەن بۇرۇن خەقلەردىن «غېنى ئوغرى» بەك يوغان ئادەم، تورپاقنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ كېتىدۇ، دېگەن گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. غېنىكام راستتىنلا بەستلىك، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن باتۇر ئادەم ئىكەن، كىشىگە بەكمۇ سۈرلۈك كۆرۈنىدىكەن. دادام يەنە غېنىكامدىن بۇ خانىملار كىم بولىدۇ، دەپ سورىدى. غېنىكام دەرھاللا بوۋا سىلى «فاتىخ مۇسلىموف» دېگەن كىشى ھەققىدە ئاڭلىغانمۇ؟ بۇ موماي شۇ نوغاي ئاغىنىمىزنىڭ ئانىسى، بۇ كېلىنچەك ئۇنىڭ خانىمى بولىدۇ، دەپ تونۇشتۇردى. بالام بۇلارنى قەيەردىن ئېلىپ كەلدىڭلار، قارىغاندا بۇ خانىملار قاتتىق قورقۇپ كەتكەندەك تۇرىدۇ، دەپ يەنە سوئال قويدى. گومىنداڭچىلار فاتىخنى تۇتالماي، فاتىخنى تېپىپ بېرىسەن دەپ ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن خانىمىنى گۆرۈگە ئېلىپ، توپادەڭدىكى بۇرۇنقى پەرەڭ دوختۇرخانىسىنىڭ يوغان قورۇسىغا «تۈرمە» ياساپ، ئۇلارنى شۇ

يەرگە سولاپ قويغانىكەن. بىز يوشۇرۇنلۇقچە تۇيۇقسىز
ھۇجۇم قىلىپ، قاراۋۇللارنى جايلىۋېتىپ، ئۇلارنى
قۇتۇلدۇرۇپ چىقتۇق. شۇڭا، بۇ خانىملار قاتتىق
قورقۇپ كېتىپتۇ، دەپ چۈشەندۈردى دادامغا غېنىكام.

دادام شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارغا ئاق يول
تىلەپ دۇئا قىلدى. ئانام داستىخان راسلاپ،
ساماۋاردىن قايناپ تۇرغان ئىسسىق چاينى قۇيۇپ
ئۇلارغا چاي بېرىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئاسماندا قوش قانات
ئايروپىلاننىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ
ۋاقىتتا كۈن چىقىپ يەر-جاھان يورۇپ كەتكەنىدى.
ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، بىزنىڭ قورۇ بىلەن
قوشنىمىزنىڭ قورۇسىغا، ئۆگزىلەرگە مۆلدۈردەك ئوق
يېغىشقا باشلىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
غالجىرلىشىپ پارتىزانلار چۈشكەن ئۆيلەرنى ئوققا
تۇتۇۋاتاتتى. غېنىكام ئىچىۋاتقان چېيىنى قويدى-دە،
ئورنىدىن دەس تۇرۇپ پارتىزانلارغا مەھەللىدىن تېز
چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇق بەردى. ئۇلار ئاتلىرىنى
مىنىپ يولغا چىقىشقا تەييارلاندى. بۇ چاغدا مەن
ھاياجىنىمنى باسالماي، دادامدىن دادا ئۆيدىكى ھارۋا
ئېتىنى ماڭا بەرگىن، مەنمۇ غېنىكاملار بىلەن بىرگە
كېتەي، دەپ ئۆتۈندۈم. دادام مەندىن شۇ گەپنى كۈتۈپ
تۇرغاندەك، بار بالام بار، ئوغۇل بالا دېگەن مانا شۇنداق
بولىدۇ، دەپ دەرھاللا ھارۋا ئېتىنى ماڭا ئېگەرلەپ

بەردى ۋە كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، خۇداغا ئامانەت بالام، ئۆزۈڭگە پەخەس بول، دەپ پېشانەمگە بىرنى سۆيۈپ قويدى. گاڭگىراپ قالغان ئانام يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ، جېنىم بالام، سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم، ئايالىڭ روشەنبۇۋىدىن خاتىرجەم بول، بىز ھالىدىن خەۋەر ئالىمىز، دەپ ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى. مەن ئانامنىڭ قۇچىقىدىن مىڭ تەسلىكتە ئاجراپ، كەينىمگە قارىماي يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاتقا مىنىپ غېنىكامغا قارىدىم. غېنىكام ماڭا زوقلىنىپ ھاياجان بىلەن «يارايسەن يىگىت» دەپ مۈرەمگە بىرنى قويدى ھەمدە دادامغا قاراپ: «بوۋا بىزگە ئاق يول تىلىسىلە» دەپ، قورۇغا قانداق تېز كىرگەن بولسا شۇنداق تېز چىقىپ كەتتى. مەنمۇ كۆك بوز ئېتىمنى مىنىپ پارتىزانلارغا ئەگىشىپ يۈرۈپ كەتتىم. شۇ كۈندىن باشلاپ بىر ئاددىي پارتىزان بولۇپ ئىنقىلابىي كۈرەش قوينىدا تاۋلىنىشقا باشلىدىم.

قەلبىمدە ئۇزۇندىن بۇيان بىر ئوت يالقۇنجايتتى. مەن ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى باش - ئايىغى يوق تىنىمسىز داۋالغۇشلار، ئېزىش - ئېزىلىش، خەلقنىڭ ئاھ - زارى، بايلارنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشى قەلبىمدە بىر ۋولقان ياسىغان بولسا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقى، جاللات شېڭ شىسەينىڭ قىرغىنچىلىقى، كەڭ زىيالىيلارنى،

ئوقۇغۇچىلارنى يولسىز تۇتقۇن قىلىش ، ئوچۇق - ئاشكارا ۋە خۇپيانە ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق زەرىل ھەرىكەتلىرى قەلبىمگە كۈرەش ئۇرۇقىنى چاچقانىدى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 2 - دۇنيائۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئۆز ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىش ، گېتلىر گېرمانىيىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشتەك ئىنقىلابىي روھى مېنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىشقا ئۈندەيتتى، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئۆز جېنىمنى پىدا قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم.

بىز شۇ كۈنى يەنى 1944 - يىلى 11- ئاينىڭ 6- كۈنى سەھەردە غېنىكامىنىڭ پارتىزانلىرى بىلەن بىرگە كېچەكيۈزى مەھەللىسى ئارقىلىق تۇرپانيۈزى تەرەپكە چىقىپ كەتتۇق. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئايروپىلانى ئۈستىمىزدىن تىنىمسىز ئۇچۇپ بىر مەھەل ئوق ياغدۇردى. ئۇلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى نىشانسىز ئىدى. بىز تۇرپانيۈزىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ پىلچى خاڭ تېغىنىڭ جىلغىسىغا ساق - سالامەت يېتىۋالدۇق.

مەن ئۆيدىن ئايرىلىپ خېلى ۋاقىتلارغىچە دادامنىڭ ۋە ئايالىمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالالماي ناھايىتى ئەنسىرەپ يۈردۈم. لېكىن، بۇنداق جىددىي شارائىتتا ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋەزىيەت ئىنتايىن كەسكىن، شەھەر ئىچىدە جىددىي ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى. 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

كەچتە، غېنىكامىنىڭ قوشۇنى نىلقىدىن كەلگەن يەنە بىر تۈركۈم پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن ئۇچراشتى.
غېنىكامىنىڭ پارتىزانلىرى يەنى بىز شەھەرگە كىرىپ، ئالتىشۇئار مەھەللىسىدە يوشۇرۇنۇپ بۇيرۇق كۈتۈپ ياتتۇق. ئۇ كېۈنلەردە هاۋا ئوبدانلا سوغۇق بولۇپ، ئېرىقتىكى سۇلار نېپىز بىر قەۋەت مۇز تۇتقان. پارتىزانلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى يېپىنىڭ بولۇپ، كېچىنىڭ ئاچچىق سوغۇق شامىلى جاندىن ئۆتەتتى. تاڭ ئېتىش ئالدىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە ئالېكساندىروف (ئاق ئورۇس) نىڭ ئوغلى ۋاليوتكا بىلەن بىر تۈركۈم قوراللىق پارتىزانلار قورغاس چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، تاغ يولى بىلەن غۇلجا شەھىرى ئالتىشۇئار مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى.

1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سەھەردە، پارتىزانلار بىر قانچە يۆنىلىشتىن شەھەرگە هۇجۇم قوزغىدى. گومىنداڭنىڭ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى، ۋالىي مەهكىمىسى، قوماندانلىق شتابى، ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا تۇقتىلىق هالدا تۇيۇقسىز زەربە بېرىلدى، جەڭ ئۇدا بەش كۈن ئېلىپ بېرىلدى. ئاشۇ كۈنلەردە مەن غېنىكاملار توپىدىن ئايرىلىپ، هەرەمباغلىق ئابلىمىتنىڭ پارتىزانلىق قوشۇنىغا قوشۇلۇپ كەتتىم. ئابلىمىت بىلەن بۇرۇندىن ياخشى تونۇش بولغاچقا، ئۇ ماڭا بىر دانە مىلتىق

بەردى. ئابلىمىت ئەسلىدە شىڭ شىسەينىڭ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان بولۇپ، ھازىر بىر پارتىزانلار قوشۇنىنىڭ باشلىقى ئىكەن. پارتىزانلارنىڭ پىلانلىق، شىددەتلىك، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا، بەش كۈن ئىچىدىلا گومىنداڭنىڭ قوماندانلىق شتابى، ۋالىي مەھكىمىسى، باش ساقچى ئىدارىسى، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى، ئىسكىلات، ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۇن زاۋۇتى قاتارلىق جايلار ئىشغال قىلىندى. بۇ ۋاقىتتا، گومىنداڭنىڭ نىلقا پارتىزانلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىدىن نىلقىغا كەتكەن غوللۇق كۈچى قايتىپ كېلىپ، شەھەرگە كىرەلمەي، لياڭشاڭ بۇتخانىسى ئارقىلىق ئايرودرومنى ساقلاۋاتقان قوشۇنلىرىغا قوشۇلۇپ مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە، ئابلىمىت باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار قوشۇنى باشقا پارتىزانلار بىلەن بىرلىكتە يېڭى ھايات مەھەللىسىدىن لياڭشاڭ بۇتخانىسىدىكى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلدى. لياڭشاڭ بۇتخانىسى قېلىن قارىياغاچلىق ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، يەر شارائىتى ھۇجۇم قىلىشىمىزغا قولايسىز ئىدى. شۇڭا، بىز دۈشمەننى قورشىۋېلىپ سىرتقا چىقارمىدۇق. پۈتۈن شەھەر خەلقى بىراقلا قوزغىلىپ، تاياق - توقماق كۆتۈرۈپ، ھۇررا تووۋلاپ، گومىنداڭغا قارشى دولقۇن ھاسىل قىلدى. غۇلجا پارتىزانلىرى ۋە نىلقا

پارتىزانلىرى، سوۋېت پارتىزانلىرى بىرلىكتە شەھەرنى تولۇق ئىشغال قىلىپ، ئايرىم- ئايرىم ھالدا ھەرەمباغ، ئايرودروم، لياڭشاڭ بۇتخانىسىدىن ئىبارەت دۈشمەننىڭ ئۈچ مۇھىم نۇقتىسىنى قاتتىق قامال قىلىپ، ئۇلارنى قاچالمايدىغان، ئالاقىلىشالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى غۇلجىدا ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. 1945 - يىل 2 - ئايدىن باشلاپ تارقاق پارتىزانلار قوشۇننى پولك (تۈەن) قىلىپ تەشكىللەش ئىشى باشلاندى. پارتىزانلار ۋە ياشلار ئىختىيارىي ھالدا ئۆزلىرىنى ئەسكەرلىككە تىزىملىتىشقا كىرىشىپ كەتتى. مەنمۇ بىر قانچە ياش بىلەن بىرلىكتە رەسمىي ئەسكەرلىككە تىزىملاش ئورنىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇردۇم. تىزىمغا ئالدۇرىدىغان ئورۇن ئېكسپېدىتسىيە چوڭ قورۇسىدا ئىدى. مېنى بىر رۇس تىزىمغا ئالدى، ئۇ مەندىن «ئىسىم - فامىلەڭ نېمە؟» دەپ سورىدى. مەن «ئىسمىم زاھىر، دادامنىڭ ئىسمى نىزامىدىن، فامىلەم ساھاۋۇدۇن» دېدىم. قولۇمغا بىر پارچە قەغەزنى بېرىپ، گىمنازىيە ئالدىدىكى ئىسكىلاتقا بېرىپ ئۆزۈڭنى تىزىمغا ئالدۇر، دېدى. ئۇ يەرگە بارسام، ھېلىقى تونۇشۇم ئابلىمىت يېڭى تەشكىل قىلىنغان باتالىيون (يىڭ) نىڭ كوماندىرى ئىكەن. ئۇ مېنى

كۆرۈپلا ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە يەنە بىرگە بولدۇق دېدى. مەن باتالىيوننىڭ كاتىپى بولدۇم. كېيىن مەلۇم بولۇشچە، مېنى تىزىملىغان رۇس مېنى باتالىيونغا يوللىغاندا فامىلەمنى «ساھاۋۇدۇن» دەپ يازماي، «ساۋدانوف» دەپ يازغانىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن فامىلەم «ساۋدانوف» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

مەن كېيىن دىۋىزىيونغا ناچالنىك شتاب باشلىقى بولدۇم. بىر ئىش ھازىرمۇ ئېسىمدە. ئايرودرومنى مۇھاسىرىگە ئالىدىغان چاغدا ئابلىمىت مەن بىلەن ئۇنىغا يېقىن پارتىزاننى ئايرودرومغا بېرىپ باشقا پارتىزانلارغا ياردەم بېرەيلى دەپ باشلاپ ماڭدى. ئابلىمىتنىڭ قولىدا بىر ئاپتومات، قالغانلىرىمىزنىڭ قولىدا گېرمانىكا مىلتىق بار ئىدى. قىش كۈنى ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. بىز جۇۋا، پىيما كىيىكلىك ئىدۇق. ئۇ يەرگە ئايرودرومنىڭ غەرب تەرىپىدىن يېقىنلاپ باردۇق. بەزى جايلاردا يەر بېغىرلاپ ماڭدۇق. بىز دۈشمەن پوتىيىگە يېقىن بارغاندا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يان تەرىپىمىزدىن پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتتى. بىزمۇ دەرھال ئۆزىمىزنى دالدىغا ئېلىپ ئۇلارغا ئوق چىقاردۇق. يېنىمدىكى ئىككى بالا يان تەرەپكە ئۆتۈش ئۈچۈن يەر بېغىرلاپ كېتىۋاتقاندا دۈشمەن تاشلىغان گرانات يېنىمىزدا «گۈم» قىلىپ پارتلىدى. مەن يەرگە

دۇم يېتىۋالدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي سول پاقالچىقىمغا ئىسسىق بىر نەرسە تەككەندەك بولدى، پاقالچىقىم سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى. پىيامنى سىلىپ قارىسام، دۈشمەن تاشلىغان گراناتنىڭ پارچىسى پىيامنى تېشىپ ئۆتۈپ پاقالچىقىمنىڭ بولجۇڭ گۆشىدە توختاپ قالغانىكەن. يېنىمدىكى ئىككى بالىنىڭ بىرسىنىڭ يانپىشىغا گرانات پارچىسى تېگىپ يارىلىنىپتۇ، يەنە بىرسى ساق ئىكەن. ئۈچىمىز ئۆمىلەپ قوپۇپ، بىر - بىرىمىزنى يۆلەشتۈرۈپ كېتىۋاتاتتۇق. ئابلىمىت باشقا بىر قانچە پارتىزان بىلەن كېلىپ بىزنى ئىسكىلاتقا، يەنى گازارمىغا ئېلىپ كەتتى. سول پاقالچىقىمدىكى بىر قانچە تاتۇق تارىخنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە تا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلدى. ھەر قېتىم بۇ تاتۇقلارنى كۆرگىنىمدە، ئايرودرومنى ئىشغال قىلىش جېڭى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ.

يەنە بىر كۈنى ئابلىمىت بىر قانچە پارتىزاننى ھەرەمباغدىكى شاھاجى بېغىغا ئېلىپ باردى. ئۇ يەردە تامدىن تۆشۈك تېشىپ ھەرەمباغقا ئوق ئاتتۇق. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىمۇ دەرھال ئوت كۈچىنى بىزگە مەركەزلەشتۈردى. بىر ھەمشىرە تامنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى يارىلانغان بىر پارتىزاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ يارىدارنى ھاپاش قىلىپ كېتىۋاتقاندا ئارقىسىدىن ئېتىلغان دۈشمەن ئوقى تېگىپ

يەرگە يىقىلدى. ئۇ تىرمىشىپ يۈرۈپ مىڭبىر تەسلىكتە بىز تەرەپكە ئۆتتى. بىراق، قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئىنتايىن ھالسىزلىنىپ كەتكەنىدى. بىز باشقا بىر ھەمشىرىنى چاقىردۇق. ئۈنىڭغىچە بۇ ئۆڭى ئاق، يۇمىلاق يۈزلۈك قەيسەر قىز بۇلاقتەك كۆزلىرىنى يوغان بىر ئاچتى - دە، بېشى ساڭگىلاپ چۈشتى. ئۇنىڭ كۆزىنى بىر ئېچىپ، بىر يۇمۇشى پارتىزانلار ۋە بۇ ئالەم بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىشى ئىدى. بۇ قىز ئىنقىلاب پارتلاش بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئىنقىلاب يولىغا، يەنى خەلقنى ئازاد قىلىش يولىغا بارلىقىنى بېغىشلىغان، ياش ھاياتىنى شۇ يولدا قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان قىلغان تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر ھەمشىرە رىزۋانگۇل ئىدى.

جەڭ يەنىلا قاتتىق ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى، بۇ قەھرىمان قىزنىڭ جاسارىتى جەڭچىلەرنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇردى. ھەرەمباغدىكى جەڭ تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. ئاتمىش نەچچە كۈن مۇھاسىرىدە تۇرغان ھەرەمباغ ئايرودرومى 1945 - يىل 2 - ئايدا تولۇق ئازاد قىلىندى. ئەسىرگە چۈشكەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ۋە باشلىقلىرى بىر ئورۇنغا توپلاپ قوغدالدى.

1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيە قۇرۇلدى. يېڭى قۇرۇلغان غۇلجا پىيادە

4 ـ زاپاس پولكقا قېيۇم بەگ خوجا (ھېكىمبەگ غوجىنىڭ ئوغلى) پولك كوماندىرى بولدى. بىزنىڭ ئاتلىق دىۋىزىيون 4 ـ زاپاس پىيادە پولكىنىڭ 3 ـ باتاليونى بولۇپ ئۆزگەرتىلدى. باتاليون كوماندىرى ئابلىمىت باشقا خىزمەتكە بەلگىلەندى. ئۇنىڭ ئورنىغا گېنرال پولنوف بىلەن بىرگە كەلگەن ئۈچ دەرۋازىلىق دوگان سوپۇيوف ھېسامىدىن باتاليون كوماندىرى بولدى. مەن يەنىلا 3 ـ باتاليوننىڭ ناچالنىك شتاب باشلىقى بولدۇم. بىز بۇرۇنقى ئاتلىق دىۋىزىيون تۇرغان ئىسكىلاتتا تۇردۇق.

1945 ـ يىل 2 ـ ئايغا كەلگەندە ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق جىڭ ناھىيىسىدىن باشقا ناھىيىلەر تولۇق ئازاد قىلىندى. 1945 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا 3 ـ باتاليونغا خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان بىر كۈچلۈك ئاتلىق ئىسكادرون (ليەن) ھەققىدە قايتىپ قوشۇلدى. بىز ئۇلارنى داغدۇغىلىق قارشى ئالدۇق. ئۇلار جەمئىي توقسان ئالتە كىشى بولۇپ، ئىچىدە بىر ئايال بار ئىدى. ئىسكادرون كوماندىرى سوپاخۇن ئىكەن. قول ئاستىدىكىلەر ئۇنى «سوپى ليەنجاڭ» دەيدىكەن. ھېلىقى ئايالنىڭ ئىسمى تۇخان بولۇپ، ئۇ سوپى ليەنجاڭنىڭ ئايالى ئىكەن. ئىسكادروندىكى كوماندىر، ئەسكەرلەر گومىنداڭنىڭ فورمىسىنى كىيگەن، پۇتلىرىغا سۇس كۆل رەڭ گوجا ئورىغانىدى.

شەپكىسىدىكى گومىنداڭنىڭ «12 يۇلتۇزلۇق» ئارمىيە
گېربىي يۇلۇۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىزناسى
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرى قىمار
ئويناشتەك يامان ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالغان بولۇپ، مەن
ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇراتتىم.
تەكشۈرۈشتە ئۇلارنىڭ ياتىقىدىن قارتا، ئوشۇق،
دۇدۇيزە (بەزىلىرىنىڭ نامىنى بىلمەيمەن) قاتارلىق
قىمار ئوينايدىغان نەرسىلەرنى مۇسادىرە قىلىۋالدىم.
كېيىن ئىنقىلابىي قوشۇندا قىمار ئويناشقا رۇخسەت
قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، بۇ يامان
ئادەتلەرنى ئاستا - ئاستا تاشلاتقۇزدۇق. ئاز كۈندىن
كېيىن، ئىسكادروندىكى بارلىق ئادەمگە مىللىي ئارمىيە
فورمىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

بۇ ئىسكادرون ئەسلى گومىنداڭنىڭ مايتاغدا
تۇرۇشلۇق مىللىي ئىسكادرونى ئىدى. ئۇلار
سوپاخۇننىڭ باشچىلىقىدا گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈپ، مايتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونغا بېرىپ
ئۇياق - بۇياقنى ئايلىنىپ گومىنداڭنى قايمۇقتۇرۇپ،
مايتاغنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بەش خورجا تەرەپكە
يۈرۈش قىلىپ، بىر تەرەپتىن قوغلاپ كېلىۋاتقان
گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، بىر
تەرەپتىن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاخىر قىزىل تۈز ئارقىلىق
بورتالاغا يېتىپ بېرىپ، توختى ئىدلىموفنىڭ

پارتىزانلىرىغا قوشۇلغان. قىزىل تۇز ۋە بورتالادىكى پارتىزانلار ئۇلارنى غۇلجىغا باشلاپ كەلگەن. ئۇلارغۇلجا شەھىرىگە كىرگەندە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۆز قوراللىرى ۋە ئاتلىرى بىلەن غۇلجا زاپاس 4 - پولكنىڭ 3 - باتاليونىغا قوشۇپ بەردى.

4 - پولك ئالدىنقى سەپكە يۆتكەلگەندە، سوپاخۇننىڭ ئىسكادرونى ئۆز ئورنىدا قېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىنى قىلدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا مەزكۇر ئىسكادرون ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، داموللارازىلارنىڭ باشچىلىقىدا قارلىق تاغلاردىن ئۆتۈپ جەنۇبقا يۈرۈپ كەتتى.

# ئۈچىنچى قىسىم

## ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىش

1945 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى پۈتۈن پولكبويىچەئو- قۇلدى، جەڭچىلەرشادلانغانلىقىدىن «ئۇررا، ئۇررا. . .» دەپ توۋلاشتى. زاپاس 4- پولكتىكى جەڭچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى چەترايون، يېزىلاردىن كەلگەن ئوت يۈرەك ياشلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ جەڭگە قاتنىشىپ، جىڭ، شىخۇنى ئازاد قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلار خۇددى بەيگىگە چۈشۈش ئۈچۈن كىشنەپ تۇرغان ئارغىماققا ئوخشايتتى. جەڭچىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن سەكرىشىپ، جەسۇرانە قىياپەتتە سەپەرگە يۈرۈپ كەتتى.

سەپەرنىڭ بىرىنچى كۈنى كۈرەگە يېتىپ كېلىپ ئۈچ كۈن ئارام ئېلىش ـ تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ باردۇق. 4 ـ كۈنى كەڭسايغا قاراپ يولغا چىقتۇق. قىسىم كەڭساي ئېغىزىغا كەلگەندە دەم ئېلىشقا سىگنال

چېلىندى. ھەممىمىز كەڭسايىنىڭ سۈزۈك، مۇزدەك
سۈيىنى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىپ، يۈز - كۆزلىرىمىزنى
يۇيۇپ راسا راھەتلەندۇق. يولغا چىقىش سىگنالى
چېلىندى. ئوفىتسېر ، جەڭچىلەر پىيادە
كېتىۋاتاتتۇق. جەڭچىلەرنىڭ يۈك - تاقلىرى خېلى
ئېغىر بولۇپ، مىلتىق، يېتەرلىك ئوق- دورا،
گرانات، يېپىنچا ، ئوزۇقلۇق بولۇپ جەمئىي يىگىرمە
بەش كىلوگرام كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز داۋان
ئېشىپ كېتىپ بارغاچقا سۈرئىتىمىز ئاستا ئىدى. كەچ
كىرەي دېگەندە كەڭساي ئىچىدىكى يول ئاسراش
پونكىتىغا يېتىپ كەلدۇق. يول ئاسراش پونكىتى شىڭ
شىسەي ۋاقتىدا بۇ يەرگە ياغاچتا ياسىلىپ چوڭ بىر
قونالغۇ بولۇپ قالغانىدى. بۇ قېتىم بۇ يەردە بىر كۈن
ئوبدان دەم ئېلىۋېلىپ، ئەتىسى يولغا چىقىپ، ئۇدا
ئىككى كۈن جاپا - مۇشەققەتلىك سەپەرنى بېسىپ سايرام
بويىدىكى سۇمپۇتۇزا دېگەن جايغا كېلىپ ئورۇنلاشتۇق.
بىز سۇمپۇتۇزىغا كەلگەندىن كېيىن، 1 - ۋە 2 -
باتالىيون سەنتەيدە، 3 - باتالىيون سۇمپۇتۇزىدا تۇرۇپ
خەۋەر كۈتسۇن دەپ بۇيرۇق كەلدى. شۇنىڭ بىلەن،
بىزنىڭ 3 - باتالىيون سۇمپۇتۇزىدىكى كونا ياغاچ
ئۆيلەرگە ۋە چارۋىچىلارنىڭ يازدا قوي قىرقىيدىغان كونا
تام ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇق. بۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ
باتالىيون كوماندىرىمىز سوۋېتتىن كەلگەن ئۆزبېك مايور

ساتتاروف ئىدى. دوگان سوفىيوف باتالىيون يارده‌مچىسى بولدى. مايور ساتتاروف ئوتتۇزبەش ياشلاردا ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق مۇڭداشتىم، ئۇ سۆزلەپ كېلىپ: چېخوسلوۋاكىيىنىڭمەركىزى پراگا ئازاد بولغاندىن كېيىن شەرققە بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدىم. لېكىن، بۇيرۇقتا بارىدىغان كونكرېت جاينىڭ نامى يېزىلمىغان. مەن يىراق شەرققە بېرىپ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، كۆپ ئۆتمەي يەركەنتكە كەلدىم، هازىر بۇ يەردە سىلەر بىلەن بىرگە جەڭ قىلىۋاتىمەن، دېدى. ئۇ يەنە ئابدۇغاپپار ئىسىملىك بىر نەپەر ئۆزبېك كانىۋاينى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئابدۇغاپپار ئۆزبېكچە ناخشىلارنى قالتىس ياخشى ئېيتاتتى. بىز ئۇنى هەر كۈنى كەچلىك دەم ئېلىشتا باتالىيون شتابىدا ناخشا ئېيتقۇزاتتۇق. بىر هەپتە ئۆتكەندىن كېيىن يۇقىرىدىن يولغا چىقىش بۇيرۇقى چۈشتى. 1 ـ، 2 ـ باتالىيون سەنتەيدىن بىزدىن بۇرۇن ئۆتەي، داخياگزى يۆنىلىشىگە قاراپ يولغا چىقىپ كەتتى. 3 ـ باتالىيون ستەي، ئۆتەي يۆنىلىشىگەقاراپ يولغا چىقتۇق. بۇ قېتىمقى سەپىرىمىز 7 ـ ئاي مەزگىلىدە باشلانغان بولۇپ، جاهان تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. كۈچلۈك قۇياش نۇرى بەدىنىمىزنى كۆيدۈرەتتى. سەنتەي، ستەي ۋە ئۆتەي

ئارىلىقى چوڭ بىر چۆللۈك بولۇپ، ئۇ يەر سايىدىغۇدەك
بىرەر تۈپ دەرەخمۇ يوق چۆل ئىدىر دېگەن جاي ئىدى.
بۇنداق شارائىتتا ئوفىتسېر ، ئەسكەرلەرنىڭ يول
يۈرۈشى ئىنتايىن قىيىن بولدى. تاشيولنى بويلاپ
ماڭغانلىقىمىز ئۈچۈن، شېغىللىقتىن چىققان ئىسسىق
يالقۇن يۈزىمىزگە ئۇرۇلۇپ، بىزنى تېخىمۇ بىئارام
قىلىۋەتتى. ئۈستىمىزدىكى يۈك - تاقلىرىمىز ئېغىر
بولغاچقا، پۇتىمىزنى ئاران يۆتكەپ ماڭاتتۇق.
بەزىلەرنىڭ پۇتلىرى ۋىرەك - ۋىرەك قاپىرىپ ماڭالماي
قالدى. باكلاشكىدىكى زاپاس سۇلىرىمىز تۈگەپ،
كالپۇكلىرىمىز گەز باغلاپ، ئاغزىمىز قۇرۇپ كەتتى.
شۇنداق بولسىمۇ، ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغانلىقىمىز
ئۈچۈن، يەنىلا روھىمىز كۆتۈرەڭگۈ هالدا سەپتىن
چۈشۈپ قالماي ماڭاتتۇق. بىزنىڭ 3 - باتالىيون ئۇتەيگە
يېتىپ بارغاندا، چاڭقاپ كەتكەن كوماندىر، جەڭچىلەر
سېسىق سۇ ئىكەنلىكىگە قارىماي ئۆزلىرىنى سۇغا ئاتتى
ۋە دۇم يېتىپ زوق بىلەن سۇمۇرۇپ ئىچىشتى. مەنمۇ
كۆپچىلىك قاتارىدا دۇم يېتىپ سۇنى قانغۇچە ئىچكەندىن
كېيىن يېشىنىپ سۇغا چۆمۈلۈپ خېلىلا سالقىندىدىم.
چاڭقاپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن بولسا كېرەك، دەسلەپتە
هېچقانداق تېتىمىدى. كېيىن ئىچكەنسېرى سېسىق
پۇراپ دىماغلىرىمىزنى ئېچىشتۇرۇپ ئادەمنى
سەسكەندۈرۈشكە باشلىدى. بىر قانچە سائەت دەم

ئېلىنۋالغاندىن كېيىن، جىڭغا قاراپ يولغا چىقىش سىگنالى بېرىلدى.

مەن سۇنى ئىچىپ بىر قانچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن يولغا چىقىش ئالدىدا توساتتىن بەدىنىمگە تىترەك ئولاشتى، ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئوتتەك قىزىپ كەتتىم. پولك ناچالنىكى ماتسوك ئەھۋالىمنى كۆرگەندىن كېيىن، مېنى ئارقا سەپ بىلەن ماڭسۇن، باتاليون جىڭغا قاراپ يولغا چىقىۋەرسۇن، دەپ بۇيرۇق بەردى. مەن ئۇتەيدە پولكنىڭ ئارقا سەپ ترانسپورت قىسمى بىلەن بىرلىكتە قېپقالدىم. شۇ كۈنى كېچىسى قىزىتمام ئۆرلەپ، پۈتۈن بەدىنىم سىرقىراپ ئاغرىپ مىدىراشقىمۇ ماجالىم قالمىدى. مېنى كۈتۈش ئۈچۈن ئەخمەت دېگەن كانىۋاي بالا مەن بىلەن بىرگە قالغانىدى. بىر- ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىز ئىككىمىز شىخۇدىن كېلىۋاتقان بىر ماشىنىنى توسۇپ جىڭغا كەتتۇق. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن جىڭغا يېتىپ باردۇق. ئۇ يەردە بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمىدى. ھېلىقى ئاپتوموبىلنىڭ شوپۇرى ئەخمەت بىلەن ئىككىمىزنى جىڭدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى تۇرغان قورۇدىكى چوڭ بىر ئىسكىلاتقا ئاپىرىپ قويدى. قورۇ ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بۇرۇن گومىنداڭ كوماندىرلىرى ياتقان كىچىك ئۆيلەرگە ئىككىدىن كارىۋات ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بىزنىڭ ئەسكەرلەر شۇ ئۆيلەرگە

جايلاشتۇرۇلغانىكەن. ئاپتوموبىلنىڭ شوپۇرى ئەخمەت بىلەن ئىككىمىزنى ئىككى كارىۋاتلىق بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، شىخۇغا يۇرۇپ كەتتى. قىزىتمام قاتتىق ئۆرلەپ گېلىمدىن تاماق ئۆتمىدى، ئىچىشكە دورا بولمىغاچقا، ئورۇن تۇتۇپ يېتىم قالدىم. ئەخمەت لۆڭگىنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا مۇزدەك سۇغا چىلاپ پېشانەمگە قويۇپ تۇراتتى. قايناق سۇ ئىچكىم كەلسە، ئەخمەت كاتلوك (تاماق قاچىسى) تا سۇ قاينىتىپ ئەكىرىپ بېرەتتى. قايناق سۇغا ئازراق سۇخارنى چىلاپ ئېزىپ ئىچكۈزۈپ قوياتتى. تاماق يېمەي، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ تەرلەپ كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كەتتىم. ئۆلۈم كۆلەڭگىسى ماڭا ئەگىشىپ يۈرگەندەكلا قىلاتتى. مەن ساقىيىشتىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ يۈرەك سۆزۈمنى ئەخمەتكە ئېيتتىم: «ئەخمەت ئۇكام، راستىمنى ئېيتسام ساقىيالمايدىغاندەك تۇرىمەن. غۇلجا توپادەڭدە ياشىنىپ قالغان دادام بىلەن ئانام بار. ئايالىم روشەن دۆڭ مەھەللىدىكى مىراداموللام كوچىسىدا، دادىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ. ئۆزى دۆڭ مەھەللىدىكى شەرق مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى. بىر قىزىم بار، ئىسمى ئاسىيە. ئەگەر رىسقىم تۈگەپ ئۆلۈپ كەتسەم، سەن ئامال قىلىپ ئەھۋالىمنى ئاتا ـ ئانام ۋە ئايالىمغا يەتكۈزۈپ قويغىن، جەسىتىمنى قۇملۇقتىكى يۇلغۇنلار ئارىسىغا ئەمەس، جىگدىن

ئۈرۈمچىگە بارىدىغان تاشيول بويىغاقويۇپقويۇڭلار» .
ئاخىرىدا ئىختىيارسىز كۆزلىرىمدىن ياش تۆكۈلۈشكە
باشلىدى. كانسۇاي ئەخمەت يىغلاپ تۇرۇپ: «ناچالنىك
شتاب، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. سىز چوقۇم
ساقىيىپ كېتىسىز» دەپ ماڭا تەسەللى بەردى. دەل شۇ
ۋاقىتتا زالدا بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
مەن ئەخمەتكە چىقىپ قاراپ باققىن، كىم كەپتۇ،
دېدىم. ئەخمەت زالغا چىقىشىغا پۈزۈر كىيىپ بوينىغا
گالستۇك تاقىۋالغان بىر نەچچە كىشى كىرىپ
كېلىۋاتقانىكەن. ئۇلاردىن بىرى ئەخمەتتىن بۇ يەردە
يەنە كىملەر بار؟ دەپ سوراپتۇ. ئەخمەت بۇ ئۆيدە
بىزنىڭ ناچالنىك بار، ئۇ بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالدى
دەپتىكەن، ئۇلار دەرھال كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
ئەخمەت قايتىپ كىرىپ بۇ خەۋەرنى ماڭا
يەتكۈزۈۋاتاتتى، هايال ئۆتمەيلا ھېلىقى ئىككى كىشى
كىرىپ مېنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بىر - بىرسىگە
رۇسچە ئارىلاش ئۆزبېكچە سۆزلەپ، بۇ كىشى سېپنوي
تىف (قاراكېزىك) بولۇپتۇ، دەرھال ئوكۇل سېلىش
كېرەك، دەپ چىقىپ كەتتى. مەن ئىچىمدە بۇلارنىڭ
ئۆزبېك ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىم. ئۇلاردىن بىرسى
تېزلا كىرىپ بېلىكىمگە ئوكۇل سالدى. ئاندىن ماڭا
تەسەللى بېرىپ، ئۈمىدسىزلەنمەڭ يىگىت، ساقىيىپ
كېتىسىز، دېدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ روھىي ھالىتىم

بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزۈمنى يورۇق دۇنياغا قايتىدىن كۆز ئاچقاندەك ھېس قىلدىم. كەچقۇرۇن يەنە بىر ئوكۇل ئۇردى. ئىككىنچى ئوكۇلدىن كېيىن قىزىتمام ئاستا- ئاستا يېنىشقا باشلىدى. بەدىنىم بىر ئاز يېنىكلەشكەندەك بولدى. كەچكە يېقىن ئۇلار شىخۇغا كەتمەكچى بولۇپ مەن بىلەن خوشلاشقىلى كىردى. مەن ئۇلاردىن ئۆزلىرىنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى، قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سورىدىم. ئۇلار كۈلۈپ قويدى - دە، بىرسى مېنىڭ فامىلەم كەرىموف، بۇ ھەمراھىمنىڭ فامىلىسى ھاشىموف، بىز دوختۇر، تاشكەنتتىن داۋالاش خىزمىتى بىلەن كەلدۇق، تېخى تۈنۈگۈنلا قورغاس چېگرىسىدىن ئۆتتۇق، شىخۇغا بېرىپ داۋالاش پونكىتى قۇرماقچىمىز. سىز بىر ئاز ياخشى بولغاندىن كېيىن شىخۇغا بېرىپ داۋالىنىڭ. ھازىر شىخۇ ئازاد قىلىندى، دەپ ئۆزلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ بولۇپ خوشلاشماقچى بولدى. مەن چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈپ رەھمەت ئېيتتىم. ئۇلار تەكەللۇپ قىلماڭ، بۇ بىزنىڭ بۇرچىمىز، خوش ئەمىسە دېدى — دە، چىقىپ كەتتى. مەن ئەخمەتكە: «ئەگەر مۇشۇ دوختۇرلار كېلىپ قالمىغان بولسا جەسىتىم مۇشۇ يەردە قالار ئىكەن» دېدىم.

ئەخمەت غۇلجا ناھىيىسىدىن ئەسكەر بولۇپ بىزنىڭ باتالىيونغا تەقسىم قىلىنغاندىن بېرى، ماڭا

كانىۋاي بولۇپ ، يېنىمدىن ئايرىلماي كېلىۋاتاتتى. ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن بۇ بالا بەكمۇ ئاق كۆڭۈل، ئىرادىلىك، ساددا سەھرا يىگىتى ئىدى. جەڭدىكى بۇ چوڭ قورۇدا ئۇزاق يېتىشقا بولمايتتى. مەن بىرئاز ياخشى بولۇپ ئورنىمدىن تۇردۇم ۋە ئەخمەتكە: «مەن ياخشى بولۇپ قالدىم، سەن چوڭ يولغا چىقىپ ماشىنا توس، بىز شىخۇغا بېرىپ قىسمىغا قوشۇلۇۋالايلى» دېدىم. بىز ماشىنا توسۇپ شىخۇغا بېرىپ دالا شتابىغا چۈشتۇق. ئۇ يەردە قورساقنى ئوبدان تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن 4 - پولك 3 - باتالىيوننىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈردۇم. ئاخىر باتالىيوننىڭ كۈيتۇن دەرياسى بويىدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدۇق. ئەتىسى بىزنىڭ باتالىيوننىڭ تەمىنات توشۇيدىغان هارۋىسى شىخۇغا نورما ئالغىلى كەلدى، بىز شۇ هارۋىغا ئولتۇرۇپ كۈيتۇن دەرياسى بويىدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قىسمىمىزنى تېپىۋالدۇق. بۇ چاغدا بۇرۇنقى روسىيىدىن كەلگەن مايور ساتتاروف قايتىپ كېتىپ ئورنىغا دۇگان سوپۇيوف هېسامىدىن باتالىيون كوماندىرى بولغانىكەن.

دۇگان سوپۇيوف هېسامىدىن ئەسلىدە غۇلجا شەھىرى ئۈچ دەرۋازىلىق ئىدى. 1942 - يىلى ئۈرۈمچى تۇدۇڭخابادىن سوۋېت تەرەپكە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گېنېرال پەلىنوف غۇلجىدىن قېچىپ

چىققان ئۇيغۇر، رۇس بالىلارنى يىغىپ پامىر ئېتىكىدە تەربىيىلىگەن. پەلىنوف 1945 - يىلى غۇلجىغا كەلگەندە ئۆزى تەربىيىلىگەن بىر تۈركۈم بالىلارنى بىللە ئېلىپ كەلگەن. ئۇ بالىلارنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ 4-پولك 1 - باتالىيوننىڭ كوماندىرى دۆڭ مەھەللىلىك توختى مەمەتوف، 2 - باتالىيوننىڭ كوماندىرى، ئاتاقلىق ماشىنىچى باكىيوفنىڭ ئوغلى نۇرمەھەممەت باكىيوفلار بار ئىدى. بىزنىڭ 3 - باتالىيوننىڭ كوماندىرى دۇگان سوپۇيوف ھېسامىدىنمۇ شۇ بالىلارنىڭ بىرسى ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەربىي ساپاسى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گېنېرال پەلىنوف ئەسلى ئاق ئورۇس بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن چارروسىيىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلىدا ئاتلىق ئىسكادرون باشلىقى بولغان، كېيىن سوۋېتكە چىقىپ كەتكەن.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، يۇقىرىدىن بىزنىڭ 4 - پولكنىڭ يەنسخەيدە مۇداپىئەدە تۇرۇشى توغرىسىدا بۇيرۇق كەلدى. 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسمى دۈشمەننىڭ جىڭ، شىخۇدىكى يېڭىلمەس ئىستىھكام دەپ ئاتىۋالغان مۇداپىئەسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، دۈشمەننى شىددەت بىلەن سۈر- توقاي

قىلىپ شەرققە چېكىندۇردى . قىسىملارنىڭ ئالدى ساندىخوزا،[1] شىخەنزىگە يېتىپ بېرىپ، ئالدىنقى قىسىم ماناس دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي بېشىدا دۈشمەنگە مىختەك قادىلىپ مۇداپىئەدە تۇردى . جىلڭ، شىخۇدىن دۈشمەننى قوغلاپ ماڭغان قىسىملاردىن غۇلجا زاپاس4-پولك تەڭرىتاغ ئېتىكىگە يېقىن ئىپتىدائىي ئورمانلىق يەنسىخەيدە مۇداپىئەدە تۇردى . ئۇ چاغدا پولك كوماندىرى قېيۇمبەگ غوجا، ناچالنىك ماتسوك ئاق ئورۇس ئىدى، ئاساسىي خىزمەتلەرنى شۇ باشقۇراتتى.

## يەنسىخەي ئورمانلىقىدا مۇداپىئەدە تۇرۇش

4 . پولك يەنسىخەي ئورمانلىقىغا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، پولك رەھبەرلىكى دەرھال پولك بويىچە روتا (ليەن) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى يىغىپ كونكرېت ۋەزىپە تەقسىم قىلدى . پولك كوماندىرى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ناچالنىك شتاب ماتسوك ئورنىدىن تۇرۇپ، ماڭلىيىغا چۈشۈپ تۇرغان شالاڭ سېرىق چېچىنى قولى بىلەن كەينىگە تارىغىنىچە تامغا ئېسىقلىق خەرىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ،

---

[1] ساندىخوزا — ھازىرقى ساۋەن.

كۆرسەتكۈچ تاياق بىلەن نۇقتىلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

— قاراڭلار، بۇ خەرىتىدىكى ئورمانلىقتا، بىز ئادەم ئايىغى باسمىغان مانا بۇ ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا ئورۇنلاشتۇق. ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، بۇ جاي يوشۇرۇنۇشقا ئىنتايىن ئەپلىك، ئۈرۈمچى— ئىلى تاشيولىنىڭ تۈگۈنى. بىزنىڭ قىسمىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى— دۈشمەننىڭ شەرقتىن غەربكە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش نىشانىغا زەربە بېرىش. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممە ئادەم دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئاكوپ قېزىپ ئىستىھكام ياسىشى، زىملەنكە[1] كېرەك. ھازىر كەچ كۈز بولۇپ قالدى، ھاۋاكۈندىن-كۈنگە سوغۇق بولماقتا، قىشلىق تەييارلىقلارنى پۇختا ئىشلىشىمىز، ئۆزىمىز ياتىدىغان ئۆيلەرنى تەييارلىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ جەڭچىلەر ئالدى بىلەن ئىسسىق گەمىلەرگە ئورۇنلاشسۇن، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىككى قولىمىزغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. كەڭ ئوفىتسېر ، ئەسكەرلەر جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، مۇرىنى- مۇرىگە تىرەپ، پىداكارلىق بىلەن ئىشلىشىمىز لازىم، — دېدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — تۆۋەندە ۋەزىپە تەقسىملەيمەن،

---

① زىملەنكە— يەر ئاستى گەمىسى.

قېنى خەرىتىگە قاراڭلار. 1 ـ باتالىيون ئۈرۈمچى ـ ئىلى تاشيولى بويىغا ئورۇنلىشىپ، تاشيول بويىغا ئۈچ ـ تۆت ئىستىھكام ياسايدۇ، — ھېسامىدىن بىلەن ئىككىمىز پۈتۈن دىققىتىمىز بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇراتتۇق. ئۇ بىزگە قاراپ، — سىلەرنىڭ باتالىيون ئىپتىدائىي جاڭگاللىقتىن شىمالىي تەرەپكە قاراپ بىر كىلومېتىر ئاكوپ ياساڭلار، ئاكوپنىڭ شەرق تەرىپى 2 ـ باتالىيوننىڭكىگە تۇتاشتۇرۇلسۇن. ھەر بىر باتالىيون ئۆزى ئۈچۈن زىملەنكە قازىدۇ. زىملەنكىنىڭ ئۆگزىسى يەر يۈزىدىن ئېگىز بولماسلىقى، ھاۋادىن ياكى يەردىن كۆزەتكەندە بىلىنمەسلىكى، بولۇپمۇ قاتناش ئاكوپلىرى قاتتىقماسكىروفكا①

كېرەكلىك كەتمەن، گۈرجەك، جوتۇلارنى ئارقا سەپ تەييارلاپ بېرىدۇ، ئادەملەر نۆۋەتلىشىپ دەم ئالسا بولىدۇ، لېكىن سايمانلار دەم ئالماسلىقى كېرەك. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تېز پۈتكۈزۈڭلار، پۈتكەندىن كېيىن پولك بويىچە ھەيئەت تەسىس قىلىپ ئەستايىدىل باھالىنىدۇ.

ھېسامىدىن بىلەن ئىككىمىز ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال ئۆز باتالىيونىمىزغا

---

① ماسكىروفكا — نىقابلاش.

قايتتۇق. ۋەزىپىنى ئۆز ۋاقتىدا سان - سۈپەتتە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ئورۇنداش ئۈچۈن، دەرھال چوڭ يىغىن ئېچىپ، بارلىق كوماندىر، جەڭچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ھەر قايسى روتىنىڭ ۋەزىپىسىنى تەقسىم قىلدۇق. كۆپچىلىكنىڭ روھىي كەيپىياتى ئىنتايىن ئۈستۈن ئىدى. ھەممە كىشى ھەربىكەتكە كېلىپ سايمانلارنى تەييارلاپ شۇ كۈنىلا رەسمىي ئىشقا تۇتۇش قىلدى.

باتالىيونىمىز ئورۇنلاشقان جاينىڭ تەبىئىي شارائىتى تولىمۇ مۇرەككەپ ئىدى، ئۇ جاي قۇمۇش ماكانى بولۇپ، زەيلىك، بەزى ئورۇنلىرى سازلىق ئىدى. شامال ئۆتۈشۈپ تۇرمىغاچقا، بەك دىمىق بولۇپ پاشا - كۇمۇتىلار توپ - توپ ئۇچۇپ يۈرەتتى، جەڭچىلەرگە زادىلا ئارام بەرمەيتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تەبىئىي ئورمان، جاڭگاللىق ۋە قېلىن قۇمۇشلۇق ئارىسىدا زىملەنكە كولاش، ئىستىھكام ياساشتىن ئىبارەت قىزغىن ئەمگەك دولقۇنى باشلىنىپ كەتتى. بىز 3 - باتالىيوننىڭ يەر شارائىتىمىز تولىمۇ ناچار بولغاچقا، ئاۋارىچىلىك كۆپ بولدى ھەم جاپالىق بولدى. گەمە كولىنىپ ئۈستىنى يېپىشىمىزغا نەم تويا بوشاپ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ جىق ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈردى. ئاكوپلارنىڭ بەزى يەرلىرىدىن سۇ چىقىپ مېڭىش قىيىن بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، كوماندىر،

جەڭچىلەر جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئىشلەپ، پولك تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئاخىر ۋاقتىدا ئورۇنداپ بولدۇق. روتا-ۋوزۋود (پەي) لار گەمە ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتى. كەچ كۈزنىڭ سوغۇقى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىشكە باشلىدى. بەزى گەمە ئۆيلەرگە مەش قويدۇق، بەزىلىرىگە مەش يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئوچاق سالدۇق. جەڭچىلىرىمىز ئىچىدە تامچىلىقتىن خەۋىرى بارلار بولۇپ، ئۇلار ئوچاقمۇ سالالايتتى. ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق گۈلدەك ھۈنىرى بىلەن گەمىلەرنى خېلى ئوبدانلا ئىسسىتىۋالدۇق. گەمىلەرنىڭ دېرىزىلىرىنى كۈنگەي تەرەپكە قارىتىپ ياسىدۇق. دېرىزىلەرگە ئەينەك ئورنىدا نىپىز قەغەز چاپلىدۇق. قەغەزدىن چۈشكەن كۈن نۇرى گەمىنى خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى.

بىزنىڭ باتالىيوندا كالىبىرى «50 مم» لىق، «82 مم» لىق مىناميوت بىلەن قوراللاندۇرۇلغان بىر مىناميوت روتىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ روتا كوماندىرى ئىۋان دېگەن رۇس يىگىت بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى بەك راۋان سۆزلەيتتى. باتالىيوندا ئىككى نەپەر تاتار سېستىرا قىز بار ئىدى. بىرسىنىڭ ئىسمى راھىلە، يەنە بىرسىنىڭ شاۋقىيە ئىدى. بىز بۇ قىزلارنى ئايرىم گەمىگە ئورۇنلاشتۇردۇق. ئۇلار تولىمۇ ئەدەبلىك، ئەخلاقلىق، تەربىيە كۆرگەن، ئېغىر - بېسىق ئىدى.

يىگىرمە كۈن ئۆتتى، ئاكوپ، گەمىلەر تولۇق پۈتتى.
پولك ئۇيۇشتۇرغان ھەيئەت تەكشۈرۈپ بىزنى ياخشى باھالاپ، بىزدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

پولك بويىچە مۇداپىئە رايونىنى تەكشۈرۈپ تۈرۈش ئۈچۈن پولكنىڭ دىجورنىلىك تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ھەر قايسى باتالىيوننىڭ كوماندىرلىرى، مۇئاۋىن سىياسىي رەھبەرلىرى ۋە ناچالنىكلىرى پولكنىڭ دىجورنىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان بولدى. ھەر كۈنى كېچىسى ئىككى نەپەر كوماندىر ئىككى نەپەر ئەسكەرنى ئېلىپ ئاتلىق ھالدا پۈتۈن باتالىيوننى چارلاپ پوستلارنى تەكشۈرەتتۇق. بىر كۈنى شۇنداق تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتىم، كېچە سائەت تۆت يېرىم بولغاندا تۇيۇقسىز باتالىيون شتابىنىڭ تېلېفونى قاتتىق جىرىڭلاپ كەتتى. ئويغىنىپ دەرھال تېلېفوننى ئالسام، چارلىغۇچىلار 9 - روتا 1-ۋوزۋود تۇرغان شىمالىي تەرەپتىكى قومۇشلۇقتىن ئادەم ماڭغان تىۋىش ئاڭلاندى، دەپ دوكلات قىلدى. مەن دەرھال كىيىممنى كىيىپ، كانىۋىيمنى بىرگە ئېلىپ 9 - روتىغا باردىم.

9 - روتا يەنىسخەينىڭ شىمالىدىكى قومۇشلۇققا ئورۇنلاشقانىدى. بارسام پۈتۈن روتا جەڭ ھازىرلىقىدا تۇرغانىكەن. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇ ئاۋازنىڭ ئەسلى قومۇشلۇق ئارىسىدا ئوزۇق ئىـــزدەپ يۈرگەن ياۋا چوشقىنىڭ ماڭغان تىۋىشى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

يەنسخەينىڭ غەربىي تەرىپى سۆكسۆك، ياۋا كەندىر ۋە قومۇشلۇق بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئۇ يەردە ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار، جان - جانىۋارلار بار ئىدى. بىر قېتىم 2- باتاليوننىڭ 6- روتىسى قومۇشلۇقتىكى شالدۇر - شۇلدۇر قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ پارول سورىسا جاۋاب چىقماپتۇ، نەتىجىدە قاراۋۇلدىن بىرسى ئوق چىقىرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن پولك جىددىي ھالەتكە ئۆتۈپتۇ. بۇ قېتىم بىزنىڭ 9 - روتىمۇ ئوق چىقارغىلى تاسلا قاپتۇ. بىر پوستتا ئىككى ئادەم تۇراتتى. بىرسى ئۆرە تۇرۇپ ئەتراپنى كۆزەتسە، يەنە بىرسى يەردە يېتىپ قۇلىقىنى يەرگە چاپلاپ يىراقتىكى ئاۋازنى رازۋېدكا قىلاتتى. بۇ خىل پوستنى رۇسچە «ئېتروژوي پوست» دەپ ئاتايتتۇق. ئەسلىدە قاراۋۇللار شىلدىرلىغان ئاۋازنى ئادەمنىڭ ئاۋازى دەپ خاتا ھۆكۈم قىلىپ دوكلات قىلغانىكەن. بىز جەڭچىلەرنىڭ ھەربىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ھەربىي تەلىمنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇردۇق. كوماندىر، جەڭچىلەرنىڭ ھەربىي تەلىم قىزغىنلىقى بەك يۇقىرى ئىدى. شۇنداق قىلىپ ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئۈچ ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ يېڭى يىلمۇ كېلىپ قالدى. باتاليونىمىزدىكى كوماندىر، جەڭچىلەر يېڭى يىلنى كۈتۈۋالدى. جەڭچىلەر قاتتىق سوغۇق كۈنلەرنى، شىۋىرغانلىق، قاراڭغۇ كېچىلەرنى قاراڭغۇ،

زەي گەملەردە ئۆتكۈزدى. 1945 - يىل 12- ئاي ئاخىرلىشىپ، دەلدى دىۋانى قاپاق ياردى دېگەن مۆجەل كىردى. تۇكۇرگەن تۇكۇرۇك يەرگە چۈشكىچە توڭلاپ قالاتتى. گەمە ئىچىدە ھەر قانچە كۆپ ئوت قالاپ تۇرساقمۇ گەمە ئىسسىماي ھورلىشىپ بىر خىل سېسىق ھىد دىماغقا ئۇرۇلۇپ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتاتتى. لېكىن، بۇنداق ئېغىر قىيىنچىلىق ئۆز جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن، ئىنقىلاب ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالمايتتى.

3 - باتالىيوندىكى ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر1946- يىللىق يېڭى يىلنى ئۆتكۈزۈش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتۇق. 7- روتىنىڭ ئاشخانىسى كەڭرەك ئىدى. مەركىزنى شۇ ئورۇندا ئۆتكۈزۈشنى بېكىتىپ تەييارلىق ئىشلارنى باشلىۋەتتۇق. بۇ يېڭى يىل كېچىسىنى تېخىمۇ شاد - خۇرام، مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، 1 - باتالىيوننىڭ كوماندىرى توختى مەمەتوفنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: «بۈگۈن كەچ 1946 - يىلنىڭ تۇنجى كېچىسىنى قىزغىن، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ قويدۇق. يولداشلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يولداش مۇساجان روزىنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەندىم» دېدىم. توختى مەمەتوف رۇخسەت قىلىپ: «مۇساجان روزى بىلەن ئۆزۈڭ سۆزلىشىپ

كۆرگىن» دېدى. مەن دەرھال مۇساجان روزىنى تاپتىم. مۇساجان كۆزۈمگە تازا بىر قارىۋېتىپ: «يولداش ناچالنىك شتاب، مۇشۇ تەمبۇر چالغان قولۇمنى كېسىپلىۋېتەي دېسەم كېيىنكى جەڭدە قورال تۇتالماي قالىدىكەنمەن. ماڭا زادىلا ئارامچىلىق بەرمەيدىغان بولدۇڭلار، ھەر كۈنى كەچتە ئۇ باتالىيون، بۇ باتالىيونغا قاتراپ يۈرىدىغان بولدۇم. مەنمۇ ئەسكەرغۇ، باشقا جەڭچىلەردەك كېچىلىرى پوستتا تۇرسام بولماسمىدى» دەپ خورسىنىپ قويىدى. مەن ئۇنىڭغا: «مۇساجان كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، تەمبۇر چېلىشمۇ بىر خىل خىزمەت. بۇ ھەممىلا جەڭچىلەرنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. بۇگۈن يېڭى يىل كېچىسى، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ جەڭچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشمۇ ئۇلۇغ ھەم شەرەپلىك خىزمەت» دېدىم.

1945 - يىل 12- ئاينىڭ 31 - كۈنى كەچتە مۇساجان روزى لەۋزىدە تۇرۇپ تەمبۇرنى كۆتۈرگەن ھالدا 7 - روتىنىڭ ئاشخانىسىغا كەلدى. شۇ كۈنى كېچىسى باتالىيوندىكى روتا، ۋوزۋود كوماندىرلىرى دېجورنى پوستلارنى كۆچەيتىپ، قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ 7 - روتا ئاشخانىسىغا يىغىلدى. ئاشپەزلەر ياۋا توشقان گۆشىدە قورداق، پولۇ ئېتىشكە كىرىشىپ كەتكەنىدى. ھەممە ئادەم جەم بولغاندىن كېيىن چاي تارتىلدى. چاي ئىچكەچ بىردەم ئويۇن -

چاقچاق قىلىشىۋالغاندىن كېيىن سورۇن رەسمىي باشلىنىپ كەتتى. مۇساجان روزى ئالدى بىلەن تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ سازلىغاندىن كېيىن ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن «خاللەيلۇن» دېگەن ناخشىنى باشلىدى. تەمبۇرنىڭ مۇڭلۇق ساداسى ھەم ناخشىنىڭ تېكىستى سورۇن ئەھلىنىڭ قەلبىگە بۆسۈپ كىرىپ يۈرەك تارىسىنى چېكىپ ھەممىمىزگە مەنىۋى ئوزۇق ۋە روھىي ھۇزۇر بېغىشلايتتى. يولداشلارنىڭ ھەممىسى: بىز ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا، تار گەمە ئىچىدە، قارا چىراغ يورۇقىدا سورۇن تۈزۈپ بەزمە قىلىپ ئۆز كۆڭلۈمىزنى ئاچىمىز، بىز ئاق قار، كۆك مۇز ئۈستىدە دۈم يېتىپ، دۈم قويۇپ ھوشيارلىق بىلەن دۈشمەننى كۆزىتىۋاتىمىز، مانا بۇ كوللېكتىپ قايناق تۇرمۇش، بۇ بىر خاتىرە، مەڭگۈ ئېسىمىزدىن چىقمايدۇ، دېگەن ھاياجان ئىلكىدە مۇساجانغا قارايتتى. كۈچلۈك، پۇخادىن چىققۇدەك چېلىنىڭ مۇساجان، كۆڭلىمىز يايراپ كەتتى. بىز ھازىر ئۆزىمىزنى خۇددى غۇلجىدا كۆرۈۋاتىمىز، قولىڭىزغا دەرد بەرمىسۇن، دەپ تەنتەنە قىلىشاتتى ۋە ناخشىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى.

ناخشىمۇ ئاخىرلاشتى، مۇساجان تەمبۇرنى قويۇپ قولياغلىقى بىلەن تەرىنى سۈرتتى. بىردىن چاقچاق دۇگاسوپۇيوف ھېسامىدىنغا مەركەزلەشتى. ئۇنىڭ

لەقىمى قۇشقاچ ئىدى. بىراۋ: ۋاي قۇشقاچ، تەمبۇرنىڭ قۇلىقىغا قونۇۋېلىپ ۋىچىلدىغىنىڭ بىلەن ھەرگىز بۇلبۇل بولالمايسەن، دېدى. شۇ چاغدا ھېسامىدىن مۇساجاننىڭ قېشىدا ئولتۇرغانىدى. ھېسامىدىن گەپ تاپالماي، ئابدۇللاغا تەككىلى تۇردى. ئابدۇللانىڭ لەقىمى توڭگۇز ئىدى. مەنغۇ تەمبۇرنىڭ قۇلىقىغا قونۇۋېلىپ ۋىچىرلاپتىمەن، سەنچۇ؟ بېشىڭنى جوزىنىڭ ئاستىغا تىقىۋېلىپ خارتىلداۋاتقىنىڭ نېمىسى؟ دېۋېدى، گەمىدە قاتتىق كۇلكە ساداسى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. مۇساجان روزى تەمبۇرنى «كىچىككىنە قارا كۆز»، «جانانەي»، «يار سېنىڭ دەردىڭ»، «ئەۋردشىم» قاتارلىق ناخشىلارغا چالدى. بۇ شوخ ناخشا كۆڭلىمىزدىكى زېرىكىشلىك تۇيغۇلارنى ئاللىقاياقلارغىدۇر ئېلىپ كەتتى. بىردىنلا ھەممە ئادەم ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. سورۇنغا پاتمىغانلىرى ئۆز ئورنىدا ئۆرە تۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناپ، بىر - بىرىگە شوخلۇق قىلىشىپ، ياشاپ كەت مۇساجان، دەپ ۋارقىرىشاتتى. 7 - روتا كوماندىرى يۈسۈپجان سورۇنغا كېلىپ: «يولداشلار ‹ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام› دېگەن گەپ بار. تاماقمۇ پىشىپ قاپتۇ، تاماق يەۋالايلى، قورساقنى تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن بەزمىنى تېخىمۇ قىزىتىۋېتەيلى» دېدى. بىز ئۇزۇن ئۈستەلگە ئولتۇردۇق. جاۋۇرلاردا مەززىلىك ياۋا توشقان

قوردىقى، توغرالغان بولكا كەلتۈرۈلدى. مەن دەرھال قادىرغا قاراپ: «بىر نېمەڭ يوقمۇ؟ قۇرۇق قورداقنى قويۇپ قويدۇڭغۇ» دەپ كۆزۈمنى قىسىپ قويغانىدىم، قادىر شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا دەرھال ئىككى باكلاشكىدا ھاراق كۆتۈرۈپ كىردى ۋە ئىككى پىيالىغا ھاراق قۇيدى. ئالدى بىلەن يۈسۈپجان پىيالىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: «مەن بۈگۈنكى تەنتەنە ئۈچۈن قولۇمدىكى بۇ پىيالىنى سورۇنىمىزغا جان كىرگۈزگەن دوستىمىز مۇساجان روزىغا تۇتىمەن، دوستلار قېنى مۇساجاننىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى» دېدى. سورۇندىكىلەر ھەممىسى ۋارقىرىشىپ، چاۋاك چېلىشىپ، «يارايسەن يۈسۈپجان» دەپ تۇۋلاشتى. مۇساجان پىيالىنى قولىغا ئېلىپ ھەممىڭلارنىڭ يېڭى يىلىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن، ھەممىڭلارنىڭ دوستلۇق كۆڭلۈڭلارغا رەھمەت دەپلا ئىچىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سورۇندىكىلەر پىيالىغا ھاراق قۇيۇپ بىرسى سالامەتلىك ئۈچۈن دېسە، يەنە بىرسى يۇرتقا ساق - سالامەت قايتىپ ئاتا- ئانىمىز ۋە بالىلىرىمىز بىلەن خۇشال - خۇرام كۆرۈشۈشىمىز ئۈچۈن دەپ ئىچەتتى. يەنە بەزىلەر چاپسانراق مۇشۇ يەنسخەي ئورمانلىقىدىن چىقىپ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ مۇداپىئەدە تۇرۇش ئۈچۈن دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشىپ كۆتۈرەتتى. قورداقتىن كېيىن كالا گۆشى بېسىلغان

ئىسسىق پولۇ كەلتۈرۈلدى. ھەممىمىز تاماقلارنى راسا يەپ قالتىس تويۇنۇۋالدۇق. يېڭى يىل كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىمىز ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندى. گەمىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ پولك دېجورنىسى توختى مەمەتوف كىرىپ: «يولداشلار، يېڭى يىلىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن، ئەمدى بولدى قىلىڭلار، يېڭى يىلمۇ ئالىقاچان كىرىپ كېچە سائەت ئىككى بولدى. ئەتە ھەممىڭلارنىڭ ۋەزىپىسى بار. ھەممىڭلارنىڭ ياخشى چۈش كۆرۈشىنى تىلەيمەن» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. بىزمۇ بىر - بىرىمىزگە يېڭى ئۇتۇق تىلەپ تارقىلىشتۇق. مۇساجان روزىنى مەن3- باتالىيونىمىزدا قوندۇرۇپ قالدىم.

ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنىڭ قىزغىن ھاياتى، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى كەچ كۈزگە ئۇلاشتى. 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئىستىھكامنىڭ پۈتمەي قالغان، ئۆلچەمگە توشمىغان يەرلىرىنىياساپ پۈتتۈردۇق. يەنە بىر تەرەپتىن، پولكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ھەربىي تەلىم ۋە سىياسىي ئۆگىنىش داغدۇغىلىق باشلىنىپ كەتتى.

باتالىيونىمىز جاڭگالدا ھەربىي تەلىم ئېلىپ باراتتى. تەنتەربىيە تۈرلىرىدە، يالاڭ، قوش تورنىك، يالغۇز ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش، ئېگىزگە يامىشىش،

ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش، قارىغا ئېتىش، يانچە بېغىرلاپ مېڭىش قاتارلىقلار مەشىق قىلىناتتى. بۇ ھەرىكەتلەر تولىمۇ قىزىقارلىق ئىدى. بەزى جەڭچىلەرنىڭ ئىشتانلىرى چاتقاللارغا ئىلىنىشىپ يىرتىلىپ كېتەتتى-دە، بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى، باشقىلار بولسا چوقان سېلىپ كۈلۈشەتتى. جەڭچىلەرنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى، قوللىرىنى چاتقاللار، تىكەنلەر ئېغىر زەخىملەندۈرەتتى. سۇ ئىچىدىغان بۇلاق بىز تۇرغان جايدىن خېلىلا يىراق بولۇپ، ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە ئىدى. بىز ھەربىي تەلىمدىن پايدىلىنىپ جەڭچىلەرنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ ئۆملەش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، باكلاشكىسىغا بۇلاقتىن سۇ قاچىلاپ كېلىشنى شەرت قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن جەڭچىلەر ھەم ئۆزىنى چېنىقتۇردى، ھەم ھەر قايسى روتىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇيىنى ھەل قىلدى.

## ماناس دەرياسى بويىغا يۆتكىلىش

مۇشۇ مەزگىلدە يەنىسخەيدە ئۇزۇن تۇرۇپ قالدۇق. ئوفىتسېرلەر ئىچىدە نېمىشقا ئالغا ئىلگىرىلىمەي توختاپ قالدۇق؟ بۇ ئورمانلىقتا قاچانغىچە ياتىمىز؟ دېگەندەك گەپ - سۆزلەر خېلى

كۆپىيىپ قالدى. ھەقىقەتەنمۇ، ئەينى ۋاقىتتا ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى مەخپىي تۇتۇلغانىدى. كوماندىر، جەڭچىلەردە قاتتىق ئىنتىزام ۋە كۈچلۈك تەشكىلچانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سىرنى ھېچكىم سۈرۈشتۈرۈپمۇ يۈرمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بىز سىياسىي رەھبەرلەر ۋە كادىر، جەڭچىلەرگە بولغان تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى بوشاشتۇرمىدۇق. بىزنىڭ خەلق ۋەكىللىرىمىز گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقۇدەك دېگەن خەۋەر كۈندىن- كۈنگە كۆپەيگىلى تۇردى. بەزىلەر ئەمدى ئۇرۇش بولمايدىكەن، دېسە، بەزىلەر گومىنداڭ لەۋزىدە تۇرمايدۇ، ھوشيارلىقىمىزنى بوشاشتۇرماسلىقىمىز لازىم، دەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئائىلىسىدىن ئايرىلغانغا ئۇزۇن بولغان كوماندىر ۋە جەڭچىلەر كۈتۈپ يېتىۋېرىپ ئىچى پۇشۇپ، ئۆز يۇرتىنى، ئائىلىسىنى، بالىلىرىنى سېغىناتتى. بىر كۈنى كەچتە باتالىيون شتابىدا كاتىپ كەرىم بىلەن ئىككىمىز ئادەم ۋە ئوق - دورىلارنىڭ تىزىملىكىنى كۆرۈۋاتاتتۇق. چۈنكى، ھەر ئون بەش كۈندە بىر قېتىم بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى پولك شتابىغا يوللاپ تۇراتتۇق. دەل كەچ سائەت توققۇز بولغان چاغدا باتالىيون شتابىنىڭ تېلېفونى قاتتىق جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفوننى قولۇمغا ئېلىپ تىڭشىسام، پولكنىڭ ياردەمچى ناچالنىكى غىلاجىدىن

ئەۋزى (تاتار) : «ۋەي، سەن ساۋدانوفمۇ؟ ئەتە سائەت سەككىزدە باتالىيون كوماندىرى ھېسامىدىن، سىياسىي رەھبەر ۋە سەن ئۈچىڭلار پولك شتابىغا كېلىڭلار، مۇھىم ئۇقتۇرۇش بار» دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى. بۇ ئۇقتۇرۇشنى دەرھال ھېسامىدىنغا يەتكۈزدۇم، ئىككىمىز ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشتۇق. — ئۇرۇشقا بارامدۇق ياكى ھېلىقى ئاڭلىغان گەپ - سۆزلەر راستىمدۇ ۋە ياكى يەنىسخەيدىن باشقا يەرگە يۆتكىلەمدۇق؟ دېگەندەك پەرەزلەرنى قىلىشىپ ئۇخلاپ قالدۇق. ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئۈچىمىز پولك شتابىدىكى چوڭ گەمىگە يەنى مەجلىسخانىغا كەلسەك، باشقا باتالىيونلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولغانىكەن.

سائەت توققۇز بولغاندا، پولك كوماندىرى قېيۇمبەگ، ناچالنىك شتاب ماتسوك، سىياسىي كومىسسار ھاشىم گۆھەر باقى، مۇئاۋىن ناچالنىك غىلاجىدىن ئەۋزىلەر مەجلىسخانىغا كىردى. ھەممىمىز دەرھال ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۇردۇق. قېيۇمبەگ غوجىنىڭ كېلىشكەن قەددى- قامىتىگە ھەربىي فورما بەكمۇ ياراشقانىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئولتۇرۇڭلار، دەپ ھەممىمىزنى قول ئىشارىتى بىلەن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بىز دەرھال ئولتۇرۇپ، ئەمدى قانداق خەۋەر بولاركىن دەپ قېيۇمبەگنىڭ

ئاغزىغا تىكىلدۇق. مەجلىسخانىدا شۇنداق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردىكى، گويا بىر چىۋىن ئۇچسا ئۇنىڭ غىڭىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

قېيۇمبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ: «يولداشلار، بىزنىڭ قىسىم 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەنسخەي ئورمانلىقىغا كەلگەنىدى. 1946 - يىلنىمۇ كۈتۈۋالدۇق. ھازىر ياز پەسلىمۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ھەممىمىز بۇ ئورمانلىقتا قاتتىق شىۋىرغانلىق سوغۇق قىشنى پاكار، تار، زەي گەمىلەردە ئۆتكۈزدۇق. بىزنىڭ بارلىق ئوفىتسېر، ئەسكەرلىرىمىز قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ياشىدۇق. بىز ھەربىي بۇيرۇققا بويسۇنىمىز. يۇقىرىدىن قانداق بۇيرۇق چۈشۈرسە قەتئىي ئىجرا قىلىش بىزنىڭ بۇرچىمىز. تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتىن ئوتتۇز مىنۇت ئۆتكەندە يۇقىرى قوماندانلىقتىن بىزنىڭ پولكنىڭ يەنسخەي ئورمانلىقىدىن ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي كۆۋرۈك بېشىغا يۆتكىلىپ مۇداپىئەدە تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈشىمىز توغرىسىدا بۇيرۇق كەلدى» دېيىشى بىلەن كۆپچىلىك بىردەك خۇشاللىقتا چۇمۇپ «ھۇررا، ھۇررا...» دەپ توۋلىدى. قېيۇمبەگ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، باشقا كونكرېت ئىشلارنى ناچالنىك شتاب ماتسوك ئورۇنلاشتۇرىدۇ، دەپ ناچالنىك ماتسوكقا قول

ئىشارىتى قىلدى.

ناچالنىك شتاب دەرھال كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ، يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا بىرەر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى: «يولداشلار، بىز بەش كۈن ئىچىدە يەنسخەي مۇداپىئە ئورنىمىزدىن يۆتكىلىپ كېتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش لازىم: بىرىنچى، يەنسخەي بىلەن شىخەنزىنىڭ ئارىلىقى قىرىق كىلومېتىردىن ئۇزۇنراق. پىيادە ئون نەچچە سائەت يول يۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. تەييارلىق پۇختا بولسۇن؛ ئىككىنچى، ئاكوپ، گەمىلەرنىڭ ئۇستى قارا ياغاچ شاخلىرى بىلەن يېپىپ قويۇلسۇن، ئىستىھكامنى بۇزۇشقا بولمايدۇ؛ ئۈچىنچى ، ئوق، دورىلار شتات بويىچە ھەر بىر جەڭچىگە يېتەرلىك تارقىتىپ بېرىلىدۇ. قالغانلىرى پولك قورال- ياراغ بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئارقا سەپ تەمىنات ھارۋىلىرى ئارقىدىن ماڭسۇن، ئەڭ ئالدىدا رازۋېدكا روتىسى، ئاندىن ھەر قايسى باتالىيونلار ئۆز رېتى بىلەن ئارىلىق تاشلاپ ماڭسۇن. باتالىيونلار پولك شتابى بىلەن ئالاقىچىلار ئارقىلىق ئالاقىلىشىدۇ» .

يىغىندىن كېيىن بارلىق كوماندىرلار ئۆز باتالىيونىمىزغا قايتتۇق. بىز ئۈچىمىز باتالىيون شتابىغا كەلسەك، شتابتىكى ئوفىتسېرلەر ۋە جەڭچىلەر توپ- توپ بولۇپ

يېڭى خەۋەر ئاڭلايمىز دەپ يولىمىزغا قاراپ تۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى. ئۇلار بىزدىن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ھۇررا، بىز يەنىسخەي ئورمانلىقىدىن شەرققە قاراپ يۆتكىلىدىكەنمىز» دەپ خۇشاللىقىدا بىر- بىرسى بىلەن قۇچاقلىشىپ، شەپكىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ، ئۇزاقتىن كۈتكەن كۈنلىرىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىغا تەنتەنە قىلىشتى. بىز باتاليون شتاب گەمىسىگە كىرگەندىن كېيىن، باتاليوننىڭ كاتىپى كەرىمنى چاقىرتىپ: «دەرھال ھەر قايسى روتىلارغا ئۇقتۇرۇش قىل، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە بارلىق روتا كوماندىرلىرى، ۋوزۋود كوماندىرلىرى باتاليون شتابىغا يىغىلسۇن» دېدۇق. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن دەل سائەت ئىككىدە باتاليوندىكى ۋوزۋود دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار يىغىلدى. باتاليون كوماندىرى، سىياسىي رەھبەر ۋە مەن ئۇچىمىز مەجلىسخانىغا كىرىشىمىز بىلەن تەڭ، كۆپچىلىك شۇنداق بىر خۇشاللىق ھېسسىياتى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئاۋۋال باتاليون كوماندىرى سۆز قىلىپ:

— يولداشلار، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىزنىڭ پولك ئورمانلىقتىن يۆتكىلىپ شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىدىغان بولدۇق. بىزنىڭ باتاليون ئۈچ كۈن ئىچىدە

ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ بولۇشى كېرەك، — دېيىشى بىلەن مەجلىسخانىدا گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراپ كەتتى. ئاندىن مەن سۆز قىلدىم:

— يولداشلار، ھەر بىر روتا، ۋوزۋود، ھەممە بەنلەر تەييارلىقنى پۇختا، تولۇق ئىشلىشى كېرەك. قورال- ياراغ، ئوق- دورىلارنى ھەر بىر جەڭچى ئۇستاپ بويىچە ئۆزىگە تېگىشلىكلىرىنى ئۆزلىرى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭىدۇ. قالغان ئوق- دورىلار باتاليون بويىچە يىغىپ پولك قورال- ياراغ بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. بىز شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىپ ماناس دەرياسى بويىغا بېرىپ مۇداپىئەدە تۇرىدىغان ئوخشايمىز.

يەنسخەيدىن ماناس دەرياسى بويىغىچە ئەللىك- ئاتمىش كىلومېتىر كېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوزۇق- تۆلۈكنى تولۇق ئېلىۋېلىشىمىز، باكلاشكىلارغا سۇ قاچىلىۋېلىشىمىز كېرەك. جەڭچى، كوماندىرلار ئۆزىنىڭ كۆتۈرۈشىدىن ئېشىپ قالغان يۈك- تاقلىرىنى ھەر كىم چىڭ باغلاپ، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى روتا، ۋوزۋود، بەنىنىڭ ئادرېسىنى ئېنىق يېزىپ، باتاليون خوجۇلۇقىغا تاپشۇرۇڭلار، باتاليون پولك ئارقا سېپىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇلار ئارقىمىزدىن يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. گەمە، ئىستىھكام، قاتناش ئاكوپلىرى شاخ- شۇمبىلار بىلەن ماسكىروفكا قىلىنسۇن. بۇ

خىزمەتلەرنى ۋوزۋود، بەنلەر تولۇق، پۇختا ئىشلىشى
كېرەك. بىز پولك شتابىغا يېغىنىنىڭ روھىنى، ئۆز
باتالىيونىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ
ئورۇنلاشتۇرغانلىقىمىزنى دوكلات قىلدۇق. شۇنىڭ
بىلەن، ئۈچ كۈن ئىچىدە باتالىيونىمىز ئاجايىپ بىر خىل
خۇشاللىق كەيپىياتىغا چۆمدى. ھەممە ئادەم ئالدىراش
ئىدى. بىر تەرەپتىن قورال- ئوقلارنى ساناپ، ئۆزىگە
تېگىشلىكلىرىنى ئېلىپ قېلىپ قالغانلىرىنى تىزىملاپ
يۇقىرىغا تاپشۇراتتى، يەنە بىر تەرەپتىن گەمە، ئوت
توچكىسى، ئۆتۈشمە يوللارنى شاخ- شۇمبىلار بىلەن
يېپىپ قوياتتى. باتالىيونىمىز تەييارلىق ئىشلىرىنى
بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتتۈرۈشكە تىرىشماقتا
ئىدى. ئۈچ كۈنىنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى
سەزمەيلا قالدۇق. تەييارلىقلار پۈتتى، يولغا چىقىش
بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى. جەڭچىلەر بىر يىلغا يېقىن
ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزلىرىگە سىرداش بولۇپ قالغان گەمە
ئۆيلەردىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك يولغا چىققاندا،
ئارقىسىغا قاراپ- قاراپ ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ
تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن: خوش يەنسىخەي،
سەن كەلگۈسى ھاياتىمىزدىكى كۈرەشلەردە
ياشلىقىمىزنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە مەڭگۈ قەلبىمىزدە
ساقلىنىپ قالىسەن، دەپ ئاخىرقى قېتىم يەنسىخەي
بىلەن خوشلىشىپ، ئالدىغا قاراپ چوڭ- چوڭ قەدەملەر

بىلەن ئىلگىرىلەيتتى. كوماندىر، جەڭچىلىرىمىز ئۆزۈن مۇساپىنى بېسىپ، ئىسسىق ئاپتاپتا كۆيۈپ-پىشىپ ئاخىر شىخەنزىگە يېتىپ كېلىپ، شىخەنزىدىكى بىر قانچە كونا ئامبار، ئاشلىق ئامبىرى قىلىنغان ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتى. قىسىملار ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، يېڭىدىن رەتكە سېلىنىپ، بىزنىڭ 4- پولك بىلەن غۇلجا 2- پولك قوشۇۋېتىلدى. بىزنىڭ 3- باتالىيون بولسا ماناس كۆۋرۈكى بېشىدا مۇداپىئەدە تۇردى. قالغان ئىككى باتالىيون كۆۋرۈكنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا مۇداپىئەدە تۇردى.

# تۆتىنچى قىسىم

## تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى

1945 - يىلى 10 - ئايلاردا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى. تىنچلىق سۆھبىتى باشلىنىشى بىلەن، ئالدىنقى سەپتىكى قىسىملىرىمىز ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ مۇداپىئەدە تۇردى.

1946 - يىلى 6 - ئايلارغا كەلگەندە، ھەر قايسى يۆنىلىشتىكى قىسىملار شىخەنزىگە توپلاندى. ئۇزۇندىن بۇيان بىر- بىرىمىزدىن ئايرىلىپ كەتكەن دوستلار، يۇرتداشلار ئۇچرىشىپ، خۇشاللىقتا قۇچاقلىشىپ يومىداقلىشىپ كېتىشتۇق، ئۇچراشتۇرالمىغانلارنى سورۇشتۇرۇشتۇق. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇرۇشتا ۋاقىتسىز قۇربان بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇلارنى ئەسلىشىپ كۆزلىرىمىزگە ئىسسىق ياشلارنى ئالدۇق. نۇرغۇن ئوفىتسېرلەر تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ مەزمۇنى نېمە

ئىكەن، دەپ بىر- بىرىدىن سورىشاتتى. كېيىن ئۇقۇشىمىزچە، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئىمزالىغان 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىدە: ئۈچ ۋىلايەت چوڭ قىسمىنى قىسقارتىپ ئون ئۈچ مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسىنى ساقلاپ قالىدۇ، ئۇنى ئالتە پولك قىلىپ تەشكىللەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچ پولكى گومىنداڭ دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شتاتىغا كىرگۈزۈلۈپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەمىنلىنىدۇ، قالغان ئۈچ پولكنى ئۈچ ۋىلايەت ئۆزى تەمىنلەيدۇ، دەپ بېكىتىلىپتۇ. يۇقىرىقى روھ بويىچە، ھەربىي سەپتىن كەڭ بوشىتىش، قىسىملارنى بىر- بىرىگە قوشۇۋېتىش ئېلىپ بېرىلدى. بىزنىڭ قولىمىزدىكى ئاپتومات، پىلىموتلاردىن بىر قىسمى يىغىۋېلىندى. چۈنكى، بۇ قوراللار سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشىدا سوۋېت تەرەپ ئولجا ئالغان ئاپتومات، پىلىموتلار ئىدى. قولىمىزدا پەقەت گېرمانكا مىلتىق ۋە گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن غەنىيمەت ئالغان پىلىموت ۋە ياغاچ ساپلىق گراناتلا قالدى. قېيۇمبەگ غوجا پولكنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ھەققىدىكى بۇيرۇقنى ۋوزۋود دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنىدا ئوقتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «مەن ھازىر سىلەرگە يۇقىرى قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقنى يەتكۈزىمەن. 4 - پولك تەرتىپكە سېلىنىپ،

غۇلجا 4 ـ پولك دېگەن نام ئەمەلدىن قالدى، ئۇ ماناس دەرياسى بويىدا تۇرۇۋاتقان ئازاد نىشانلىق پىيادە 2 ـ پولك بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن غۇلجا ئازاد نىشانلىق 2 ـ پولك دېگەن نام ساقلاپ قېلىنىدۇ».

ئىككى پولك قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن ھەر ئىككى پولكتىن نۇرغۇن ئەسكەر ۋە كوماندىر ھەربىي سەپتىن چېكىنىدۇرۇلدى. ئىككى پولكنىڭ ئادەم سانى ئەسلىدىكى ئۈچ مىڭ بەش يۈزدىن بىرمىڭ بەش يۈزگە قىسقارتىلدى. يېڭى رەتكە سېلىنغان پولك رەھبەرلىكى باشقىدىن تەشكىل قىلىندى. پولك كوماندىرى يەنىلا قېيۇمبەگ بولدى. سىياسىي كومىسسار ھاشىم گۆھەر باقى، ناچالنىك ماتسوك، مۇئاۋىن ناچالنىك غىلايدىن ئەۋزى ھەربىي سەپتىن چېكىنىدۇرۇلدى. مەن پولكنىڭ ناچالنىك شتابى بولدۇم. مەزەمخان مۇئاۋىن پولك كوماندىرى بولدى. خوجىلىق باشلىقلىقىنى يەنىلا زۇنۇن ئاكا ئۆز ئۈستىگە ئالدى. يېڭى تەشكىل قىلىنغان پولكنىڭ ۋەزىپىسى شىخەنزە ۋە ماناس كۆۋرۈكى بويىدا مۇداپىئەدە تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈشتىن ئىبارەت بولدى. ماناس كۆۋرۈكىنى گومىنداڭ ئاللىقاچان كۆيدۈرۈۋەتكەن بولۇپ، پەقەت سايدىكى كېچىكتىنلا ئۆتكىلى بولاتتى. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ماناس دەرياسىنىڭ سۈيى بەك

ئۆلغىيىپ كەتكەچكە، ئاتلىقمۇ ئۆتكىلى بولمايتتى.

1946 - يىل 7 - ئاينىڭ بېشىدا ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى تىنچلىق بىتىمىگە ئىمزا قويدى. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدىن كەلگەن كىشى شىخەنزىدە قىسىملارنىڭ باشلىقلىرىنى يىغىپ پۈتۈن ئەھۋالنىڭ تەپسىلىي جەريانىنى تونۇشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز نېمە ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە ئەسكەر بوشىتىلىدۇ؟ قىسىملار نېمىشقا قوشۇۋېتىلىدۇ؟ نېمىشقا ماناس دەرياسىدىن ئۆرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەيمىز؟ دېگەن سوئاللارغا تولۇق جاۋاب تاپتۇق. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدىن كەلگەن كىشى:

— يولداشلار، مەن ھازىر سىلەرگە مىللىي ئارمىيە قوماندانلىقىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى يەتكۈزىمەن. يولداشلار، ھازىر خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ۋەزىيىتىدە چوڭ بۇرۇلۇش بولماقتا. 8-، 9- ئايلاردا دۇنيا مىقياسىدا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. پۈتۈن جۇڭگودا بولسا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۇزۇل- كېسىل غەلىبىگە ئېرىشتى. مۇشۇنداق ئىچكى- تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىمىز ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايىنى ئازاد قىلدى. ئوتتۇرا يۈنىلىشتە شىخۇ، جىڭ، ساۋەن ۋە ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى ئىشغال قىلىپ،

دۇشمەنگە دەلمۇ دەل مىختەك قادىلىپ، ئۇرۇمچىگە تەھدىت سالدى، مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە گومىنداڭ دائىرىلىرى شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بىزمۇ شىنجاڭدا قوراللىق توقۇنۇشنى، قان تۆكۈلۈشنى توختىتىشنى خالايدىغانلىقىمىز ۋە شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈردۇق. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ خېلى بۇرۇنلا يەنى بۇلتۇر 10- ئايلاردا مەخپىي ھالدا ئوبۇلخەيرى تۆرە، رەخىمجان سابىرھاجى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى قىلىپ ئۇرۇمچىگە سۆھبەتكە ئەۋەتتى. بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز گومىنداڭ مەركىزىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجوڭ ئەپەندى بىلەن نۇرغۇن قېتىم مۇرەككەپ، كەسكىن كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، بۇ يىل 1- ئاينىڭ 2- كۈنى ئىككى تەرەپ قوراللىق توقۇنۇشنى توختىتىش، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئۈستىدە سۆزلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن مىللىي ئارمىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت مۇھىم ھالقىلىق مەسىلىدە زور ئىختىلاپ بولۇپ، سۆھبەت بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. بۇ يىل 5- ئايدا سۆھبەت يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، نۇرغۇن مۇرەككەپ زىددىيەتلەردىن

كېيىن 6- ئاينىڭ 6- كۈنى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىگە ئىككى تەرەپ ئىمزا قويىدى. يولداشلار، مانا مۇشۇنداق سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بىتىمنىڭ روھى بويىچە، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى تەرتىپكە سېلىپ ئون ئۈچ مىڭ كىشىگە قىسقارتىشقا توغرا كەلدى. ھەر بىر كادىر، جەڭچىلەرنىڭ بىتىمنى ھىمايە قىلىپ، بىتىم بويىچە ئىش كۆرۈشىنى سورايمىز، — دېدى. بىز قايتىپ بېرىپ يۇقىرى قوماندانلىقنىڭ يۇقىرىقى ئۇقتۇرۇشىنى پۈتۈن كوماندىر، جەڭچىلەرگە ئېغىز ئارقىلىق يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى خەۋەردار قىلدۇق. تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن ساقلىنىپ قالغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايلارغا، يەنى مىللىي ئارمىيە باش شتابى، غۇلجا 2- پولك، مۇستەقىل توپچىلار باتالىيونى ۋە ھەربىي مەكتەپ غۇلجا شەھرىگە، شىخۇ پولكى شىخۇغا، تارباغاتاي پىيادە 3- پولكى چۆچەككە، ئاتلىق 2- پولك قوبۇقسارغا، ئاتلىق 3- پولك ئالتاي سارسۇمبىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## ماناس دەرياسى بويىدىن قايتىش

1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، بىزنىڭ

ماناس دەرياسى بويىدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان غۇلجا 2- پولكىمىز مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ چىكىنىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. چىكىنىش بۇيرۇقىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: غۇلجا 2- پولك 7- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن بۇرۇن ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن چىكىنىپ، غۇلجا شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقسۇن، چىكىنگەندە پولكنىڭ بارلىق ئاكوپ، ئىستىھكاملىرى تىندۇرۇلسۇن. جىڭغا بارغاندىن كېيىن، جىڭنىڭ ئاچال داۋىنى ئارقىلىق توغرى سۇ يايلىقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، يۇقىرىقى پەنج ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ ھەرەمباغ گازارمىسىغا ئورۇنلاشسۇن. بۇ ئۇزۇن يولنى باسقاندا پولكنىڭ بىخەتەرلىكىگە، ئوق- دورا، قورالنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىشى لازىم. جەڭچىلەر ۋە ئوفىتسېرلەر ئۆزلىرى ئېلىپ ماڭالمايدىغان يۈك- تاقلارنى ياخشى باغلاپ، قىسىم ۋە ئۆزىنىڭ ئىسىم- فامىلىسىنى ئېنىق يېزىپ ئارقا سەپكە تاپشۇرۇپ بەرسۇن. يول بويى ئاھالىلەر بار جايلاردىن ئۆتكەندە خەلقنىڭ مال- مۈلكىگە زىيان- زەخمەت يەتكۈزۈشكە قەتئىي يول قويۇلمىسۇن، ئەگەر بۇ خىل ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، ھەربىي ئىنتىزام بويىچە بىر تەرەپ قىلىنسۇن. مانا شۇنداق قىلىپ، بۇ قېتىمقى چېكىنىش بۇيرۇقى بويىچە، 1946- يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

ماناس دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان غۇلجا 2- پولكىمىز غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتى. جاپالىق يوللارنى بېسىپ توغرى سۇ يايلىقىغا يېتىپ كەلگەندە، بۇ بىپايان يايلاقنىڭ ساپ هاۋاسىدا كوماندىر ۋە جەڭچىلەر مۇزدەك سۇغا ئۆزلىرىنى ئېتىپ يۇيۇنۇشقا كىرىشىپ كەتتى. مەنمۇ بىر پىنهان جايىنى تاللاپ يۇيۇنۇۋالدىم. توغرى سۇ يايلىقىدا ئۈچ كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلىدۇق. جاپالىق يول مېڭىپ، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، تاشلىق يوللارنى، چاتقاللىقلارنى، چۆللەرنى بېسىپ، هەيۋەتلىك قەدەملەر بىلەن يىگىرمەئۈچ كۈن پىيادە يول مېڭىپ، 1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى غۇلجا شەهىرىدىكى هەرەمباغ گازارمىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشتۇق.

ئەتىسى مىللىي ئارمىيە شتابىنىڭ مۇئاۋىن ناچالنىكى، شتاب پولكوۋنىكى مەمتىمىن ئىمىنوف بىر قانچە شتاب كادىرىنى باشلاپ كېلىپ، بىزدىن هال سورىدى. ئىمىنوف ئالدى بىلەن پۈتۈن پولكقا چاس بېرىپ هۆرمەت بىلدۈردى ۋە سۆز قىلدى:

— يولداشلار، سىلەر ئۇزۇن يوللارنى پىيادە بېسىپ جاپا چەكتىڭلار. مەن مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدىكى بارلىق رەهبەرلىكنىڭ نامىدىن سىلەردىن سەمىمىي هال سورايمەن هەم سىلەرگە

جەڭگىۋار سالام يوللايمەن، — ئۇ تىك تۇرۇپ قىسىمغا چاس بەردى، — يولداشلار، كوماندىر، جەڭچىلەر، بىز ۋەتەننىڭ سىلەردەك باتۇر، قەيسەر، قەھرىمان ئوغلانلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن پەخىرلىنىمىز، — ئۇ شۇنداق دېيىشى بىلەن پۈتۈن پولك گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىتىپ ئۆز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: مەن پۈتۈن مىللىي ئارمىيە باشلىقلىرى نامىدىن ئۇرۇشتا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان باتۇر ئوغلانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن. بىز ئۇرۇشتا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان باتۇر ئوغۇل- قىزلارنىڭ ئاتا- ئانىسىنى ئىزدەپ تېپىپ يوقلايمىز. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ۋەتەن، خەلقىم دەپ ئىسسىق جېنىدىن كېچىپ، ئاتا- ئانىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ كەتكەن ئەھۋالىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرىمىز. ئۇلارنىڭ ئاتا- ئانىسى بىزنىڭمۇ ئاتا- ئانىمىز، ئۇلارنىڭ بالىلىرى بىزنىڭمۇ بالىلىرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئۇلارغا قاراش مەجبۇرىيىتىمىز بار. ئاخىر ئىمىنوف سۆزىنى تۈگىتىپ خوشلىشىپ قايتتى. قىسىم ۋەيران بولۇپ كەتكەن ھەرەمباغ گازارمىسىنى بىر ھەپتە تازىلىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن پولك باشلىقلىرى يىغىنىدا مەن مەرھۇم ئابدۇللامنىڭ ئانىسىغا يازغان خېتىنى ئوقۇپ بەردىم. بۇ خەت ئەسلىدە ئابدۇللام شىخۇ دوختۇرخانىسىدا ياتقاندا ماڭا ئانىسىغا تاپشۇرۇپ

بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان، مەن چوقۇم تاپشۇرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان خەت ئىدى. خەتتە مۇنداق يېزىلغانىدى:

«مەن ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان مېھرىبان ئانا. سېنى سېغىنغىنىمنى تىلغا ئالسام، قېشىڭغا هازىرلا قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ بارغۇم كېلىدۇ. لېكىن، بىز هازىر دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىمىز، دۈشمەننى يوقىتىپ، خەلقنى ئازاد قىلماي تۇرۇپ يېنىڭغا بارالمايمەن. جېنىم ئانا، سېنى يالغۇز تاشلاپ قويدۇم، كۆزلىرىمدىن ئۇچۇپ كەتتىڭ. سېنىڭ ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ، باشلىرىمنى سىلاپ، باتۇر بول قوزام، مەن يالغۇز ئەمەس، كۆپچىلىك بىلەن بىرگە، دەپ پېشانەمگە سۆيۈپ ئۇزاتقىنىڭ كۆز ئالدىمدىن زادى كەتمەيدۇ.

ئانا، مەن ئەتە بىر قانچە سەپداشلىرىم بىلەن دۈشمەن پوتىيىنى پارتلىتىشقا بارىمەن. جېنىم ئانا، ئۇرۇش دېگەن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم. ئۇرۇش دېگەن قان تۆكۈش، بۇنى چۈشىنىسەن. ئەگەر قايتىپ كېلەلمىسەم، ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ كۆكسۈڭنى چاڭ ئېتىپ، چاچلىرىڭنى يۇلۇپ يىغلىما، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال جېنىم ئانا. مەن ئۆلۈپ كەتسەم سەن ئارزۇلىغاندەك باتۇرلۇق بىلەن ئۆلىمەن. بۇ مەن ئۈچۈن بەخت، ئەلۋەتتە. كۆڭلۈڭنى بۇزما، ساڭا ئاتاپ بىر قانچە

كۆپلىت شېئىر يېزىپ خەتكە سېلىپ قويدۇم. بۇ بەلكىم ھاياتىمنىڭ ئاخىرىدىكى يۈرەك سۆزۈم سۈپىتىدە ساڭا زور تەسەللى بولۇپ قالار.

ئانىجان يادىمدا بار،
تىنماي ئازاب چەككەنلىرىڭ.
كېچىلەردە ئۇخلىماي،
ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭ.

ئون سەككىز يېشىمغىچە،
شەربەت بېرىپ باقتىڭ مېنى.
رازى بولغىن جان ئانا،
ئەمدى كۆرەلمەيسەن مېنى.

چۈنكى مەن دۈشمەن بىلەن،
مەيداندا جەڭ قىلغانىدىم.
كۆپ دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ،
كۆكرىكىمگە ئوق يېدىم.

يىغلىما جېنىم ئانا،
ھەر جايدا باردۇر بۇ ئۆلۈم.
چۈنكى ئېچىلماي توزۇدى،
ئون گۈلۈمدىن بىر گۈلۈم.

خەير- خوش جان ئانا، ئۆلۈپ كەتسەم بۇ خېتىم ساڭا ئۆمۈرلۈك تەسەللى بولار، هايات قالسام ساق- سالامەت كۆرۈشەرمىز. ئەمما، مەن ئوغۇللۇق بۇرچۇمنى جەزمەن ئادا قىلىمەن. ئانا، بۈگۈن چۈشۈم بۇزۇلۇپ قاپتۇ، چۈشۈمدە دادام چاقىرغۇدەك، يۈگۈرۈپ چىقسام قاراڭغۇ تار بىر كوچىغا ئېلىپ كەتتى. هاياتىمنىڭ ئاخىرىسىدا خەت ئارقىلىق سېنىڭ مېھىر- شەپقەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىڭنى سۆيۈپ

ئوغلۇڭ ئابدۇللامدىن.

1945- يىل 7- ئاي»

مەن: بۇ خەتنى ئابدۇللامنىڭ ئانىسىنى تېپىپ چوقۇم ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىمەن دېدىم. پولك باشلىقى خەتنى ئېلىپ ئاجايىپ تەسىرلەندى. ئۇ: «يولداش ساۋدانوف، سىز بۇ خەتنى ئابدۇللامنىڭ ئانىسىغا چوقۇم يەتكۈزۈپ بېرىڭ، ئۇنىڭغا سوۋغات ئېلىۋېلىڭ، بۇ ۋەزىپىنى سىزگە تاپشۇرىمەن» دېدى. مەن «خوپ» دەپ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالدىم ۋە دەرھال ئىشخانامغا قايتىپ كېلىپ، ئىشلەيدىغان خىزمەتلەرنى كادىرلارغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، شتابتىن بىر كادىرنى يېنىمغا ئالدىم- دە، ئاتقا مىنىپ ماگىزىندىن مومايغا بىر، ئىككى كىيىملىك رەخت، چاي، قەنت، ناۋات دېگەندەك سوۋغاتلارنى سېتىۋالدىم. ئاندىن ئايدۈڭگە

قاراپ يۇرۇپ كەتتۇق. بىز ئايدۇڭ مەسچىتىنىڭ ئالدىغا كېلىۋىدۇق، مەسچىتنىڭ ئالدىدا ئويناۋاتقان بىر توپ ئۇششاق باللار ئويۇننى توختىتىپ ئۇستىمىزدىكى ھەربىي فورمىلارغا ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ قالدى. بىز دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ باللارنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭراق بىر بالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— ئىتىڭ نىمە؟ — دەپ سورىدىم. بالا سەل قورقۇمسىرىغاندەك قولىنى مەندىن تارتىپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ماڭا قاراپ قالدى. مەن دەرھال كۈلۈپ، — ئوغلۇم بىزدىن قورقما، ئىتىڭ نىمە؟ — دەپ قايتا سورىدىم. ئۇ كۈلۈمسىرىگەن چىرايىمنى كۆرۈپ، — ئىتىم ئابابەكرى، — دېدى. يارايسەن دېدىممەن ئاندىن «ئۆيۈڭلار مۇشۇ مەھەللىدىمۇ؟» دەپ سورىدىم. بالا دەرھال: «ھەئە، ئاۋۇ تار كوچىنىڭ ئىچىدە» دەپ، سول تەرەپتىكى بىر تار كوچىنى كۆرسەتتى. بۇ باللار كەمبەغەللەرنىڭ باللىرىدەك تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كىيىم- كېچەكلىرى جۇل- جۇل، پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ ئىدى.

مەن يەنە سوئالىمنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— بالام، سەن مۇشۇ مەھەللىدىن ئەسكەرلىككە كەتكەن ئابدۇللام ئاكاڭنى تونۇمسەن؟ — دەپ سورىۋىدىم، بالا «ياق» دېگەندەك مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ

قويۇپ، — ئاۋۇ كېلىۋاتقان كىشى مۇشۇ مەھەللىلىك، شۇ كىشى بىلىدۇ، — دېدى ۋە ھېلىقى ئادەمگە قاراپ:

— ئايۇپ ئاكا، بۇ يەرگە كېلىڭە، — دېدى.

ھېلىقى ئادەم بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىپ سوئال نەزەرى بىلەن سالام قىلدى، بىزمۇ سالام قايتۇردۇق. بۇ ئادەم بېشىغا سەللە يۆگىۋالغان، ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى كىشى ئىدى. ئېھتىمال مۇشۇ مەسچىتنىڭ مەزىنىمۇ بىر نېمىسى بولسا كېرەك. ئۇ كىشى سالاملاشقاندىن كېيىن ماڭا قاراپ، — تەقسىر ھەر قايسىلىرى بىرسىنى ئىزدىشەملا؟ — دەپ سورىدى. مەن دەرھال:

— ھەئە، ئاكا سىلە بىلەملىكى، مۇشۇ مەھەللىدىن ئالدىنقى سەپكە ئەسكەرلىككە كەتكەن ئابدۇللام دېگەن بالىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەۋاتاتتۇق، — دېدىم. سەللىلىك ئادەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن،

— ھە! مۇنداق دېسىلە، بىچارە ئايىمخان ئانا بالىسىنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ ئاغرىقچان بولۇپ كەتتى. كۆزىنىڭ قارىچۇقىدەك بالا ئىدى. بىچارە مەزلۇمنىڭ بالىسى قايتىپ كېلەلمەيتۇ- دە؟ — دېدى كۆزۈمگە مەنىلىك قاراپ. ئاندىن دەرھال، — تۇرۇپ تۇرۇشىلا، مەن ئاۋۇ كوچىغا ئۆتۈپلا بىر قانچە جامائەتنى باشلاپ كېلەي، — دەپلا ئايلانما بىر كوچىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. بۇ ئادەم بىردەمدىلا ئۈچ- تۆت ئادەمنى باشلاپ شۇنداق تېز پەيدا بولدى- دە،

ئالدىمىزغا كېلىپ، — مانا بۇلار مۇشۇ مەھەللىنىڭ جامائىتى بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى. كەلگەنلەر بىز بىلەن سالام - سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن، ھېلىقى سەللىلىك ئادەم ئەمدى يۈرۈشسىلە، دەپ بىزنى باشلاپ بىر تار كوچىغا كىردى. ئۇ بىز بىلەن ئەللىك مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن كىچىك بىر ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، ھويلا تاملىرى كونىراپ ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. مەن يېتىلىۋالغان ئاتنى ئىشىك ئالدىدىكى سۆگەتكە باغلاپ قويۇپ، بىللە كەلگەن توختىيوفنى باشلاپ، بىز ئالدىدا، جامائەت كەينىمىزدە بىر كونا كىچىك ياغاچ ئىشىكتىن ھويلىغا كىردۇق. ھويلىدا كۈنگە قارىتىپ سېلىنغان بىر ئېغىز ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر يازلىق چايخانا ۋە سۇپا تۇراتتى. سۇپىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر يوغان ئوچاق بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر قازان ئېسىقلىق تۇراتتى. قورۇنىڭ ئىچى ئىنتايىن پاكىز سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، ئىشىكنىڭ ئالدىدا كىچىككىنە يەرگە ھەر خىل گۈللەر تېرىلغان بولۇپ، گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. قورۇنىڭ ئىچى گۈپۈلدەپ رەيھان پۇراپ تۇراتتى. شۇ ئارىلىقتا ئۆيدىن ئون ياشلار چامىسىدىكى سېرىق چاچلىق، ئوماققىنە بىر قىز يۈگۈرۈپ چىقىپ، بىزنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى- دە، يەنە كەينىگە قاراپ: «ئايىمخان ئانا،

ئۆيگە جىق مېھمانلار كەلدى» دەپ يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. قىزچاقنىڭ كەينىدىنلا مەن جامائەتنى باشلاپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ ئۆيگە كىرىپ كەلدۇق. ئۆينىڭ پەنجىرىسى تولىمۇ كىچىك بولغاچقا، ئۆي قاراڭغۇ ئىدى. ئاتمىش ياشلاردىن ئاشقان، چاچلىرى ئاقارغان، ئورۇق، بۈغداي ئۆڭلۈك، كۆزلىرى يوغان بۇ موماي بىزگە قاراپ تۇرۇپ قېلىپ: «ئايتۇران قىزىم، مېھمانلارغا كۆرپە سېلىڭ» دېدى-دە، ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدىيۇ، لېكىن ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇنىڭغىچە مەن مومايىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ مومايىنى تۇرغۇزدۇم. موماي نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن بىزگە تازا سەپسېلىپ قاراپ كەتكەندىن كېيىن ماڭا قاراپ، — بالام سىلەرنى تونۇمىدىمغۇ؟ — دېدى ۋە پاگونىمغا قاراپ، — سىلەر ئەسكەر ئوخشايسىلەر-ھە؟ ئەسكەرلەرنى بوشىنىپ قايتىپ كەپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم. ئۇ مېنى ئوچۇق كۆرۈۋېلىشقا ئالدىرىغاندەك، كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن ياشاڭغۇرىغان كۆزلىرىنى ئېيتىۋېلىپ ماڭا قارىدى. شۇ ئەسنادا بىز بىلەن بىرگە كىرگەن جامائەتتىن بايىقى سەللىلىك ئادەم خەتمە قۇرئان قىلدى. بۇ جەرياندا ئايىمخان ئانا ھەيرانلىقتا بىزگە قاراپ قېتىپلا قالغانىدى. خەتمە قۇرئان تۈگىشى بىلەن جامائەت، — ئەلھۇكمىلىك، ئايىمخان ئانا، ئابدۇللام قايتىپ كېلەلمەپتۇ، — دېدى.

شۇ ئارىلىقتا موماي ئېسىنى يوقىتىپ قويغاندەك، سۆزنى خاتا ئاڭلىۋالغاندەك ھەيرانلىقتا ئۇياق- بۇياققا قارايتتى. ئۇنىڭغىچە مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئايىمخان ئانا دېيىشىمنى بىلدىم، موماي ئېسىگە كەلگەندەك ماڭا ئېسىلىپ مېنى باغرىغا بېسىپ يىغىنى باشلىدى. «ۋاي بالام، يۈرەك پارەم ئابدۇللام، كۆزۈمنىڭ قارچۇقى ئىدىڭ، يالغۇزتىم، خۇدايىم ماڭا سېنىمۇ ئۇشۇق كۆردىمۇ؟ باشقا بالىلاردەك سەن نېمىشقا قايتىپ كېلەلمىدىڭ؟ مېنى بۇ جۇدالىقلارغا قانداق چىدىسۇن دېدىڭ قوزام. يالغۇز مۇساپىر ئاناڭنى قانداق تاشلاپ كەتتىڭ بالام. كۆز نۇرۇم، مېنىڭ بايلىقىم سەن ئىدىڭ بالام، مېنىڭ بەخت- سائادىتىم سەن ئىدىڭ بالام. مەن سېنىڭ بىر قارىشىڭ بىلەن خۇشال بولاتتىم بالام، مەن ساڭا قانداق چىدايمەن بالام. بۇ ھەسرەت- نادامەتنى يالغۇز قانداق كۆتۈرەرمەن بالام، مېنىڭ تاۋۇتۇمنى سەن كۆتۈرۈپ ئانام دەپ يىغلاپ قالساڭ بولماسمىدى» دەپ ئانا ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي چاچلىرىنى يۇلۇپ مەيدىلىرىگە مۇشتلاپ يىغلىماقتا ئىدى. بۇ ئانىنىڭ ھەسرەت - نادامىتى ھەممىمىزنىڭ يۈرەكلىرىمىزنى ئېزىپ كۆزلىرىمىزدىن ئىختىيارسىز ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭغىچە بايىقى سەللىلىك ئادەم قېشىمىزغا كېلىپ: «سەۋر قىلىسىلا ئايىمخان ئانا، خۇدانىڭ

تەقدىرى شۇنداق ئوخشايدۇ. يىغا بىلەن تەقدىرنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. سەۋر قىلىسىلا، بۇ بالىلارمۇ سىلىنىڭ بالىلىرى ئەمەسمۇ» دەپ ئايىمخان ئانىنىڭ قوللىرىنى مەندىن تەسلىكتە ئاجراتتى. لېكىن، ئانىنىڭ قۇلىقى ئاڭلىمايۋاتقاندەك، كۆزى كۆرمەيۋاتقاندەك، داد- پەريات ئىچىدە خۇداغا نالە قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغىچە جامائەت موماينى يىغىدىن توختىتالماي يەنە خەتمە قۇرئان قىلىشقا باشلىدى. مەن ئابدۇللامنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن بىر قۇر كىيىمىنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى خەتنى قويۇپ، بىز ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلارنى ئانىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم. بىچارە، بەختسىز تۇل ئانىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى نالە- پەريادى ھېلىمۇ قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئانا قولۇمدىن بالىسىنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ پۇراپ كۆزلىرىگە سۈرتۈپ يىغلاۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا قوشنا ئاياللار بۇ ئۆيگە كىرىپ تەڭ يىغلاشتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چوڭراق بىرسى: «ئايىمخان سەۋر قىلىسىلا، قانداق قىلىمىز، يالغۇز سىلىنىڭ ئەمەس، نۇرغۇن ياش يىگىتلەرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى. شۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمۇ چىداۋاتىدۇ، تەقدىر شۇنداق ئىكەن. سەۋر قىلىسىلا، ماۋۇ ئەسكەر بالىلارنىمۇ تەڭلىكتە قويمىسىلا» دەپ يىغىنى توختاتتى. مەنمۇ شۇنى كۈتۈپ تۇراتتىم. دەرھال مومايىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

«يىغلاۋەرمەڭ ئانا، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، تەقدىرنى كۆز يېشى بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. ئەلھەمدۇلىللا دېمەكتىن باشقا چارە يوق. ئوغلىڭىز ئابدۇللام ئۇرۇشتا ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن باتۇرلارچە قۇربان بولدى. سىز ھەقىقىي بىر ئوغۇل بالىنى تۇغۇپ ئۆستۈرۈپسىز، بالىڭىزنىڭ قەھرىمانلىقى خەلقنىڭ قەلبىدە، بىز سەپداشلىرىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات. ئاشۇنداق باتۇر ئوغۇلنى يېتىشتۈرگىنىڭىز ئۈچۈن ۋەتەن، خەلق سىزدىن مىننەتدار. بىز ئابدۇللامدەك ۋەتەن، خەلق يولىدا قۇربان بولغان باتۇر ئوغلانلىرىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز» دېدىم. جامائەتمۇ سۆز قىستۇرۇپ: «راست. راست، ئايىمخان بۇ بالىلار راست دەيدۇ» دېيىشتى. ئاندىن مەن يەنە: «ئايىمخان ئانا، سىز ھەرگىز يىغلىماڭ. ھۆكۈمەت سىزدەك ئانىلارنى تاشلىۋەتمەيدۇ. سىز ۋەتەن، خەلق ئالدىدا ئالىي ھۆرمەتكە سازاۋەر ئانا. بىز سىزدەك ئۇلۇغ ئانىلار بىلەن پەخىرلىنىمىز، — دەپ موماينىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈم، — سىزنى يوقلاپ تۇرىمىز، سىز ئابدۇللامنىڭلا ئانىسى ئەمەس، بىز ھەممىمىزنىڭ ئانىسى. مەن قايتىپ بېرىپ، رەھبەرلىككە ئەھۋالىڭىزنى دوكلات قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا نەپىقە بېرىش ئورنىغا تىزىملاتقۇزۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا

ياردەم قىلىمەن» دېدىم - دە، موماي ۋە جامائەت بىلەن خوشلىشىپ ماڭدىم. بىز تار كوچىدىن چىقىپ كەتكۈچە مومايىنىڭ ئاھ - زارى، ھەسرەت، نادامەتلىك نالىسى قۇلىقىمىزغا كىرىپ تۇردى. مەن نېرىقى كوچىنىڭ دوقمۇشىغا بېرىپ ساقلاپ تۇردۇم. جامائەتمۇ كەينىمىزدىن چىقىۋاتاتتى. ئۇلار قېشىمىزغا كەلگەندىن كېيىن، مەن: «سىلەر بىر قانچە مويسىپىت كەچتە كىرىپ مومايدىن ھال سوراپ، تەسەللىي بېرىپ قويۇڭلار» دېدىم. شۇنىڭدىن كېيىن بىللە كەلگەن بالا بىلەن شتابقا قايتىپ كەلدىم.

ئاردىن بىر ئاي ئۆتتى، 9 - ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. پولكنى تەرتىپكە سېلىپ كونا ئەسكەرلەرنى ھەربىي سەپتىن بوشىتىپ ئائىلىسىگە قايتۇرۇش، يېڭى ئەسكەر ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق كەلدى. ئاز ۋاقىت ئۆتمەي ئەسكەر بوشىتىش خىزمىتى باشلىنىپ كەتتى. كونا جەڭچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ھەربىي سەپتىن بوشاپ ئۆز ئائىلىسىگە ماڭدى. بوشانغان نۇرغۇن جەڭچىلەر قايتىش ئالدىدا يېنىمغا كېلىپ: «ھۆرمەتلىك ناچالنىك شتاب، بىز ئۇزۇندىن بېرى جاپادا، ئاچ قار، كۆك مۇزلاردا، ئاكوپلاردا، تار، زەي گەمىلەردە بىللە بولدۇق. بۈگۈن بىز جاپالىق ھەم كۆڭۈللۈك بولغان كوللېكتىپ تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ ئائىلىمىزگە قايتماقچى بولۇۋاتىمىز. رەھمىسىز ئۇرۇش بىزنى

بىرلىكتە ئەسكەر بولغان بىر قانچە سەپدىشىمىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىدى. بىز مەھەللىگە بارغاندا ئۇلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى بىزنى كۆرۈپ، بالىلىرىمىز نېمىشقا سىلەردەك قايتىپ كېلەلمىدى، دەپ سورىسا، بىز ئۇلارغا نېمە دەپ تەسەللى بېرەرمىز؟» دېگىنىچە كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا خوشلىشىپ، ھەرەمباغ گازارمىسىدىن چىقىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەر قايسى سەھرالىرىغا، ئۆز يۇرتلىرىغا قاراپ يول ئالدى. مېنىڭ كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم بولدى ۋە ئۇلاردىن ئايرىلىشقا كۆزۈم- قىيماي: «شەھەرگە كىرگەندە بىزنى يوقلاپ تۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئاتا- ئاناڭلارغا پولك باشلىقلىرىدىن سالام دەڭلار» دەپ خوشلىشىپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدۇم.

ئۇزۇن ئۆتمەي، غۇلجا شەھىرى ۋە ھەر قايسى ناھىيە، يېزىلاردىن ئالغان يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىغا ئارقا- ئارقىدىن يېتىپ كەلدى. پولك يەنە قايتىدىن تولۇقلىنىپ، ھەر بىر روتا شتات بويىچە سەپلەندى. باتالىيون كوماندىرى ۋە سىياسىي رەھبەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئالماشتۇرۇلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي پولكنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. پولك كوماندىرى قېيۇمبەگ كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يەرلىك خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار ھاشىم گۆھەر باقى، خوجىلىق باشلىقى

زۇنۇن ئاكا ھەربىي سەپتىن بوشاپ ئائىلىسىگە قايتتى. مۇئاۋىن پولك كوماندىرى مەزھەمخان يەرلىككە ئالماشتى. مەن ئارمىيە ئىچىدە قېلىپ، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتاب ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىگە يۆتكەلدىم. پولك رەھبەرلىكىگە قېيۇم سابىر ھاجى قاتارلىق بىر قانچە يولداش يۆتكىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىدىن كېيىنكى يېڭى ھەربىي ھايات باشلاندى. بىز ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تىنچلىق بىتىمىگە ئەمەل قىلىپ، بىتىمدىكى بەلگىلىمىلەرنى تولۇق ئىجرا قىلدۇق. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بولسا ئۆزلىرى قول قويغان تىنچلىق بىتىمىگە ئەمەل قىلمىدى. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۈچ پولكنىڭ راسخوتىنى تەمىنلەپ بەرمىدى. بەزى پاكىتلارغا قارىغاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئارقىدا تۇرۇپ باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق تىنچلىق بىتىمىنى بۇزۇۋشنى قەستلەشكە كىرىشكەن. شۇ سەۋەبتىن ۋەزىيەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىدىغاندەك تۇراتتى.

2. پولك غۇلجا شەھىرى ھەرەمباغقا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، كونا جەڭچىلەر بوشىتىلىپ يېڭى ئەسكەرلەر قىسمىغا كەلدى. ئۇ چاغدا پولكوۋنىك ئانانىن (رۇس) ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىدى. مەن ئالدى بىلەن بىر مەزگىل ھەربىي تەييارلىق

بۆلۇمىدە شتاب ئوفىتسېرى بولۇپ، قىسىملارنىڭ ھەربىي تەلىم- تەربىيە ئەھۋالىنى ئىگىلەش، تەكشۈرۈش، ئۇستاپلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدىم.

1947 - يىل 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. پولكوۋنىك خەسمەنوف باشچىلىقىدا قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرۈش خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى. بۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىدىن مەن قاتناشتىم. بۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى چۆچەك، قوبۇق، دۆربىلجىندىكى قىسىملارنى تەكشۈرۈشكە بارماقچى بولدى.

پولكوۋنىك خەسمەنوف مىللىي ئارمىيە قوماندانى ئىسھاقبەگنىڭ مۇئاۋىنى ئىدى. ئۇ بەك كەمتەر، خۇش پېئىل، مۇئامىلىسى يۇمشاق كىشى ئىدى، بىزگە ئۆز بالىلىرىدەك مۇئامىلە قىلاتتى، ئەمما خىزمەتتە تەلەپچان ئىدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى تەركىبىدە سىياسىي بۆلۈمدىكى خەمىت نۇرى، باۋكەي، قۇرۇلۇش بۆلۈمىدىكى بىر رۇس بالا، ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىدىن مەن بولۇپ ئالتە ئادەم بار ئىدۇق. خەسمەنوف يىغىن ئېچىپ ئالدى بىلەن ۋەزىپە تاپشۇردى. ئاندىن ئۇ: «بۇ قېتىم تارباغاتايغا، قوبۇققا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي- سىياسىي تەلىم- تەربىيە ئەھۋالىنى، جەڭچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ

كېلىمىز. تەييارلىق ئۈچۈن ئۈچ كۈن ۋاقىت
بېرىلىدۇ» دېدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن بىز قارا ماشىنا
بىلەن غۇلجىدىن يولغا چىقىپ، ئالدى بىلەن شىخۇغا
بېرىپ بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى يەنە ماڭدۇق.
ئەسلىدىكى پىلان بويىچە چېپەيزى ئارقىلىق ئالدى بىلەن
قوبۇققا بېرىپ، قوشتولغايدا تۇرۇشلۇق پولكوۋنىك
نۇسۇپقاننىڭ ئاتلىق پولكىنى تەكشۈرۈپ ئاندىن
چۆچەككە بارماقچى ئىدۇق. ئەمدى قوبۇققا دۆربىلجىن
ئارقىلىق بېرىش كېرەكمۇ ياكى چېپەيزىدىن ئۇدۇللا
قوش تولغايغا بېرىش كېرەكمۇ؟ دەپ ئارىسالدى بولۇپ
قالدۇق. ئەگەر دۆربىلجىن ئارقىلىق بارساق
دۆربىلجىنگە ئۆتىدىغان شامال ئېغىزى قارا پۇچۇق
دېگەن جاينىڭ قاتتىق بورىنىغا دۇچ كېلىپ قالساق
توسىلىپ يولدا قالاتتۇق. چېپەيزىدىن ئۇدۇل
قوشتولغايغا بارىدىغان يولدا تېخى ئاپتوموبىل
قاتنىمىغانىدى، شوپۇر يولنى بىلمەيتتى. بېشىمىز
قېتىپ تۇرغان چاغدا چېپەيزىدە تۇرۇشلۇق ئىسكادرون-
نىڭ كوماندىرى بىزگە مەسلىھەت بەردى: «چېپەيزىدە
شىخۇدىن كۆچۈپ كەلگەن ھوشۇر ئاخۇن دېگەن بىر
كىشى بار، ئۇ كىشى بۇرۇن تۆگە كارۋىنى بىلەن
ئالتايغا ئاشلىق توشۇغانىكەن. شۇ كىشى بۇ يولنى
پىششىق بىلىدۇ. مەن ئۇنى چاقىرتىپ كېلەي،
سىلەرگە شۇ كىشى يول باشلىغۇچى بولسۇن» دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خەسمەنوف ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى- دە، دەرھال: «بالام، سىز چاقىرتىپ كېلىنىڭ، بىز سۆزلىشىپ كۆرەيلى» دېدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ھوشۇر ئاخۇن ئاكا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەللىك ياشلارغا كىرىپ قالغان دوغلاق، سېمىز، پاكار، چارساقال، بۇغداي ئۆڭلۈك كىشى ئىكەن. بىز ئۇ كىشىگە ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن ھوشۇر ئاخۇن ئاكا دەرھال: «ماقۇل، سىلەرگە مەن يول باشلاپ باراي، لېكىن مەن بۇ يولدا تۆگە بىلەن كۆپ قاتنىغان، ئاپتوموبىل بىلەن قاتناپ باقمىغان. ئورقۇدىن ئۆتكەندە بىر قۇملۇق بار، ئۇ يولدا ئاپتوموبىل ماڭالامدۇ، يوق، ماڭا نامەلۇم» دېدى. خەسمەنوف بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «بولدى شۇ يولنى بويلاپ مېڭىپ كۆرەيلى، ئەگەر قۇمدىن ئۆتەلمىسەك قايتىپ دۆربىلجىن ئارقىلىق ماڭارمىز» دېدى. شۇنداق قىلىپ، بىز چېپەيزىدىن ئۇدۇل قوشتولغايغا قاراپ ماڭىدىغان بولدۇق. ئەتىسى ھوشۇر ئاخۇن ئاكا بىزنى ھازىرقى قاراماينىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە قاراپ باشلاپ ماڭدى. بۇ يولدا راستىنىلا ئاپتوموبىل مېڭىپ باقمىغانىكەن. سەپسىلىپ قارىغاندا ئاندىن تۆگە ياكى ئات ماڭغان ئىزلارنى ئاڭقىرغىلى بولىدىكەن. بىز چېپەيزىدىن ئەتىگەندە ئاپتوموبىل بىلەن سەپەرگە ئاتلاندۇق. بىزدە بۇ يولنىڭ خەرىتىسىمۇ يوق ئىدى، يەر شارائىتىنى زادىلا بىلمەيتتۇق. چۈشكە يېقىن

بۇلدۇقلاپ قاراماي چىقىپ تۇرغان بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدۇق. بىز ھوشۇر ئاخۇن ئاكىدىن «بۇ چۆلدە قاپقارا ماي بۇلاق قانداق پەيدا بولغان، بىلەمسىز» دەپ سورىدۇق. ھوشۇر ئاخۇنئاكا بىزگە چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «بۇ بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرغان قاپقارا نەرسە قاراماي، بۇ ماي ئارقىلىق ھارۋىنىڭ چاقىنى مايلىغىلى بولىدۇ. كونا ساۋەننىڭ داگەي، شۆگەي دېگەن يېزىسىدىكى دېھقانلار مۇشۇ يەرگە كېلىپ، قاپاقلىرىغا قاچىلاپ ئېلىپ كېتىپ ھارۋىنىڭ چاقىنى مايلايدۇ. بەزى كەمبەغەل دېھقانلار قارا چىراغ قىلىپ ياقىدۇ» دېدى. بىز بۇ گەپكە ھەيران قېلىپ بۇلاقنى ئايلاندۇق. چۆرىسى لىغىرلاپ تۇرىدىكەن، بۇلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن «بۇلدۇق-بۇلدۇق» قىلىپ قارا پاتقاق ماي ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىكەن. بىز بىرىنچى قېتىم كۆرگەنلىكىمىز ئۈچۈن ھەممىمىز ھەيران قالدۇق. بۇ كەڭ كەتكەن چۆللۈكتە دىئامېتىرى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان جايدىكى قاراماي تۇرۇپ- تۇرۇپ «بۇلدۇق- بۇلدۇق» ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى. مانا بىز كۆرگەن شۇ قاراماي بۇلاق ھازىرقى قاراماي دەپ ئاتالغان مايبۇلاق ئىدى.

بىز بۇ يەردە بىرەر سائەت ئارام ئالغاندىن كېيىن، شىمالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. يول شۇنچە ئۇزۇن، زېرىكىشلىك ئىدى. ئىزغىرىن سوغۇق شامال ئادەمنىڭ

جىنىدىن ئۆتەتتى. شۇنچە ئۇزاق يول باسقان بولساقمۇ، بۇ چۆللۈكتە بىرەر ئۇچار قۇش ياكى بىرەر ياۋايى ھايۋاننىمۇ ئۇچراتمىدۇق.

بىز چۈشكەن ئاپتوموبىل ئۇستى كىگىز بىلەن ئورالغان ئۇرال ماركىلىق چوڭ ئاپتوموبىل ئىدى. چۈش بولاي دەپ قالدى، سوغۇقتا قورساق ئېچىپ چىدىغىلى بولمىدى. يولغا دەپ قېزا ۋە ھاراق ئېلىۋالغانىدۇق. خەسمەنوف: «ئېلىۋالغان نەرسە بىلەن قورساقنى بىر ئاز ئەستەزلەپ تۇرۇڭلار» دېدى. بىزمۇ ئاپتوموبىل ئۇستىدە دەل شۇ گەپنى كۇتۇپ تۇراتتۇق. دەرھال قېزىلارنى ئالدۇق. ھاراق بوتۇلكىسىنى ئېچىپ قارىساق توقسان ئالتە گرادۇسلۇق ئىسپىرت ئىكەن، ئارىلاشتۇرۇشقا سۇ يوق. شۇنداق بولسىمۇ ئاز- تولا ئىچىشتۇق. بىردەمدىن كېيىن ئاپتوموبىل ئۇستىدە سەكرىگىلى تۇردۇق. چۈنكى، بۇ ئىسپىرت ئىچىمىزنى قىزدۇرۇپ بىزنى ناھايىتى بىئارام قىلىۋەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ داۋاملىق يول يۇرۇپ سۇ بار يەرگە كەلدۇق. بىز دەرھال ماشىنىنى توختىتىپ، بۇ يەرنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى ھوشۇر ئاخۇن ئاكىدىن سورىۋىدۇق، ھوشۇر ئاخۇن ئاكا: «بۇ يەرنى ئورقا دەپ ئاتايمىز، بۇ موڭغۇللارنىڭ مال باقىدىغان ئوتلىقى» دەپ جاۋاب بەردى. بىز ھەممىمىز ماشىنىدىن چۈشۈپ بىر موڭغۇل چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە كىردۇق. بۇ

چارۋىچىنىڭ ئىككى يامان ئىتى بار ئىكەن. بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگۈچە بىزنى يەپ قويغىلى تاسلا قالدى. ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرسەك، موڭغۇللارنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۇدۇلغا ئېيىق، تۈلكە، بۆرە تېرىلىرى كېرىپ ئېسىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دانە قوش كالپىرلىق ئوۋ مىلتىقى، ئاستىغا لىق ئوق قاچىلانغان ئوقدان ئېسىلغانىدى. ئۆيىنىڭ ئۇ يەر- بۇ يېرىگە ئۈچ بۇرجەك تىكىلگەن كىر خالتىلار ئېسىپ قويۇلۇپتۇ، ئۇ بەلكىم چاي، تۇز خالتىلىرى بولسا كېرەك. ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسما ئوچاق بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىدا قارا جىيەكلىك نېمچىپىنى چاپان كىيىۋالغان، چېچىنى ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئالدىغا چۈشۈرۈۋالغان، چېچىغا ھېقىق مارجان ۋە مىس پۇللارنى تىكىۋالغان ئوتتۇرا بوي، قاڭشارلىق، قارا قاش، بۇغداي ئۆڭلۈك قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال ئولتۇرۇپ چاي قاينىتىۋاتاتتى. بىر نەچچە كىچىك بالا بىزنى كۆرۈپ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ ھەيرانلىق بىلەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بىزگە قارايتتى. ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا موڭغۇلچە ياسىنىۋالغان ئون ئالتە ياشلاردىكى چىرايلىق بىر قىز بىر نەرسە تىكىپ ئولتۇراتتى، ئۇ بىزگە كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋەردى. ئۆي ئىگىسى ئەللىك ياشلارغا تاقاپ قالغان ئېگىز بوي، قاۋۇل، قارا ئۆڭلۈك، چىرايى سۈرۈن،

ئادەمگە سىرلىق قارايدىغان بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ قەدىمىي موڭغۇل پاسونىدا كىيىنگەنىدى. بىز ئۇنىڭغا مىڭ تەسلىكتە مەقسىتىمىزنى ئۇقتۇرۇپ قېزا ۋە هاراق بەردۇق. ئۇ ئايالىغا موڭغۇلچە بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، ئايال بىزگە قاراپ قويۇپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ چاي راستلىدى ۋە ئالدىمىزغا داستىخان سېلىپ سېرىق ماي، ئېرىمچىك كەلتۇرۇپ، موڭغۇللارنىڭ بوغۇرساقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ قويدى. ياغاچ چۆچەكلەرگە ئىسسىق چاي قۇيۇپ تۇردى. بىز چاينى ئىچىپ بىر ئاز ئىسسىپ قالدۇق، ئاز- تولا هاردۇقىمىز چىققاندەك بولدى. بىرەر- ئىككى سائەتتىن كېيىن يەنە ئۆز يولىمىزغا راۋان بولدۇق.

بىز خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن گويا بىر تىلسىمات خارابە شەهەرگە ئوخشايدىغان، ئىككى تەرىپىنى ئېگىز قۇم دۆۋىسى قاپساپ تۇرغان قۇملۇق ئىچىگە كىردۇق. قۇم كۆچۈشتە هاسىل بولغان بۇ قۇم بارخانلىرى قەدىمىي بىر خارابە شەهەرنى شەكىللەندۇرگەن بولۇپ، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. بىز بۇ قۇم بارخانلىرىنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، هەممىمىزنى قانداقتۇر بىر سۇر بېسىپ، ئاپتوموبىل قۇم بارخانلىرىدىن ئۆتەلەرمۇ؟ قۇمنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتسەك قانداق قىلىمىز؟ دېگەندەك ئەندىشە كاللىمىزغا كىرىۋالدى. خۇددى

بىرسى بىزگە «تىــــنچ» دەپ كوماندا بەرگەندەك، ھەممىمىز جىممىدە كۆزىمىزنى يولغا تىكىــپ شۈك ئولتۇردۇق. شوپۇر ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن قۇم دۆۋىسى يوق، تاقىر يەرلەرنى تاللاپ ئاستا ماڭدى. شۇنداق بولسىمۇ، بەزى جايغا كەلگەندە ئاپتوموبىلنىڭ ئارقا چاقى قۇمغا پېتىپ قېلىپ ئىلگىرىلىيەلمەيتتى. بۇنداق چاغدا ھەممىمىــز ئاپتوموبىــلدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئاپتوموبىلنى ئىتتىرىپ قۇمدىن چىقىرىپ يولىمىزنى داۋاملاشتۇراتتۇق. قۇملۇقتىــن مىــڭ تەسلىكتە كەچكە يېقىن ئۆتۈپ قوشتۇلغايدا تۇرۇشلۇق پولكوۋنىك نۇسۇپقاننىڭ پولك شتابىغا ساق- سالامەت يېتىپ كەلدۇق. ھوشۇر ئاخۇن ئاكىغا رەھمەت ئېيتىپ ئاز- تولا ھەق بەردۇق. خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ قوبۇق پولكىغا كېلىدىغانلىقىدىن خېلى بۇرۇنلا تېلېگرامما ئارقىلىق خەۋەر تاپقان پولكوۋنىك نۇسۇپقان بىزنــى قىزغىن قارشــى ئالدى ۋە ئوبدان ئورۇنلاشتۇردى. نۇسۇپقان خەدىچە دېگەن تاتار ئايال بىلەن يېڭىدىن توي قىلغانىكەن. كەچتە خەسمەنوف ۋە بىر قانچىمىــز نۇسۇپقاننىڭ ئۆيىــگە مۇبارەكلەپ پەتىــگە باردۇق. نۇسۇپقاننىڭ ئۆيىــدە مېھمان بولۇۋاتقاندا يېنىــمدا ئولتۇرغان پولكنىڭ مۇئاۋىن ناچالنىكــى يۇنۇسوف خەسەندىن: «بۇ يەرنى نېمىشقا قوشتولغاي دەيدۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا: «قوشتولغاي دېگەن سۆز

موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، قوش تۆپە دېگەن مەنىدە» دەپ
چۈشەندۈردى.

تاڭ ئاتتى، بىز پولكنىڭ بارلىق ئىسكادرونلىرىنى
ئارىلىدۇق. خەسمەنوف جەڭچىلەرنىڭ ئاشخانىلىرىغا،
ياتاقلىرىغا كىرىپ هال سورىدى. كېيىن يىغىن
ئېچىلىپ يىغىندا خەسمەنوف سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە:
تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىشنى، بولۇپمۇ كوماندىر،
جەڭچىلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىپ، قىسىمنىڭ
جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.
قىسىمنىڭ قىيىنچىلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ هەل
قىلىشقا تېگىشلىكىنى شۇ جايدىلا هەل
قىلىدىغانلىقىنى، هەل قىلالمايدىغانلىرىنى قايتىپ
بېرىپ گېنېرال ئىسهاقبەگكە دوكلات قىلىدىغانلىقىنى
ئېيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىز سىياسىي خىزمەت،
مەدەنىيەت ئۆگىنىش، بولۇپمۇ ساۋات چىقىرىش
ئەهۋاللىرىنى ئىگىلىدۇق. چۈنكى، جەڭچىلەرنىڭ
توقسان پىرسەنتتىن كۆپرەكى دېهقانچىلىق،
چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن كەلگەن يوقسۇل،
كەمبەغەللەرنىڭ باللىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ
كۆپىنچىسى ساۋاتسىز ئىدى. بىز قوبۇق پولكىدا
تۇرغان مەزگىلدە، قوبۇق ۋاڭى يەنى «بەلجىت»
ۋاڭنىڭ ئوردىسىنى زىيارەت قىلدۇق. قوبۇق ۋاڭنىڭ
ئوردىسى كونىراپ كەتكەن بىر قانچە ئىمارەت بولۇپ،

ئۇنىڭدا تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، چار پادىشاھ ۋاقتىدا چار روسىيىدىن كىرگۈزگەن بىرلا هارۋا بار ئىكەن. سەپسېلىپ قارىسام، ئۇنىڭدا 1857- يىلى دەپ يېزىلىپتۇ. بۇ هارۋا تۆت چاقلىق بولۇپ، ئۇستى كالاسكا شەكلىدە ئىكەن، چاقنىڭ تۆمۈرىنىڭ قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىردىن ئاشىدىكەن. تۆمۈر چاق داتلىشىپ كېتىپتۇ، هارۋىمۇ كونىراپ ئۇستىدىكى كالاسكا يۆلەنچۈكى تېشىلىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىز قوبۇق پولكىدىكى ئىشلىرىمىزنى تۈگىتىپ ئەتىسى دۆربىلجىنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

دۆربىلجىندە مىللىي ئارمىيە ئارقا سېپىنىڭ بىر تەمىنلەش پونكىتى بولۇپ، ئۇنىڭ باشلىقى ئېلىخان تۆرىنىڭ ئوغلى غاپپارخان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، دۆربىلجىندە پەقەت بىر ۋوزۋودلا ئەسكەر بولۇپ، ئۇ دۆربىلجىن گارنىزونى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ گارنىزوننىڭ باشلىقى ئەزىزوف قاسىم ئىدى. بىز دۆربىلجىندە غاپپارخان مەسئۇل بولۇپ تۇرغان تەمىنات پونكىتىغا چۈشتۇق. ئۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى چۆچەككە كەتتۇق.

چۆچەكتە تارباغاتاي 3- پولكى تۇراتتى. پولك كوماندىرى پولكوۋنىك ئابلاخان ئىدى. ئابلاخان ئەسلى گومىنداڭنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق قىسمىدىكى مىللىي ئەسكەرلەر روتىسىنىڭ كوماندىرى ئىدى.

مىللىي ئارمىيە 1945 - يىل 8- ئاينىڭ 1- كۈنى چۆچەكنى ئازاد قىلغاندا گومىنداڭنىڭ قىسمى بەخت چېگرىسى ئارقىلىق روسىيىگە ئۆتۈپ كەتكەن. ئابلاخان بىر روتا ئەسكەر بىلەن مىللىي ئارمىيىگە تەسلىم بولغان، كېيىن ئۈچ ۋىلايەت قوماندانلىق شتابى ئابلاخاننى تەقدىرلىگەن ھەم كوماندىر باتالىيون قىلىپ ئۆستۈرگەن. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن كوماندىر پولك بولغان. بىز خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن تارباغاتايغا ماڭغان چاغدا توختى ئىبراھىم مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىدى، ئۇنۋانى كاپىتان ئىدى. بىز چۆچەككە بېرىپلا ئابلاخاننىڭ پولك شتابىغا چۈشتۇق. ئەتىسى چۆچەكنىڭ ۋالىسى باشباي خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى، بولۇپمۇ پولكوۋنىك خەسمەنوفنى قىزغىن مېھمان قىلدى. بۇ كىشى ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار، ناھايىتى مېھماندوست ئىكەن. بىز چۆچەككە بېرىشتىن بۇرۇن ئابلاخان ئاينىسا دېگەن ئايال بىلەن توي قىلغانىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئابلاخان خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ئالايىتەن توي چېيى بەردى. بىز چۆچەكتە تۇرغان بىر نەچچە كۈن ئىچىدە، پولكنىڭ ھەر بىر باتالىيون، روتىلىرىغا بېرىپ، ئاساسەن ھەربىي تەلىم- تەربىيە ئەھۋالى، سىياسىي خىزمەت، ھەر مىللەت كوماندىر، جەڭچىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقى ھەم ئۇلارنىڭ يەرلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى تەكشۈردۇق. 3- پولكتىكى ئاز ساندىكى كادىرلاردا ئىتتىپاقلىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان، بىر- بىرىنى كەمسىتىدىغان سۆز- ھەرىكەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سەزدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا ئابلاخان پولكنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

خەسمەنوف يىغىندا قايسى مەزمۇننى ئاساس قىلىپ سۆزلەش ھەققىدە خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى كوماندىرلار بىلەن پىكىرلەشتى. بىز ئىگىلىگەن ئەھۋالغا ئاساسەن ھازىرقى ۋەزىيەتتە يەنىلا ھەر مىللەت كوماندىر، جەڭچىلىرى، بولۇپمۇ كوماندىرلار ئارىسىدا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز گەپ- سۆزلەرنى قىلماسلىق، قىسىمنىڭ تەرتىپ- ئىنتىزامى، يەرلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە سۆزلەنسە دەپ ئۆز كۆز قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. پۈتۈن پولك بويىچە كوماندىرلار يىغىنى ئېچىلدى. پولكوۋنىك خەسمەنوف: «تارباغاتاي 3- پولكى بىتىمدىن كېيىن چۆچەككە كېلىپ ئورۇنلىشىپ بىر مۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىدىڭلار، پولكنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ياخشى، پولك رەھبەرلىكىنىڭ خىزمەت نەتىجىسىمۇ زور» دەپ ئالدى بىلەن ئۇتۇقلارنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئاندىن كېيىن نۇقتىلىق ھالدا ئىتتىپاقلىق، بولۇپمۇ كوماندىرلارنىڭ ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش ئۈستىدە كۆپ توختىلىپ، ئىتتىپاقلىق بىر

چوڭ كۈچ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلىدى: «بۇرۇن بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ ئوغۇللىرىغا: ئوغۇللىرىم، مەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر-بىرىڭلار بىلەن، ئۇرۇق- تۇغقانلار بىلەن ئىناق ئۆتۈڭلار. ئۆزئارا ئىتتىپاق بولمىساڭلار، يالغۇز ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايسىلەر، دەپ نەسىھەت قىپتۇ. ئاندىن چوڭ ئوغلىغا قاراپ، ئوغلۇم ماڭا بىرنەچچە تال چىۋىق ئەكېلىپ بەر، دەپتۇ. ئوغلى بىرنەچچە تال چىۋىقنى ئەكېلىپ بېرىپتۇ. بوۋاي ئۇ چىۋىقنىڭ بىر دانىسىنى چوڭ ئوغلىغا بېرىپ، بۇنى ئوشتۇۋەت دەپتۇ. ئوغۇل ئۇنى قولىغا ئېلىپ كوسلا قىلىپ سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. ئاندىن ئىككىنچى ئوغلىغا ئىككى تالنى بېرىپتۇ. ئۇ ئىككى تال چىۋىقنى خېلى كۈچەپ سۇندۇرۇپتۇ. ئۈچىنچى ئوغلىغا ئۈچ تال بېرىپتۇ. لېكىن بۇ بالا قىينىلىپ يۈرۈپ ئازراق ئېگىپتۇ، لېكىن سۇندۇرالماپتۇ. ئاندىن بوۋاي تۆت تال چىۋىقنى يەنە چوڭ ئوغلىغا بېرىپتۇ، ئۇ قانچىلىك كۈچىگەن بولسىمۇ چىۋىقنى ئېگەلمەپتۇ. بوۋاي ئوغۇللىرىغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. كۆردۈڭلارمۇ بالام، مەندىن كېيىن قالغاندا قېرىنداشلار بىر- بىرىڭلار بىلەن ئىتتىپاق ئۆتسەڭلار سىلەرنى ھېچكىم تاك ئېتىپ چېكەلمەيدۇ ھەم بوزەك قىلالمايدۇ. ئەگەر بىر-

بىرىڭلار بىلەن ئىتتىپاقلاشماي، كىچىكىڭلار چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، ھەر قايسىڭلار ئۆز ئالدىڭلارغا تۇرمۇش كەچۈرسەڭلار بايىقى يالغۇز چىۋىقنى سۇندۇرۇۋالغاندەك، باشقىلار بىلىڭلارنى كوسلا قىلىپ ئوشتۇۋېتىدۇ ھەم مال- مۈلكىڭلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ. مېنىڭ بۇ نەسىھىتىمنى ھەر قاچان ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، دەپتۇ». دېمەك، بوۋاينىڭ ھېكايىسى بىزگە ئىتتىپاقلىق زور كۈچ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز ھەر مىللەت كوماندىر، جەڭچىلىرى ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتسەك قىسمىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچى ئاشىدۇ. دۈشمەن، بولۇپمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىزنىڭ ئىچكى قىسمىمىزنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەت كادىر، جەڭچىلەر ئىتتىپاق بولۇپ، بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرىدەك ئىناق ئۆتۈشىمىز لازىم.

پولكوۋنىك خەسمەنوفنىڭ كوماندىرلار يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى ناھايىتى قىزغىن ئالقىشقا ئىگە بولدى. كوماندىرلار ئارىسىدا ئىنتايىن ياخشى تەسىر قالدۇردى. شۇنداق قىلىپ بىز چۆچەكتە بىر قانچە كۈن تۇرۇپ غۇلجىغا قايتىپ كەلدۇق. پولكوۋنىك خەسمەنوف خىزمەت گورۇپپىسى تەييارلىغان خۇلاسىنى گېنېرال ئىسھاقبەگكە دوكلات قىلدى.

مەن مىللىي ئارمىيە باش شتاب ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىدە بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن، 1947 - يىل 5 - ئايلاردا مايورلۇق ئۇنۋانى بىلەن مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈم باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندىم. بۇرۇنقى سىياسىي بۆلۈم باشلىقى توختى ئىبراھىم ھەرەمباغدا تۇرۇشلۇق پولكقا سىياسىي كومىسسار بولۇپ يۆتكەلدى.

## مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىدە

ئۇ ۋاقىتتا مىللىي ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمىتىنى مۇئاۋىن قوماندان پولكوۋنىك خەسمەنوف بىۋاسىتە ئۆزى تۇتاتتى. ئۇ قىسىملارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىغا ئاساسەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆزى تۇتۇپ ئىشلىدى. يەنە قىسىملارنىڭ سىياسىي تەلىم- تەربىيىسى، مەدەنىيەت تەربىيىسى قاتارلىق خىزمەتلەرمۇ بار ئىدى.

مەن سىياسىي بۆلۈمگە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ يۆتكەلگەندىن كېيىن، قىسىملارنىڭ سىياسىي خىزمەت ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، جەڭچىلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئاساسەن «بىز نېمە ئۈچۈن ئەسكەر بولىمىز؟ ئەسكەر بولۇشتىكى مەقسەت

نېمە؟ بىز كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز؟ ئەسكەرلەرنىڭ بۇرچى نېمە؟ قولىمىزدىكى قورالنى كىم بەردى؟ ھەربىي قىسىم بىلەن خەلق ئاممىسى قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشى كېرەك؟» دېگەن مەزمۇندا ئومۇمىي ساۋات خاراكتېرلىك سىياسىي تەربىيە قوللانمىسى تۈزۈپ چىقتىم. ئۇنى خەسمەنوف تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ۋە گېنېرال ئىساقبېك تەستىقلىغاندىن كېيىن رەسمىي بېسىپ قىسىملارغا تارقىتىپ بەردۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئىچىدە تىنچلىق بىتىمگە رىئايە قىلىش تەربىيىسىنى چىڭ تۇتتۇق. لېكىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىتىمگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان كوماندىرلىرىمىز ۋەزىيەتنىڭ ئىككىنچى تۈرۈلۈشىدىن ئەندىشە قىلىپ: گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تىنچلىق بىتىمىنى ئىقرار قىلارمۇ؟ دېگەن گۇمانىي قاراشلاردا بولدى. بۇنداق قاراشلار بارا- بارا كۈچەيدى. مەسىلەن، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى مىللىي ئارمىيىدىن ئۈچ پولكنىڭ راسخوتىنى بەرمەي كەينىگە سۈردى. بۇ ھال گومىنداڭنىڭ تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدىغان دەسلەپكى سىگنال ئىدى. ۋەزىيەت كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلەشتى.

1947 ـ يىل 7- ئاي ئىدى. بىر كۈنى گېنېرال

ئىسھاقبەگ مېنى نوغايگورتتىكى ئۆيىگە چاقىرتتى. مەن دەرھال باردىم. ئۇ ئۆيىدىكى ئىشخانىسىدا مېنى قوبۇل قىلدى.

مەن دەسلەپتە ئۇنىڭ دالان ئۆيىدە كاتىپى ئابلەت توختى بىلەن كۆرۈشتۇم. ئابلەت توختى «گېنېرال ھازىر تېيىپئاخۇن شەڭگەن بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ. بىر ئاز ساقلاپ تۇرۇڭ» دېدى. ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئابلەت توختى گېنېرالغا «ساۋدانوف كەلدى» دەپ دوكلات قىلدى. گېنېرال رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، كىيىملىرىمنى تۈزەشتۈرۈپ ئىشخانىغا كىردىم. دە، ھۆرمەت سالىمى بەردىم. گېنېرال دەرھال ئولتۇرۇشۇم ئۈچۈن ئىجازەت بەردى. گېنېرال سۆز باشلاپ: «يېقىندا تۇرپان پارتىزانلىرى كۇنەس ناھىيىسىگە كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىغا پولكوۋنىك ئىمىنوف بارماقچى» دېدى ۋە يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «يەتتە ۋىلايەتتىن غۇلجىغا بىر تۈركۈم ياشلار كەلدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى كەڭسايغا يىغىپ كۇرس ئاچماقچىمىز. ئۇلارغا سەن مەسئۇل بولۇپ بارىسەن. شتاب باشلىقى مازاروفقا ئۇقتۇرۇپ قويىدۇم، ئۇ يەنە بىر قانچە ھەربىي كوماندىر ئاجرىتىپ بېرىدۇ. سەن دەرھال پۇختا تەييارلىق قىلغىن، كۇرسنى ياخشى ئېچىش كېرەك، ۋاقتى ئىككى- ئۈچ ئاي بولسۇن. بۇ ياشلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ياخشى. ئۇلار ئۈچ

ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۆز جايلىرىدا تۇرالماي ئۈرۈمچى ئارقىلىق بۇ يەرگە كەلگەن. بىز ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىشىمىز لازىم. كۇرس تۈگىگەندىن كېيىن بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسمىنى بايانداي ھەربىي مەكتەپتە تەربىيىلەپ، مىللىي ئارمىيە قوشۇنىنىڭ تايانچلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم» دېدى. مەن «خوپ، بولىدۇ» دەپ سالام بېرىپ چىقىپ كەتتىم.

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ يولىيورۇقىنى پولكوۋنىك خەسەنوفقا دوكلات قىلدىم. خەسەنوف «ياخشى بوپتۇ بالام، بېرىپ ياخشى باشقۇرۇڭلار» دېدى. كېيىن گېنېرال مازاروفنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئەھۋالىنى دوكلات قىلدىم. مازاروف «مېنىڭ خەۋىرىم بار، بىرگە بارىدىغان بىر قانچە كوماندىرنى ئۆزۈڭ تاللا» دېدى. مەن شەھەر كامىندانتىدىكى ھۇسىيىنەغازىموفنى، بايانداي ھەربىي مەكتەپتىكى مەخمىتوف ئابدۇكېرىمنى، تاش مەمەت قاتارلىقلارنى كۆرسەتتىم. بىز بىر قانچە كۈن پۈختا تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، كەڭسايغا باردۇق. يەتتە ۋىلايەتتىن كەلگەن ياشلار تاشيول ئىدارىسىنىڭ ياغاچ ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتى.

# كەڭسايدا كۈرەش ئېچىش

يەتتە ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ھىمايە قىلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغالدى، شۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت ياشلىرى تۈركۈم- تۈركۈملەپ ئۈچ ۋىلايەتكە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى.

بۇ ياشلار شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە دېموكراتىيىسى ئۈچۈن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەر قانداق بېسىمى ۋە زوراۋانلىقىغا باش ئەگمەي، پولاتتەك ئىرادە بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلىپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان بىر تۈركۈم ئىنقىلابىي ياشلار بولۇپ، 1946- يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1947- يىل 7- ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يەتتە ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئۈرۈمچىگە يىغىلىپ، ۋەزىيەتنىڭ ئوڭشىلىپ 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدىن ئۈمىد كۈتۈپ تۇرغانىدى.

بىراق، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىتىمنى ئۈزۈل- كېسىل بۇزۇپ، تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، ئىلغار كۈچلەرنى قوراللىق باستۇرۇپ، ۋەزىيەتنى بىردىنلا كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇ

ئىلغار ياشلارنىڭ ھاياتىدىن ناھايىتى ئەندىشە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا كېچە-كۈندۈز باش قاتۇردى. بىردىنبىر چارە ئۇلارنى غۇلجا شەھىرىگە تۇركۇملەپ يۆتكەپ كېلىش بولدى. بۇ تەدبىر بەكمۇ ئاقىلانە بولۇپ، مۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ ھاياتى ئامان-ئېسەن قېلىپ، ئۇلار كەلگۈسى كۈرەشنىڭ تايانچلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقاتتى.

ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە ھۆكۈمىتى ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى ئوبدان ئورۇنلاشتۇردى. يولداش ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەر بۇ ياشلارنىڭ خىزمەت ۋە ئۆگىنىش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مائارىپ، گېزىتخانا قاتارلىق ئورۇنلارغا، يەنە بىر قىسمىنى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا تەقسىم قىلدى. غۇلجا كەڭسايدا قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىپ قىرىقتىن ئوشۇق ياشقا سىياسىي-ھەربىي تەلىم بېرىش ئىشى مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىغا تاپشۇرۇلدى.

بۇ كۇرسقا ئەسلىدە مەتىمىن ئىمىنوف مەسئۇل قىلىنغانىدى، تويۇقسىز تۇرپان پارتىزانلىرى كېلىدىكەن، دېگەن خەۋەر كەلگەنلىكتىن، ئىمىنوف شۇ پارتىزانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئارالتۆپىگە كېتىپ،

رەھبەرلىك ئۇنىڭ ئورنىغا مېنىڭ بېرىشىمنى ئورۇنلاشتۇردى.

1947 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كۇرسانتلار غۇلجىدىن كەڭسايغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ چاغ تومۇزنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرى بولغاچقا ھاۋا ئىنتايىن دىمىق ئىدى. شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بىر- بىرى بىلەن بوي تالىشىپ ئۆسكەن سۆۋادانلار ئېگىز- پەس تار يوللارغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. يول بويىدىكى باغلاردا بەس- بەستە سايراۋاتقان بۇلبۇل ناۋاسى كىشىگە زوق بېغىشلايتتى. پېشايۋانلارغا تارتىلغان باراڭلاردا ساڭگىلاپ تۇرغان ساپاق- ساپاق ئۈزۈملەر، مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن قىپقىزىل ئالما، شاپتۇللار ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى. تومۇزنىڭ مەيىن ئىسسىق شامىلى مېۋىلەرنىڭ مەززىلىك ھىدىنى كىشىنىڭ دىمىغىغا ئۇراتتى. بىز ئولتۇرغان ئاپتوموبىل بىر خىل سۈرئەتتە مېڭىۋاتاتتى، يىراقتىن باياندايى سېپىلىمۇ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ سېپىل ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى سادىر پالۋاننىڭ ئىش ئىزلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ھەش- پەش دېگۈچە باياندايغىمۇ يېتىپ كەلدۇق. يول بويىدىكى ئۈزۈم، كاۋا باراڭلىرى يېزىنىڭ پاكار تاملىرىدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كاۋا باراڭلىرىدىكى ساپسېرىق مانتا كاۋىلىرى، قاپاق

چۈمۈچلەر پېلەكلەر ئارىسىدىن ئارىلاپ كۆزگە
چېلىقىپ قالاتتى. بەزى ھويلىلارنىڭ كونىراپ كەتكەن
پاكار پېشايۋانلىرىدىن بىر- بىرى بىلەن ئوينىشىپ
قوغلىشىۋاتقان كەپتەرلەرنىڭ ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلىناتتى.
باياندايدىن چىقىپ بىپايان كەتكەن تەكشى ئېكىنزارلىق
قوينىغا كىردۇق. خامانلارغا بۇغدايلار دۆۋىلەنگەنىدى.
بېشىغا ئاق قالپاق كىيىپ، بېلىنى قارا پۇتىدا چىڭ
باغلاپ، ماتا كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېچىۋېتىپ،
ئورما ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ خامان تېپىۋاتقان ئۇيغۇر
يىگىتلىرىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى بىزگە تولىمۇ ھۇزۇر
بېغىشلايتتى. بىزدىكى بەزى غۇلجىلىق ئوفىتسېرلەر بۇ
ناخشىغا جور بولۇپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېتىپ
باراتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئەگرى- بۈگرى ئېتىز
يوللىرىدا دېھقان ئاياللىرىنىڭ قىزىل پەرەڭ ياغلىقلارنى
چېكىلەپ تېڭىپ، بىر قولىدا تاماق سېلىنغان
كومزەكنى كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا بالىسىنى يېتىلەپ،
ئېگىز ئارىلاپ ئېرىگە تاماق ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقى
كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئوماق بالىلار ئاپتوموبىل
ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ، بىز چۈشكەن
ئاپتوموبىللارنى قولى بىلەن ئاپىلىرىغا كۆرسىتىپ،
ئاپتوموبىلنىڭ قارىسى يۈتكىچە قاراپ تۇراتتى. سېخى
ئالتۇن كۈزنىڭ بۇنداق ئېسىل چاغلىرى كىشىنىڭ
قەلبىنى ھاياجانلاندۇرۇپ ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەرنى

قالدۇراتتى. ئېتىزلاردا باغ توشۇۋاتقان چوڭلارنى،
مۇكچىيىپ بىر تېرە- بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان
بوۋايلارنى، ئۇلارنىڭ نۇرسىز ئويچان كۆزلىرىنى
كۆرۈپ يۈرەكلىرىم ئېزىلەتتى. ئۇلار بىزنى كۆرگەندە
جانسىز قولللىرىنى سايىۋەن قىلىپ بىر پەس
ئاپتوموبىلغا قارايتتى- دە، يەنە ھېلىقى ئۇنچىلىرىنى
يۈدۈپ ئۆز يولىغا كېتەتتى. بىز تەبىئەتنىڭ كىشى
قارىسا- قارىسا تويمايدىغان بۇ گۈزەل مەنزىرىسىدىن
ھوزۇر ئېلىپ تولىمۇ شادلىناتتۇق. نامرات
دېھقانلارنىڭ جاپالىق ئىشلىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىپ
يۈرەكلىرىمىزنى سىقىپ بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالاتتى.
بىز سۈيدۈگدىن ئۆتۈپ، لوسگوك ئەتراپىغىمۇ كېلىپ
قالدۇق. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئەگرى- بۈگرى
ئۆسكەن رەتسىز قارىياغاچلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا كەڭ
كەتكەن تۈز دالىنى بۇيا، ئەمەن قاپلاپ كەتكەن بولۇپ،
بۇ سېرىق ئەمەن پۈراقلىرى دىماغلارنى غىدىقلايتتى.
كەڭسايىنىڭ تاغ باغرىنى بويلاپ بارا- بارا تاغ ئېغىزىغا
يېقىنلاشتۇق. مەيىن سالقىن شامال تاغ گۈللىرىنىڭ
ھىدىنى ئۇچرىتىپ كېلىشكە باشلىدى. تاغ باغرى
ياپىپېشىللىققا پۈركەنگەن بولۇپ، گويا مەخمەل، گېلەم
سېلىنغاندەك گۈزەل ئىدى. بىراق، يول تولىمۇ
ئوڭغۇل- دوڭغۇل، توپىلىق بولغاچقا، ئاپتوموبىل
ماڭسا چاڭ- توزان كۆتۈرۈلۈپ، كىيىم- كېچەك، يۈز-

كۆزلىرىمىزنى قارىغۇسىز قىلىۋەتتى. ئاپتوموبىلنىڭ سۈرئىتى تولىمۇ ئاستا ئىدى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تەلكىگە ئىچكىرىلەپ يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەر قىيىن بۇلاق دېگەن جاي بولۇپ، رۇسلارنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغان ئاپئاق ياغاچ ئۆيلىرى، ئۆي چۆرىسىدىكى گۇللەر كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى. تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىۋىدۇق، تاغ ئىچى گويا بىر جەننەتنىڭ ئۆزى ئىكەن. تاغ باغرى ياپيېشىل كۆز يەتكۈسىز قارىغايلىق بولۇپ، زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك تاغ سۈيى تاشتىن- تاشقا سەكرەپ قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز چىقىرىپ شارقىراپ ئاقاتتى. تاغ قاپتاللىرىدا مەي بولۇپ پىشىپ كەتكەن ياۋا ئالما، ئۆرۈكلەر كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالاتتى. قىزلارنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىدەك يەلپۈنۈپ تۇرغان مەجنۇنتاللار، مەجنۇنتاللارنىڭ يەلپۈنۈشىگە قوشۇلۇپ ۋىچىرلىشىۋاتـ قان تاغ قۇشلىرى سېخى تەبىئەتنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشقانىدى. يۇقىرىقى تەبىئەت مەنزىرىسى يەتتە ۋىلايەتتىن كەلگەن ياشلارنى ھەيران قالدۇردى. بۇ گۈزەل مەنزىرە ئاخىر بىزنى ئاپتوموبىلدىن سەكرەپ يەرگە چۈشۈشكە مەجبۇرلىدى.

بىز ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ سۇ بويىغا بېرىپ، ئۇستىۋاشلىرىمىزنى قېقىشتۇرۇپ، يۈز- كۆزلىرىمىزنى يۇيۇپ، دەم يېتىپ تۇرۇپ سۇدىن

قانغۇچە ئىچتۇق. بەزىلەر تاغ باغرىغا يامىشىپ چىقىپ بۆلدۈرگەن تېرىپ يېسە، بەزىلەر ياۋا ئالما، ياۋا ئۆرۈكلەرنى ئىرغىتىپ يېدى، بەزىلەر بولسا ياپيېشىل چىم ئۈستىدە موللاق ئېتىشتى. شۇنداق قىلىپ بىرەر سائەت دەم ئالدۇق. ئاپتوموبىل تاغ ئىچىگە كىرگەنسېرى، جەنۇبتىن كەلگەن ياشلار بۇ گۈزەل مەنزىرىدىن ھاياجانلىنىپ، ئاداش ئاپتوموبىلنى ئاستىراق ھەيدەڭ، بۇ گۈزەللىككە قېنىۋالايلى دەپ ۋارقىرىشاتتى. شوپۇرلار ئاپتوموبىلنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى. يول ئېگىزلىگەنسېرى تاغنىڭ ئىككى قاسنىقىدا بىر- بىرى بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغان ئېگىز قارىغايلار تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈندى. قارىغايلارنىڭ ئارىسىدا ئوتلاپ يۈرگەن قوي، ئۆچكە، كالا، يىلقا قاتارلىقلار كۆزنى قاماشتۇراتتى. قوزىلارنىڭ ئانىسىنى ئىزدىگەن مەرەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سۇغا يېقىنراق جايغا تىكىلگەن قازاقلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى، ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا چىغلار ئۈستىگە يېيىلغان قۇرتلار، قازاق كېلىنچەكلەرنىڭ سىيىرلارنى سېغىۋاتقانلىقى، سۈتنى ماشاغا قۇيۇپ پىرقىرىتىپ سارماي چىقىرىۋاتقانلىقى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئىتلار ماشىنا ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ماشىنىغا يېتىشەلمەي بولۇشىغا قاۋىسا، چىملىقتا ئويناۋاتقان باللار نۇرلۇق كۆزلىرىنى ماشىنىغا تىكىشىپ،

«كوڭكا- كوڭكا» دېگىنچە قاراپ قېلىشاتتى. تاغ مەنزىرىسىنى تازا پەيزىمىز بىلەن سەيلە قىلىپ كېتىۋاتاتتۇق. توساتتىن بىر قانچە يىگىت ئاۋۇ ئۆيلەرگە قاراڭلار دەپ ۋارقىراشتى. قارىساق، تاغنىڭ ئېتىكىدە رۇس ئۆيلىرىنىڭ پاسونىدا سېلىنغان قاتار- قاتار چىرايلىق ياغاچ ئۆيلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۆيلەرنىڭ كەينى تەرىپى تاغ چوققىسىغا تۇتاشقان. تاغنىڭ چوققىسى ۋە يان باغرىلىرى قارىغايلىق بولۇپ، يەر يۈزى چىمەنزارلىق ئىدى، ئالدى تەرەپ كەڭ كەتكەن ساي، سۈپسۈزۈك سۇلار تاشتىن- تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىپ تۇراتتى. بىزنىڭ مەكتىپىمىز دەل مۇشۇ جەننەتنىڭ قوينىدا ئىدى.

ھەممىمىز ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ، بەلگىلىمە بويىچە ئورۇنلاشتۇق. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئاستى- ئۈستى تاختايلىق، كەڭ- ئازادە بولۇپ، ئىشىك- دېرىزىلىرى سىرلانغان، ئۆگزىسى ئاق قەلەي بىلەن قاپلانغان. دېرىزىلىرىدىن سىرتقا قارايدىغان بولسىڭىز زۇمرەتتەك ئېقىۋاتقان سۇلار، گۈزەل قارىغايلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بۇ ئۆيلەر 1935 ـ، 1936 ـ يىللىرى سوۋېت ئىنژېنېرلىرى تەرىپىدىن ياسالغان بولۇپ، يەنئەنگە ياردەمگە نەرسە ـ كېرەك توشۇيدىغان شەرق كالونىدىكى يۈزدىن ئارتۇق شوپۇرنىڭ قونالغۇسى قىلىنغانىدى.

كېيىنكى ۋاقىتتا كەڭساي تاشيول ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. بۇ ئۆيلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆتمۈشنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. گەرچە بۇ ئۆيلەر تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك ئۆزگىرىشلىرى بىلەن ئەسلىدىكى گۈزەل قىياپىتىنى يوقاتقان بولسىمۇ، يەنىلا قەلبىمىزدىكى گۈزەل ئەسلىمە سۈپىتىدە ساقلىنىپ تۇرماقتا.

1947 - يىل 8 - ئايدا قىرىق نەچچە كۈرسانت ۋە ئوقۇتقۇچىلار بۇ جايغا ئورۇنلاشتى. ئۇلار شۇ كۈنىلا روتا، ۋوزۋودلارغا تەشكىللەندى، بەنجاڭلارنى ئۆز ئىچىدىن بېكىتتۇق. بۇ ياشلارنىڭ تولىسى بۇرۇن ھەربىي تەلىم ئالمىغاچقا، ئىشنى ئاساسىي ھەربىي مەشقتىن باشلىدۇق. ئىستروي مەشقىدە يۈرۈش-تۇرۇش، ھەربىچە سالام بېرىشنى ئۆگەتتۇق. ھەر كۈنى ئەتىگەندە يۈگۈرۈش، تاغقا چىقىش مەشقى ئېلىپ باردۇق. تاكتىكا مەشقىدە يالغۇز ئەسكەر تاكتىكىسى، بەنىنىڭ تاكتىكىسى، كېچىلىك جەڭ، يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىش، ئۆزىنى يوشۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى مەشق قىلدۇردۇق. تېخنىكا مەشقىدە قوراللارنى چۇۋۇش، قۇراشتۇرۇش، قارىغا ئېلىش، مىلتىق، ئاپتومات، يېنىك پىلىموتلارنى ئىشلىتىش، ھەر خىل گراناتلارنى تاشلاش قاتارلىق ھەربىي تېخنىكىلارنى ئۆگەتتۇق. ئۇلار بۇ ماھارەتلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە تېز

ھەم پۇختا ئىگىلىۋالدى. كوللېكتىپ ھايات نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك. ھە! بۇ گۈزەل مەنزىرىلىك جايدىكى قايناق تۇرمۇش مۇھىتىدا كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيلا قالاتتۇق. كۈندىلىك مەشقتىن كېيىنكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىمىزمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ئىسسىپ كەتسەك يۈگۈرۈپ بېرىپ سۇغا چۆمۈلەتتۇق. تاغلارغا چىقىپ ياۋا مېۋىلەرنى تېرىپ يەيتتۇق. بەزىدە بىزگە ئانچە يىراق بولمىغان قىيىن بۇلاقتىكى رۇسلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ھەسەل ۋە ھەسەل پىۋىلىرىنى ئەكېلىپ كەچلىك ئولتۇرۇشلارنى ئۇيۇشتۇراتتۇق. بەزى دەم ئېلىش كۈنلىرى ئەتراپىمىزدىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە يەتتە-سەككىزدىن بولۇپ بېرىپ، سۈت بىلەن يۇغۇرۇلغان، تاۋىدا تەكشى قىزارتىپ پىشۇرۇلغان نان بىلەن (قازاقلار كۆنبەنان دېيىشىدۇ) قايماق چايلارنى قانغۇچە ئىچىپ قايتىپ كېلەتتۇق. شۇنداق قىلىپ كۈنلەر بىر-بىرىنىڭ ئارقىدىن قوغلىشىپ 9- ئايمۇ كىرىپ قالدى.

1947 - يىل 9 - ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. سېخى قۇياش ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرىنى زېمىنگە ئايىماي چېچىپ، بۇ قارىغايلىق جاينى چىرايلىق نۇرلاندۇرۇۋەتكەن بىر كۈن ئىدى. قارىغايلار ياپيېشىل تۇرغان بىلەن ئاستىدىكى ئوت- چۆپلەر سارغايغان، سۇ بويىدىكى تاغ تېرەكلىرى ۋە مەجنۇنتاللارنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرى ئالتۇن رەڭگە

كىرىۋاتقان كۆز پەسلى ئىدى. شۇ كۈنى چۈشكە يېقىن يىراقتىن بىر كىچىك ماشىنا توپا توزىتىپ ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن كېلىۋاتاتتى. بىز ھەيرانلىق بىلەن يولغا قاراپ تۇردۇق. كىچىك ماشىنا كېلىپلا ئالدىمىزدا توختىدى. ماشىنا ئىچىدىن ئەخمەتجان قاسىمى قىزغىن تەبەسسۇم بىلەن چۈشتى. ھەممىمىز ھاياجان ئىچىدە ماشىنىنى ئورىۋالدۇق. ئەخمەتجان قاسىمى بىز بىلەن ئىنتايىن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، تەمكىنلىك بىلەن: «سىلەرگە خەۋەر قىلماستىن ئۆگىنىش ئەھۋاللىرىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى ۋە سىلەردىن ھال سورىغىلى كەلدىم، سىلەرمۇ چۈشلۈك دەم ئېلىشقا چىققاندەك تۇرىسىلەر» دېدى. ئارقىدىنلا ئوقۇغۇچىلار: «ئەپەندىم، ھازىر تاماق ۋاقتى، ئاۋۋال بىز بىلەن بىرگە ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېسىلە» دېيىشتى. ئەپەندىم كۈلۈپ كېتىپ، قولىدىكى سائەتكە قاراپ قويۇپ:

— سىلەرنىڭ تاماقلىنىشىڭلارغا تېخى بىر ئاز ۋاقىت باردەك تۇرىدۇ. شۇڭا، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ بىر يەرگە يىغىلساق، — دېدى. بىز دەرھال كۇرسانتلارنى سۇ بويىدىكى كەڭرەك بىر تۈزلۈككە يىغدۇق. ئارىلىقتا ئەپەندىم سۇ بويىغا بېرىپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيدى. تاغ باغرىدىكى بوي تالىشىپ مەغرۇر قىياپەتتە تۇرغان قارىغايلارغا ۋە تۆۋەندە ئوتلاپ يۈرگەن چارۋاماللارغا

زوقلىنىپ قارىدى- دە، ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئويلاۋاتقاندەك، ئويچان كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن بىز تەرەپكە يۈزلىنىپ تېتىك قەدەم تاشلاپ ئالدىمىزغا كەلدى ۋە بىز تەييارلاپ قويغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرماي، ئالدى بىلەن كۆپچىلىكنى ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ، ئاندىن ئۆزى چىملىقتا چازا قۇرۇپ ئولتۇردى ۋە سۆز باشلىدى:

«سىلەرنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋاللىرىنى يولداش ساۋدانوف بىزگە دائىم قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ تۇردى. بىز سىلەرنىڭ ئۆگىنىشىڭلاردىن مەمنۇن. مېنىڭ بۈگۈن سىلەرگە دېمەكچى بولغىنىم، سىلەر ئازادلىق، دېموكراتىيە ئۈچۈن يەتتە ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن غۇلجىغا كەلدىڭلار. سىلەرنى ئاز- تولا بىر نەرسە ئۆگەنسۇن، دەپ بۇ يەرگە يىغدۇق. مەن بۈگۈن بىرىنچىدىن، سىلەردىن ھال سورىغىلى، ئىككىنچىدىن، ئۆگىنىش ئەھۋاللىرىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى، ئۈچىنچىدىن، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ھازىرقى ئىجراسى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ھەققىدە سىلەرگە بىر ئاز چۈشەنچە بەرگىلى كەلدىم. ھازىر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تىنچلىق بىتىمىنى بۇزۇش مەقسىتىدە بولۇۋاتىدۇ. دۈشمەن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تىنچ ياتمايدۇ. ئۈچ ۋىلايەتكە قارىتا ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، ھەتتا يەرلىك باندىتلارنى

سېتىۋېلىپ قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتىشى مۇمكىن. سىلەر ئوقۇۋاتقان بۇ كۇرس ئەسلىدە سىياسىي - ھەربىي كۇرس ئىدى. ئەمدى ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ھەربىي- سىياسىي كۇرس قىلىپ ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھەربىي بىلىملەرنى ئاساس قىلىپ، ياخشى ئۆگىنىپ ۋە پۇختا ئىگىلەپ، ھەربىي جەھەتتىمۇ، سىياسىي جەھەتتىمۇ يارامىلىق تايانچلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن». شۇ ئارىدا كۇرسانتلاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ھۆرمەتلىك ئەخمەتجان ئەپەندى، بىز قاچانغىچە ساقلاپ تۇرىمىز؟» دەپ سوراپ قالدى. ئەپەندىم دەرھال جاۋاب بېرىپ: «بىز يەنىلا تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىش مەيدانىدا چىڭ تۇرىمىز. پۈتۈن جۇڭگونىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ئازادلىق ئۇرۇشى كۈندىن- كۈنگە غەلىبە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئىستراتېگىيىلىك مۇداپىئەدىن ئىستراتېگىيىلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى پۈتۈن جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ئۆلكىمىزنىڭ ئازاد بولۇشىغا ئۇزۇن ۋاقىت قالمىدى.

دۈشمەننىڭ ھەر قانداق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى ھەر دائىم ھوشيار تۇرۇشىمىز لازىم. يېقىن كەلگۈسىدە سىلەر يەتتە ۋىلايەتكە قايتىپ بېرىپ خىزمەت ئىشلەيسىلەر. بەزىلىرىڭلار ھەربىي سەپتە ئىشلەيسىلەر، بەزىلىرىڭلار يەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىسىلەر. نۇرغۇن شەرەپلىك ۋە ئېغىر ۋەزىپىلەر سىلەرنى كۈتۈپ تۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى مەشق قىلىپ، ھەر جەھەتتىن يارامىلىق بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىڭلارنى يەنە بىر قېتىم ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. ئۇ تاماققا تۇتۇۋالغىنىمىزغىمۇ ئۇنىماي، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شۇنداق تېز كۆكسالا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بىز ھەممىمىز ئەخمەتجان ئەپەندى بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىمىز ئۈچۈن خۇشال بولۇپ كىچىك ماشىنىنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇردۇق. بىز ئەپەندىمنىڭ ئىنتايىن كەمتەر، ئوچۇق پېئىل، چىقىشقاق، ئەمما كەسكىن، زېرەك ئىكەنلىكى ھەققىدە قىزغىن پاراڭلىشىپ كەتتۇق.

1947 - يىل 10- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بۇ كۇرس مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كوماندىرلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى يەنى بايانداي ھەربىي مەكتىپنىڭ ئىككىنچى قارارى سۈپىتىدە غۇلجا شەھىرىگە يۆتكىلىپ كەلدى. مەزكۇر ھەربىي-

سىياسىي كۇرسقا قاتناشقان يەتتە ۋىلايەت ياشلىرى مەيلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا بولسۇن ياكى ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5- كورپۇسىدا ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە بولسۇن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ تايانچلىق رول ئوينىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئىنقىلاب ئېھتىياجى بىلەن يەرلىككە كەسىپ ئالمىشىپ، ھاكىمىيەت قۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلاردا تايانچ كۈچ بولدى. بىر قىسمى ناھىيە، ۋىلايەت، ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ھاكىم، ۋالىي، باشقارما باشلىقى قاتارلىق رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. مەسىلەن، ئۆمەر ئابدۇللا، ئىبراھىم ئابلىز، هامۇت هاجى، ئابدۇقادىر ئەبەيدۇللا، يۈسۈپ ھەلىموف، سۇلتان مامۇت، ھېكىم تۆمۈر، ئەزىز يۈسۈپ قاتارلىقلار.

ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى يەتتە ۋىلايەتتىن كەلگەن ئىنقىلابىي ياشلارنى تەربىيىلەشكە ئەنە شۇنداق كۆڭۈل بۆلگەنىدى. ھەتتا قولىغا قورال ئېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلىپ،

ئۇلارنىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ چىقىپ، جاپا-مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ئېگىز تاغ- داۋانلاردىن ئېشىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى تەرەپكە ئۆتكەن ئابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىقىدىكى تۇرپان پارتىزانلىرىنىمۇ قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەرگەن ھەم ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا قوشقانىدى.

## خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە ھەققىدە

1947 - يىل 8 - ئايلارنىڭ بېشىدا، مىللىي ئارمىيە شتابىدا سىياسىي بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەسئەت ئىسھاقوف مېنى ئۆزىنىڭ بۆلۈمىگە چاقىردى.

ئۇ ۋاقىتلاردا ئەسئەت ئىسھاقوف مىللىي ئارمىيە شتابىدا ئۇرۇش قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ قويۇق ئىدى، ئۆيىمىزمۇ بىر يەردە ئىدى، يەنى غۇلجا شەھىرىنىڭ بوينىكېسىك مەھەللىسىدە ئىدى. مەن ئەسئەتنىڭ بۆلۈمىگە كىرىشىم بىلەن ئۇ مېنى ناھايىتى ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى.

بىز ئۇياق- بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق، ئۇ بىردىنلا سۆزنىڭ تېمىسىنى تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجراسىغا يۆتكىدى.

ئۇ مەندىن: «ھازىر قىسىملاردىكى ئوفىتسېرلەردە قانداق ئىنكاسلار بار؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا بىتىمنىڭ ئىمزالىنىشى ھەققىدە ئاشكارا قارشىلىق گەپ- سۆزلەر يوق. ئەمما، بىر قىسىم ئوفىتسېرلەردە گومىنداڭ ئۆزى قول قويغان بىتىمگە رىئايە قىلمايۋاتىدۇ. مەسىلەن، بىتىمدە مىللىي ئارمىيىنى قىسقارتىپ ئالتە پولك قىلىپ، ئۈچ پولكنى گومىنداڭ دۆلەت ئارمىيە شتاتىغا كىرگۈزۈپ، پۈتۈن تەمىناتىنى گومىنداڭ تەرەپ ئۈستىگە ئالغان. لېكىن، بىزنىڭ ئارقا سەپتىكى كىشىلىرىمىز ئۇرۇمچىگە بېرىپ، بۇ ئۈچ پولكنىڭ تەمىناتىنى ئالالماي قايتىپ كەلدى، دېگەن نارازىلىق كەيپىياتلار بار دېدىم.

ئۇ: «يەنە قانداق پىكىرلەر بار؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تەمىنلەشنى ئۈستىگە ئالغان ئۈچ پولكتىكى ئوفىتسېرلەرنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى بۇرۇنقى 1945- يىلى بېرىلگەن ئۇنۋان بويىچە تۇرىۋاتىدۇ. ئەمما، گومىنداڭ دۆلەت ئارمىيىسى شتاتىدىكى ئۈچ پولكنىڭ ئوفىتسېرلىرى بولسا تېز ئۆسۈۋاتىدۇ. ئەسلىدە بىز بىلەن ئوخشاش ئۇنۋاندىكى ئوفىتسېرلەرنىڭ ئالدى پولكوۋنىك، كەينى

مايورلۇق ئۇنۋانى تاقاپ يۈرىدۇ. بىز ھەممىمىز ئىنقىلابقا بىللە قاتناشقان، بىللە ئۇرۇش قىلغان، جاپادىمۇ بىرگە بولغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇنۋانىمىز بىر- بىرىمىزدىن شۇنچە چوڭ پەرقلىق بولۇۋاتىدۇ، ئازراقمۇ ئادىللىق بولمىدى، دېگەن بىر خىل نارازىلىق كەيپىيات بار، دېدىم.

ئەسئەت مەندىن «ئۇلار كىملەرنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق دەيدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «ۋاي بۇ ئېنىق تۇرمامدۇ. مەسىلەن، شىخۇ 1 - پىيادە پولكتا بۇرۇن روتا كوماندىرى بولغانلار ئىككى يۈلتۇزلۇق لېيتېنانت ئىدى، ھازىر بولسا مايورلۇق ئۇنۋانى تاقايدۇ، دېدىم. بۇرۇن مەرغۇپ پولك كومىسسارى كاپىتان ئىدى. ھازىر پولك كوماندىرى پولكوۋنىك ئۇنۋانى تاقايدۇ. تارباغاتاي پولك مايورى ئابلاخان پولك كوماندىرى بولغاندىن كېيىن پولكوۋنىك ئۇنۋانى تاقىدى، ھەتتا بۇرۇن مىلادشى لېيتېنانت پودپورۇچىك ياكى فىدفىل بولغانلارمۇ مايورلۇق ئۇنۋانى تاقايدۇ. ئەمما، ئۇچ ۋىلايەت تەمىنلەيدىغان قىسىملار، مەسىلەن، غۇلجا 2-پولك ئارتىللىيە دىۋىزىيونى، تېكەس پولك مىللىي ئارمىيە شتابىدىكى بارلىق ئوفىتسېرلەر بۇرۇن قانداق ئۇنۋاندا بولغان بولسا بىتىمدىن كېيىنمۇ ھېچ ئۆزگىرىش بولماي بۇرۇنقى ئۇنۋانى بىلەن تۇرۇۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار خېلى بىر قىسىم

ئوفىتسېرلەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ. لېكىن، ئىنتىزام قاتتىق بولغاچقا، ئۇلار نارازىلىقىنى ئاشكارا سۆزلىيەلمەيدۇ، يەنىلا تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ ئاكتىپ ئىشلەۋاتىدۇ» دېدىم. سۆھبىتىمىز بۇ يەرگە كەلگەندە ئەسئەت ئۆزىمۇ ئويلىنىپ قالدى. چۈنكى، ئەسئەتمۇ مۇھىم بۆلۈمنىڭ باشلىقى، ئۇنۋانى مايور ئىدى.

ئەسئەت دەرھال سۆزنى يۆتكەپ، «سەن ھازىرقى جەمئىيەتتىكى ئەھۋاللارنى قانچىلىك بىلىسەن» دەپ سورىدى. مەن «ئاز- تولا ئەھۋاللارنى بىلىمەن، يەنە ئۆزۈمنىڭمۇ كۆز قاراشلىرىم بار» دېدىم. ئەسئەت «قېنى، كۆز قارىشىڭنى سۆزلەپ باققىنە» دېدى.

مەن دېدىم: مېنىڭ قارىشىمدا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەزىيىتىدە يەنىلا جىددىي ئەھۋاللار يۈز بېرىۋاتىدۇ. گومىنداڭنىڭ بىتىمنى ئىجرا قىلىش نىيىتى يوقتەك تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزى ئارقىدا تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ قولى بىلەن بىتىمنى بۇزۇش، ئۈچ ۋىلايەتنى ئۆز ئىچىدىن ئاغدۇرۇش قەستىدە بولۇۋاتىدۇ. گومىنداڭ ئۈچ ۋىلايەتكە ئىشپىيون كىرگۈزۈپ مىللىي ئارمىيە ئىچىدە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتتىكى ئاز ساندىكى پانتۇركىست، پانئىسلامىزمچىلاردىن پايدىلىنىپ، مىللەتلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش، مىللەتلەر

ئىتتىپاقىنى بۇزۇشتەك ھەرىكەتلەرنى قىلىۋاتىدۇ.
بولۇپمۇ بەزى فېئودال دىنىي كاتتىۋاشلار دىنىي سۇيىئىستېمال قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا زىيانلىق سۆز، ئىغۋا، پىتنىلەرنى تارقىتىپ يۈرۈۋاتىدۇ. مانا بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچۈن پايدىلىق. بىز بۇ ئەھۋاللارنى يېتەرلىك تونۇپ، قوشۇننىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق بۇ خىل ئەكسىيەتچىل سۆز- ھەرىكەتلەرگە قارشى كۆرەش قىلىشىمىز كېرەك دەپ قارايمەن.
ئەلۋەتتە، بىز بىتىمنى ئىجرا قىلىشنى تەكىتلەيمىز. بىتىمنى بۇزۇۋاتقان سۆز- ھەرىكەتلەرنى قاتتىق چەكلەش كېرەك. سۆزۈم بۇ يەرگە كەلگەندە ئەسئەت ئورنىدىن تۇرغىنىچە مۇرەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «يولداش ساۋدانوف، كۆز قاراشلىرىڭىزغا قوشۇلىمەن. ئەمدى بىزگە ئىنقىلابنى توغرا يولغا باشلايدىغان بىر ئىنقىلابىي يادرو بولۇشى كېرەك» دېدى. مەن دەرھال «قانداق يادرو؟» دەپ سورىدىم.
ئۇ شۇ زامات: «مەن ساڭا ئېيتاي، بىزدە بىر خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە بار. بۇ تېخى ناھايىتى مەخپىي. ئەگەر سەن خالىساڭ مەن سېنى تونۇشتۇرىمەن» دېدى. مەن «بۇ قانداق تەشكىلات؟ سوۋېت تەرەپ بىلەمدۇ؟» دەپ سورىدىم. ئەسئەت «موسكۋا بىزگە يار- يۆلەك بولىدۇ» دېدى.

مەن ئەگەر بۇ پارتىيىنى موسكۋا بىلسە ۋە قوللىسا، مەن بۇ پارتىيىگە كىرىمەن، دېدىم. ئەسئەت دەرھال ئۇنداق بولسا سەن ئەتە ياكى ئۆگۈن ئابباسوفنىڭ ئۆيىگە بارغىن. ساڭا ئانكىت بېرىدۇ. ئانكىتنى تولدۇرۇپ ئابباسوفقا ئاپىرىپ بەرگىن، دېدى. مەن خوپ دەپ چىقىپ ئۆز بۆلۈمىمگە كىردىم. مەن تاماكا چەككەچ ئويلىنىپ ئولتۇرغانىدىم، بۆلۈمگە ئىمىنوف كىرىپ كەلدى. مەن ئورنىمدىن تۇرۇپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم (مەن ئىمىنوف بىلەن خېلى ئۇزۇندىن بۇيان تونۇشاتتىم. مەن 1940- ۋە 1941- يىللاردا ئۇرۇمچى تېخنىكومىدا ئوقۇۋاتقاندا، ئىمىنوف ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ سۇچىلىق بۆلۈمىدە ئىنژېنېر ئىدى، ئۇرۇمچى بوغدا كۆلىنىڭ توسمىسىنى ئىمىنوفلار ياسىغانىدى). ئىمىنوف ئولتۇرغاندىن كېيىن «ھە ساۋدانوف، ئەسئەت بىلەن خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشقانسىلەر؟» دېدى. مەن «ھەئە، خېلى ئۇزۇن كۆڭۈل سۆزلىرىنى سۆزلەشتۇق» دېدىم. ئەسئەت ساڭا بىر نېمە دېمىدىمۇ؟ دەپ سورىدى. مەن دەرھال: ئەسئەت دېدى، بىر ئىنقىلابىي پارتىيىگە كىرىشىمنى سورىدى. مەن كىرىمەن دەپ ئوچۇق پوزىتسىيە بىلدۈردۈم، دېدىم.

ئۇنداق بولسا ئەسئەت دېگەندەك قىل، بىز ئەسئەت ئىككىمىز ساڭا تونۇشتۇرغۇچى بولىمىز، دېدى. مەن

خۇشاللىق بىلەن ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن دېدىم. غۇلجا ئۈچ دەرۋازا (ئازادلىقتىن كېيىن ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قىلىنغان جاي) دا ئابباسوفنىڭ ئۆيى بار ئىدى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن مەن شۇ يەرگە بېرىپ ئاببامسوفنىڭ يېنىغا كىردىم. ئاببامسوف مېنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىپ: «ھە، زاھىر، ئەسئەت سىز بىلەن سۆزلەشكەن ئوخشايدۇ. ئۇنداق بولسا مۇشۇ ئىككى دانە ئانكېتىنى ئېلىپ تولدۇرۇپ ئەتە ئەكېلىپ بېرىڭ. ئەمما، بۇ ناھايىتى مەخپىي، ھەتتا ئاياللىرىڭىزغىمۇ ئېيتمايسىز» دېدى ۋە «بۇ ‹ئىنقىلابىي پارتىيە› نىڭ نامىنى يېقىندا ئاشكارا ئېلان قىلىشىمىز مۇمكىن. ھازىرچە قەتئىي مەخپىي تۇتۇش كېرەك» دەپ ناھايىتى جىددىي قىياپەتتە پارتىيە ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىشىمنى تاپشۇردى. «خوپ، بولىدۇ، مەخپىيەتلىكنى قەتئىي ساقلايمەن» دېدىم - دە، خوشلىشىپ ئانكېتىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدىم. ئەتىسى ئانكېتىنى تولدۇرۇپ قول قويۇپ ئاببامسوفقا ئاپىرىپ بەردىم.

قايتىش ۋاقتىمدا ئاببامسوف «سىزنى بويىنىكېسىكتىكى ياچېيكىغا بۆلدۇق. سىز تۇرمۇشنى شۇ جايدىكى كىشىلەر بىلەن ئۆتكۈزىسىز» دېدى. «خوپ» دەپ چىقىپ كەتتىم. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئەنۋەرخان بابا ماڭا خەۋەر قىلىپ، سىلەرنىڭ ئۆيدە

پارتىيە ئەزالىرى تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزىمىز، دېدى.

ئەنۋەرخان بابا ياچېيكا يىغىنى ئاچىمىز دېگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن تۇرسۇن ئاتاۋۇللا، ئەسئەت، ئىسھاقوف، شەھەر كامىنداتىدىكى رەخىموف ئىمىنجان ۋە مەن يىغىلدۇق، يەنە كىملەرنىڭ كېلىدىغىنىنى بىلمەيتتىم. بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى «بوينىكېسىك»تە ۋە شۇ ئەتراپتا ئولتۇراتتى. مەنمۇ «بوينىكېسىك»تە ئولتۇراتتىم.

بىز يىغىلغاندىن كېيىن ئۆزئارا تونۇشتۇق. ئەسلى بۇرۇنمۇ ھەممىمىز تونۇشاتتۇق، رەسمىيەت بويىچە يەنە تونۇشۇپ قويدۇق. مەن بۇ «خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە»نىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئەنۋەرخان بابا تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ پارتىيىنى قۇرغۇچى ئابدۇكېرىم ئاbباسوف. بۇ پارتىيىمىزنىڭ رەئىسىمۇ ئابدۇكېرىم ئاbباسوف. چۈنكى ئۇ 1946- يىل 11- ئايدا قورچاق قۇرۇلتايغا بارغاندا دۇڭ ئاقساقال بىلەن كۆرۈشۈپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، دۇڭ ئاقساقال يەنە بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى قوللاپ بىر دانە راتسىيە بىلەن فىلىڭ گوئەن دېگەن رادېستنى قوشۇپ بەرگەن. مەقسەت يەنئەن بىلەن ئالاقە باغلاش ئىدى. ئەمما، غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن راتسىيىنىڭ چاستوتىسى تۆۋەن

بولغاچقا ئىشلىتەلمەي قالدۇق. شۇنداقتىمۇ شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىنى قوبۇل قىلىپ تۇردى. ئۇ كەملەردە ئۈرۈمچىدە «كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» دېگەن ئىنقىلابىي تەشكىلاتمۇ بار ئىدى.

1947 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ بېشىدا بۇ ئىككى ئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ مەسئۇللىرى يىغىن ئېچىپ، ئىككى تەشكىلاتنى بىرلەشتۈرۈش توغرۇلۇق قارار قوبۇل قىلىندى. ئۇنىڭ نامى «خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە» دېيىلدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى يەنىلا ئابدۇكېرىم ئاbbاسوف بولدى. پارتىيىنىڭ نامى قىسقارتىلىپ «خى. ئى. پ» دېيىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز بىر قانچە قېتىم باش قوشۇپ، يىغىن ئېچىپ، ۋەزىيەت ھەققىدە كۆپ سۆزلەشتۇق.

كېيىن، يەنى 1948- يىل 8- ئاينىڭ 1- كۈنى شىنجاڭدا «تىنچلىق، خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندا، «خى. ئى. پ» نىڭ ئەزالىرى مەزكۇر ئىتتىپاققا ئەزا بولۇپ كىردۇق. «خى. ئى. پ» ئۆز پائالىيىتىنى توختاتقانلىقى ھەققىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارى ئۇقتۇرۇلدى.

مەن بۇ پارتىيىگە ئاران بىر يىلغا يېقىن ئەزا بولۇپ تۇردۇم.

1948- يىلىنىڭ باشلىرىدا، مەن ئابدۇكېرىم

ئاباسوف بىلەن بىرلىكتە قىسىملارنىڭ سىياسىي خىزمىتى ۋە ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرا يۈنىلىشتىكى قىسىملار (ئوتتۇرا يۈنىلىش دېگەندە، شىخو، مايتاغ، يەنسخەي، شىخەنزىدىكى قىسىملار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) غا باردىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، 2- ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەچ سائەت سەككىزلەر ئىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى ئىسھاقبېك توساتتىن مېنى ئۆيىگە چاقىرتتى. بۇ چاغدا مەن مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئىدىم. مەن باش قوماندانىنىڭ ئۆيىگە دەرھال يېتىپ باردىم. قوماندانىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرسەم، ئۇ ئابدۇكېرىم ئاباسوف ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي قوماندانى خەسمەنوفلار بىلەن بىر ئىش ئۈستىدە قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. قوماندان مەندىن ئاساسىي قاتلام قىسىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىرەر قۇر سورىغاندىن كېيىن: «بايا بىز مۇزاكىرىلىشىپ، سىزنىڭ يولداش ئابدۇكېرىم ئاباسوف بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا يۈنىلىشكە بېرىپ كېلىشىڭىزنى قارار قىلدۇق. سىلەر ئۇ يەردە كوماندىر، جەڭچىلەرگە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى تەشۋىق قىلىسىلەر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىنتىپاقلىقنى

كۇچەيتىش ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىڭلار. بىز بۇ يىل 3-، 4- ئايلاردا شىخۇدا سىياسىي خىزمەت كوماندىرلىرىنى تەربىيىلەش بويىچە قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئاچىمىز، سىز بۇ ھەقتە ئەھۋال ئىگىلەپ، ئاز- تولا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇڭ. قالغان ئىشلارنى يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن مەسلىھەتلىشىڭلار» دېدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف ماڭا ئىللىققىنە بىر قاراپ قويۇپ ئېڭىشىپ سومكىسىدىن بىر دانە خەنزۇچە كىتابچە ۋە بىر پارچە خەرىتىنى ئېلىپ شىرەنىڭ ئۈستىگە يايدى. ئۇ چاغدا مەن خەنزۇچە خەتلەرنى تونۇمايدىغانلىقىم ئۈچۈن، كىتابقا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ئابدۇكېرىم ئاببا‌سوف يېقىنلىشىپ دولامغا پەپىلەپ تۇرۇپ، ھاياجانلىق بىلەن: «خەۋىرىڭىز بار، ھازىر ئىچكىرىدە ئىنقىلاب ۋەزىيىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنىڭ مەغلۇبىيىتى كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالدى. شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىمۇ پات ئارىدا بەربات بولىدۇ» دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ماڭا خەرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن زور غەلىبىلىرى ئۈستىدە سۆزلىمەكتە ئىدى. ئاباسوفنىڭ سۆزىنىڭ ئىلھامى بىلەن، مېنىڭ قەلبىم ئېلىمىزنىڭ

يارقىن ئىنقىلاب دولقۇنىدا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ياش رەھبەرلىرىدىن بىرسى بولغان بۇ كىشىنىڭ خۇشخۇي چىرايى يوپيورۇق چىراغ يورۇقىدا تېخىمۇ جۇشقۇن تۇس ئالغانىدى. ئۇ سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلانماقتا ئىدى. يان تەرەپتە ئولتۇرغان ئىسھاقبېكمۇ دىققەت بىلەن ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى. بۇنىڭدىن گېنېرالنىڭمۇ ھەقىقەتەن مەمنۇن بولۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا جىددىي ئىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۇرۇمچىدىن ئىشپىيون كىرگۈزۈپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئىچىدە ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغاندىن سىرت، ئىچكى جەھەتتە جەمئىيەتتىكى ئاز ساندىكى پانتۈركىست، پانئىسلامىزمچىلاردىن پايدىلىنىپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى نورمال مۇناسىۋەتنى بۇزۇشتەك ھەرىكەتلەرنى قىلىۋاتقانىدى. يەنە بەزى فېئودال دىنىي كاتتىۋاشلار دىننى سۇيىئىستېمال قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە زىيانلىق بولغان ھەر خىل سۆز-ئىغۋا، پىتنىلەرنى تارقىتىپ يۈرمەكتە ئىدى. بەزىلەر تېخىچە ئۆز بىلەن دۈشمەننى ئېنىق پەرقلەندۈرەلمەي كېلىۋاتاتتى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى. بۇنداق ۋەزىيەتتە، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئاساسىي قوراللىق قوشۇنى بولغان مىللىي ئارمىيىدىكى كوماندىر، جەڭچىلەرگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مۇقىملىقنى ساقلاش، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى تەشۋىق قىلىش ھەققىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق كوماندىر، جەڭچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. مەن ئىچىمدە رەھبەرلىكنىڭ قارارىنىڭ نەقەدەر توغرا ۋە دەل ۋاقتىدا بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئاخىرىدا ئاباسوف: «ساۋدانوف، سىز چوڭراق جۇڭگو خەرىتىسىدىن بىرنى ۋە قەغەزدىن ياسالغان بىر قانچە قىزىل بايراقچە تەييارلاپ ئېلىۋالارسىز، بىز تەربىيىدە ئىشلىتىمىز» دېدى.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەمتىمىن خەلپەت ھاجىيوف، قۇربان ياقۇپ ئۈچىمىز بىر قارا ئاپتوموبىل بىلەن غۇلجىدىن شىخۇ قىسىملىرىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. بىزنىڭ سەپەرگە چىققان ۋاقتىمىز قارا قىش ۋاقتى بولۇپ، پۈتۈن جاھان ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغانىدى. ئاپتوموبىلنىڭ چاقى ئاستىدا يانجىلغان قارلاردىن پارقىراق نۇرلار پەيدا بولاتتى. سۆڭەكتىن

ئۆتىدىغان سوغۇق ۋە شىۋىرغاندا كىيىۋالغان قېلىن جۇۋىلىرىمىزمۇ كارغا كەلمەي قالدى. ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا سوغۇق دەستىدىن ھەممىمىز غال- غال تىترەشكە باشلىدۇق. بىر- بىرىمىزگە ياندىشىپ كوزۇپقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشتىن باشقا ئامال بولمىدى. بىز ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى ئاپتوموبىلنىڭ كابىنكىسى ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇڭ دېگەن بولساقمۇ، ئۇ كىشى زادىلا ئۇنىماي، تېنى ئاجىزراق بولغان بىر يولداشنى كابىنكا ئىچىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى قېشىمىزدا جۇۋىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ تۇمشۇقىنى ئىچىگە تىقىپ بىز بىلەن چاقچاقلىشىپ ئولتۇردى. يولدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف مەمتىمىن خەلپەت ھاجىغا چاقچاق قىلىپ ماڭدى. خەلپەت ھاجىنىڭ «قاراقاش» دېگەن لەقىمى بار ئىكەن. ئەسلىدە مەمتىمىن خەلپەت ھاجىنىڭ قېشى يوقتەكلا ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ دائىم قېشىنى سىلاپ تۇرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. شۇ ئەسنادا ئاستا- ئاستا قاراڭغۇ چۈشتى. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن سوغۇق تېخىمۇ ئەۋج ئالدى، شىۋىرغانمۇ ھە دەپ ئىسقىرتماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە لەپىلدەپ قار يېغىشقا باشلىدى. ئوتتۇز نەچچە چاقىرىم ماڭا- ماڭمايلا ئاپتوموبىلنىڭ چىرىغى بۇزۇلۇپ قالدى. تۈن قاراڭغۇدا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، تىت- تىت بولغىنىمىز بىلەن بىرەر ئامال تاپالمىدۇق.

يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئاپتوموبىلدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇياق- بۇياققا سەپسالغاندىن كېيىن شوپۇرنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ: «ھېچگەپ يوق، چارە تېپىلىپ قالىدۇ» دېدى. شوپۇر ئاپتوموبىلنىڭ چىراغ قىسمىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرۈپ: «لامپۇچكا كۆيۈپتۇ، يولغا چىققاندا ئالدىراپ قېلىپ زاپاس لامپۇچكا ئېلىۋالماپتىكەنمەن» دېدى. بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف لام- جىم دېمەي ئاپتوموبىلنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتۈپ، ماتور ئاسرىغۇچ پاختىلىق كاپوتنى ئېلىپ ئۇنى بېنزىنغا چىلاپ ئوت ياقتى. ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. شۇ ئەسنادا يولداش قۇربان ياقۇپ ئۆزلۈكىدىن ئاپتوموبىلنىڭ ئالدىغا ئولتۇرۇپ، مەشئەلنى كۆتۈرگىنىچە يول كۆرسىتىپ بەردى. مەشئەللىك ئاپتوموبىل تۈن قاراڭغۇسىدا دېڭىزدا يۈرۈپ كېتىۋاتقان قولۋاقتەك پايانسىز تۈن پەردىسىنى يېرىپ ئاستا- ئاستا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. قىرىق نەچچە كىلومېتىر يولنى شۇ تەرىقىدە بېسىپ يېرىم كېچىدە سۈيدۈڭگە يېتىپ باردۇق. مۇشكۇل سەپەر قىلىپ ئۇچىنچى كۈنى گۇڭگۇم چۈشكەندە ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى قىسىملار تۇرۇشلۇق جاي شىخۇغا ئۇلىشىۋالدۇق. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپلا يۈز- كۆزىنى يۇيۇشقىمۇ ئۇلگۇرمەي ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى لىسكىن باشلىق

قىسىم باشلىقلىرىنى يىغىپ يىغىن ئاچتى. ئۇلارنىڭ قىسىمىنىڭ ھەربىي تەلىم- تەربىيىسى ۋە سىياسىي تەربىيىسى جەھەتتىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا قىلغان دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئەتىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىز شىخۇدىن مايتاغقا، كېيىن يەنسىخەيگە باردۇق.

يەنسىخەي ئوتتۇرا يۈنلىش قىسىملىرىنىڭ توپلانغان جايى ئىدى. ئۇ يەر ياز كۈنلىرى كۆكىرىپ تۇرىدىغان قەدىمىي بۈك- باراقسان ئورمانلىق بولۇپ، ئەينى چاغدا مۇداپىئەدە تۇرغان قىسىملار ئۇ يەرنى ئورمانباغ دەپمۇ ئاتايتتى. ئوڭ تەرىپى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئېدىرلىق بولۇپ، تىمتاس ئىدى. جەڭچىلەرنىڭ ئايئاق قار ئۈستىدە قالدۇرغان ئاياغ ئىزلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ يەردە ئادەم بارلىقىنى زادىلا بىلگىلى بولمايتتى. يېقىن بارغاندىلا ئاندىن ھەممىلا يەردە زىملەنكە بارلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. قارنى يېپىنچا قىلغان بۇ زىملەنكىلەر تولىمۇ ئەپچىل ياسالغان بولۇپ، چوڭراقىغا بىر ۋوزۋود، كىچىكلىرىگە بىر بەن ئەسكەر سىغاتتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ شىخۇ 1- پولكى، ئىلى پىيادە 2- پولكى ۋە زەمبىرەكچىلەر باتالىيونى بۇ جاينى ھوشيارلىق بىلەن ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى.

يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشلىق ھەممىمىز

زىملەنكىلەرگە ئورۇنلاشتۇق ھەم بىر نەچچە كۈننى جەڭچىلەر بىلەن بىرگە ئۆتكۈزدۇق. بىز كۈندۈزى مەشق مەيدانىغا چىقىپ جەڭچىلەرنىڭ ھەربىي تەلىم ۋە مەشقىنى كۆرسەك، ئاخشاملىرى زىملەنكىلەردە جەڭچىلەر بىلەن سىرداشتۇق. جەڭچىلەر ۋەزىيەت ھەققىدىكى سۆزلەرگە قىزىقاتتى، جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى. بولۇپمۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەت توغرىسىدا بايان قىلغان كىشىگە ئىلھام بېغىشلايدىغان قىزغىن سۆزلىرىنى تولىمۇ زوق بىلەن ئاڭلايتتى. بىر كۈنى يەنسىخەيدە تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن ئىككى يۈزدەك ئوفىتسېر پىيادە 2-پولكنىڭ يەر ئاستى كۇلۇبىغا يىغىلدى. مەزكۇر كۇلۇب ئەمەلىيەتتە يەرنى چوڭقۇر كولاپ ئۈستى يېپىلغان بىر چوڭ زىملەنكە بولۇپ، ئىچى ئازادە ھەم پاكىز سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. كۇلۇبنىڭ ئالدىغا بىز ئالغاچ كەلگەن چوڭ جۇڭگو خەرىتىسى ئېسىلدى. يىغىن ئەھلى ئاللىبۇرۇنلا كېلىپ رەتلىك ئولتۇرغانىدى. يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف كۇلۇب ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. ئۇ ھەربىيلەرگە خاس قىياپەت بىلەن كۆپچىلىككە ھۆرمەت بىلدۈردى. يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف قىزغىن ئالقىش ئىچىدە سۆزىنى باشلىدى. ئەمدىلا يىگىرمەسەككىز ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ كىشىنىڭ

جەسۇر بەستىدىن بىر خىل شىجائەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ قولىدا بىر كۆرسەتكۈچ تاياقچىنى تۇتقان ھالدا مۇنبەرگە ئېسىلغان خەرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى: «سۆيۈملۈك ئوفىتسېرلەر، مانا بۇ بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگو، بۇ يەر بولسا ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى شىنجاڭ. مانا بۇ كىچىك جاي بىز تۇرۇۋاتقان ئۈچ ۋىلايەت». ئارقىدىن ئۇ خەرىتىدىكى كەڭ زېمىننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مانا مۇشۇ نەچچە مىليون كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان كەڭ زېمىننى ئازاد قىلدى» دېدى. ئۇ سۆزلەپ كېتىۋېتىپ قىزىل بايراقچىلارنى ئازاد قىلىنغان شەھەرلەرنىڭ ئۈستىگە قاداپ ماڭدى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن، بارلىقتىن تەرەققىي قىلغان كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئارمىيە. ئۇ گومىنداڭنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى قوشۇنلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ھازىر ئىستراتېگىيىلىك مۇداپىئەدىن ئىستراتېگىيىلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلىنىۋاتىدۇ. پات ئارىدا شىنجاڭغا يېتىپ كېلىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭ ئازاد بولىدىغان كۈنلەرگە ئاز قالدى...» دېدى. كۆپچىلىك بۇ سۆزلەرگە شۇ ھامان گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىتىپ تەنتەنە قىلىشتى. يىغىنغا قاتناشقان

ئوفىتسېرلار ئىچىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭلىق ئوفىتسېرلار خۇشاللىقىدىن بېشىدىكى شەپكىلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ پۇلاڭلىتىپ، ئاتا- ئانا، قېرىنداشلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان كۈنلەرنىڭ ساناقلىقلا قالغانلىقىغا تەنتەنە قىلىشتى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ مۇنداق دېدى: «رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى ئېيتقاندەك، دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ دۈشمىنى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بولسا بىزنىڭ دوستىمىز». سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ چىرايىدا يۈكسەك ھۆرمەت ھېسسىياتى جىلۋىلەندى. ئۇ ھېسسىياتىنى بېسىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى خەلقنىڭ ھەقىقىي ئازاد قىلغۇچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى. ئۇلاردا ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت، كۈچلۈك سىياسىي خىزمەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ئارمىيە بىلەن خەلق ئىنتايىن ئىناق، خەلق ئاممىسى ئۇلارنى قوللايدۇ. ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك. بىز خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك». ئۇ ئاخىرىدا مىللىي ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنى بۇنىڭدىن كېيىن ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى

كۆچەيتىپ، ھوشيار تۇرۇپ، تىنچلىق ۋەزىيىتىنى قوغداپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىپ، شىنجاڭ خەلقىنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش يولىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ئورتاق كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

## شىخۇدا سىياسىي كۇرس ئېچىش

1948 - يىل 5 - ئايلار ئىدى. گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ كاتىپى ئابلەت توختى تېلېفون بېرىپ، گېنېرالنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن دەرھال گېنېرالنىڭ ئىشخانىسىغا باردىم ۋە ھەربىيچە چاس بېرىپ: «ھۆرمەتلىك گېنېرال، بۇيرۇقىڭىز بويىچە يېتىپ كەلدىم. مايور ساۋدانوف» دەپ دوكلات قىلدىم. گېنېرال سۇرلۇك قاراپ قويۇپ ئولتۇرۇشىمغا ئىشارەت قىلدى. مەن ئولتۇرغاندىن كېيىن گېنېرال:

— ئۆتكەندە ساڭا ئېيتقانىدىم، ئەنە شۇ پىلان بويىچە يېقىندا شىخۇدا ئىككى ئايلىق بىر سىياسىي كۇرس ئېچىشنى ئويلاشتۇق. باتاليوننىڭ، روتىنىڭ سىياسىي رەھبەرلىرى يىغىپ تەربىيىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە مەن ناچالنىك شتاب مازاروفقا دېدىم. سەن بىر قانچە

كوماندىرنى تاللاپ شىخۇغا بېرىپ ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى لېسكىن بىلەن مەسلىھەتلەشكىن، كۇرسنى ياخشى ئېچىڭلار. كۇرس باشلانغاندىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف بېرىپ دوكلات بېرىدۇ. كۇرستا كادىرلارغا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىرىنى ئوبدان چۈشەندۈرۈڭلار. سەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئابباسوف بىلەن كۆرۈشكىن، ئۇ ساڭا كۇرسنى قانداق ئېچىش، قانداق باشقۇرۇش ھەققىدە يوليورۇق بېرىدۇ، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى. مەن «خوپ» دەپ سالام بېرىپ چىقىپ كەتتىم. ئەتىسى ئابباسوف بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشتۇم.

ئابباسوف ماڭا شىخۇدا مىللىي ئارمىيىدىكى بىر قىسىم سىياسىي خىزمەتچىلەرنى يىغىپ سىياسىي كۇرس ئاچماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە: «كۇرسنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى — ھازىرقى ۋەزىيەتنى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى غەلىبىسىنى كوماندىرلارغا چۈشەندۈرۈش، مىللىي ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ پات ئارىدا تولۇق ئازاد بولىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى تىكلەشتىن ئىبارەت. كۇرسقا ئەخمەتجان ئەپەندى دوكلات بېرىدۇ، سەيپىدىن بىلەن ئىككىمىزمۇ بارىمىز» دېدى. ئارقىدىن قولىدىكى بىر كىتابنى ماڭا

بەردى. ئۇ كىتاب خەنزۇچە ئىدى. مەن «بۇ نېمە كىتاب؟» دەپ سورىۋىدىم، ئۇ ماڭا: «8 - ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمەت نىزامى، كىتابنى سىز ئابلىمىت مەخسۇتوفقا بېرىڭ، ئۇ سىزگە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ بېرىدۇ. سىياسىي كۇرستا كادىرلارغا مۇشۇ كىتابتىن دەرس ئۆتۈلىدۇ. مىللىي ئارمىيىدىكى سىياسىي خىزمەتچىلەر خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي خىزمىتىنىڭ مەزمۇنىنى، ئۇسۇلىنى، تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇشى لازىم. مىللىي ئارمىيىدىمۇ جانلىق سىياسىي خىزمەت كەيپىياتىنى شەكىللەندۇرۇش كېرەك» دېدى. مەن كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ «بۇ كىتاب سىزگە قانداق كېلىپ قالدى؟» دەپ سورىدىم. ئاباسوف كۈلۈپ قويۇپ، ماڭا ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سۆزلەپ بەردى:

— 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ بىرلەشمە هۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1946 - يىل 11 - ئايدا گومىنداڭ نەنجىڭدا قورچاق خەلق قۇرۇلتىيى چاقىردى. ئەخمەتجان ئەپەندى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىدىن بىر قانچىمىز نەنجىڭغا باردۇق. قۇرۇلتاي مەزگىلىدە مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنى مەخپىي هالدا بىلىۋالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن

پۈرسەت تېپىپ خېيىم - خەتەرگە قارىماي ئىش بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ دۇڭ بىۋۇ ئاقساقال بىلەن كۆرۈشتۈم. دوڭ بىۋۇ ئاقساقال مېنى قىزغىن قارشى ئالدى. مەن ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق بىر قانچە كىشىنىڭ قورچاق قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىزنى ئېيتتىم ھەمدە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردۇم. دوڭ بىۋۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ماڭا ئىلھام بېرىپ مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ سىلەرنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىڭلاردىن خەۋىرىمىز بار. بىز سىلەرنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىڭلارنى قوللايمىز. سىلەر كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇڭلار، — ئۇ يەنە مەملىكەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، — گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئازاد رايونلارغا ھۇجۇم قىلىش سۇيىقەستىنى پىلانلاۋاتىدۇ. ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپ قېلىش ئېھتىمالى زور، — دېدى. مەن، «ئاقساقال، بىزنىڭ يەنئەن بىلەن ئالاقىلىشىش ئارزۇيىمىز بار. بىزگە مۇشۇ جەھەتتىن ياردەم بەرسىڭىز» دېدىم. دوڭ بىۋۇ ئاقساقال «مەن بۇ تەكلىپىڭلارنى يۇقىرىغا دوكلات قىلىپ كۆرەي» دېدى. مەن ئىش بېجىرىش ئورنىدىن ناھايىتى خۇشپىيانە ھالدا چىقىپ كەتتىم. نەچچە كۈندىن كېيىن يەنە باردىم. دوڭ بىۋۇ ئاقساقال مېنى قىزغىن

قارشى ئېلىپ «مەن مەركەزدىن يولىيورۇق سورىدىم. مەركەز سىلەرنىڭ ھەرىكىتىڭلارنى قوللايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەنئەن بىلەن ئالاقىلىشىشقا بىر دانە راتسىيە بىلەن بىر كىشىنى سىزگە قوشۇپ بېرىمەن. ئاشۇ كىشى شىنجاڭغا بارغاندا راتسىيە ئارقىلىق يەنئەن بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى پېڭ گۇئەن، يەنە بىر ئىسمى پېڭ چاڭكۇي. مانا ماۋۇ 8 - ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمەت نىزامى، ئالغاچ كېتىڭ، ئۆزۈڭلارنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئارمىيە ئىچىدە پايدىلانساڭلار بولىدۇ» دېدى. مەن ناھايىتى خۇشال بولۇپ رەھمەت ئېيتىپ دوڭ بىۋۇ ئاقساقالنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتىم. كېيىن يولداش پېڭ گۇئەن بىز تۇرغان مېھمانخانىغا ئىزدەپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، بىز شىنجاڭغا قايتىدىغان ۋاقىتتا سىزگە خەۋەر قىلىمەن، شىنجاڭغا بىللە كېتىمىز» دېدىم. يەنە ئۇنىڭغا «مەن سىزنى ئايالىم لۇنىڭ تۇغقىنى دەيمەن، سىزمۇ شۇنداق دەڭ، بىر ئايروپىلاندا كېتىمىز» دېدىم. قورچاق قۇرۇلتاي تۈگىگەندىن كېيىن، بىز بىرگە شىنجاڭغا قايتتۇق. غۇلجىغا بارغاندا پېڭ گۇئەننى بىزنىڭ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردۇم. مەن «سىلەر يەنئەن بىلەن ئالاقىلىشىپ كۆردۈڭلارمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئاببباسوف ئەپسۇسلانغان ھالدا ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ «پەقەت

ئالاقىلىشالمىدۇق. ئۇ ئېلىپ كەلگەن راتسىيىنىڭ كۆچى يەتمىدى. يەنئەن بىلەن ئىلىنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق بولغانلىقتىن باشقىچە ئالاقىمۇ ئورنىتالماي قالدۇق. لېكىن، پىلىڭ گۇئەن ئاشۇ راتسىيە ئارقىلىق شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى تارقاتقان رادىئو خەۋەرلىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا قوبۇل قىلىپ، رەتلەپ، ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ تۇردى» دېدى.

ئاباسوفنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مەنمۇ ناھايىتى روھلىنىپ كەتتىم - دە، كۇرسقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتىم. ئەتىسى ئەتىگەندە ئىشقا بارغاندىن كېيىن، كۇرسنىڭ پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتىم. سىياسىي بۆلۈمدىكى يولداشلار بىلەن كۇرسنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى، ئوقۇغۇچىلارغا كۇرستا ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، ۋاقتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتۇق. يۇقىرىغا: كۇرسنىڭ مۇدىرلىقىنى شىنخۇ قوماندانلىق شتابىتىكى پاتى ئىۋانوۋىچ لېسكىن ئۈستىگە ئېلىش، مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ساۋدانوف ئۈستىگە ئېلىش، ھەربىي تەلىم ئوقۇتقۇچىلىقىغا تۇرسۇن سەيدەخمەتوف، تارىخ ئوقۇتقۇچىلىقىغا نۇر سادىروف، سىياسىي ئوقۇتقۇچىلىققا ساۋدانوف، خەمىت نۇرى، داڭقى (قازاق) قاتارلىقلارنى تەيىنلەش، رەھبەرلەردىن

ئەخمەتجان ئەپەندى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفلارنى ۋەزىيەت ھەققىدە دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىش، يەنە بىر قانچە خىزمەتچى بېرىش توغرىسىدا دوكلات يازدۇق. بۇ دوكلاتنى پولكوۋنىك خەسەنوف كۆرگەندىن كېيىن گېنېرال ئىسھاقبېككە يوللىدى. ئىسھاقبېك تەستىقلاپ ناچالنىك شتاب ماژاروفقا چۈشۈرۈپ بەردى. ماژاروف مەزكۇر دوكلاتنى مىللىي ئارمىيىنىڭ رەسمىي ھۆججىتى سۈپىتىدە تۆۋەنگە تارقاتتى. مەن ئەھۋالنى لېسكىنگە دوكلات قىلدىم. لېسكىن چاقچاق قىلىپ: «يولداش ساۋدانوف، مېنى بۇ سىياسىي كۇرسنىڭ مۇدىرى دەپسىلەر، قانداق فورمىدامۇندىر بېرىسىلەر؟» دېدى. لېسكىن ئۇيغۇرچە گەپنى خېلى راۋان سۆزلەيتتى. مەن: «مۇندىر ئەمەس، مۇدىر، باشلىق، ناچالنىك دېگەن مەنىدە» دېسەم، ئۇ: «ھە مۇنداق دەڭ. سىز ئاساسىي خىزمەتنى تۇتۇڭ، قىيىنچىلىق بولسا ماڭا دوكلات قىلىڭ» دېدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى قىسىملاردىن يۈزگە يېقىن كادىر يىغىلدى.

كۇرسنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا يولداش لېسكىن سۆز قىلىپ، كوماندىرلاردىن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىشنى ، ھەربىي تەلىم، سىياسىي ـ ئىدىيە خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ

غەربىي شىمالدىكى غەلىبىلەرنى قىسقىچە سۆزلەپ
كادىرلارنى ئىلھاملاندۇردى. مەن كۇرسنىڭ مەقسىتى،
تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، ئوقۇش مەزمۇنلىرىنى
سۆزلىدىم. شۇنداق قىلىپ، بۇ سىياسىي كۇرس
رەسمىي باشلىنىپ كەتتى. ئالدى بىلەن، ھەربىي تەلىم
جەھەتتە ھەر كۇنى ئەتىگەنلىكى شىخو قوماندانلىق
شتابىنىڭ ئالدىدىكى تاشيولدا مەشق ئېلىپ بېرىلدى.
تۇرسۇن سەيدەخمەتوف ھەربىي ئىشلارغا پىششىق
ئىدى. ئۇ كوماندىرلارغا ھەربىي ئىنتىزام، تەرتىپ،
قائىدە، كىيىم - فورمىلارنى تۈزەپ كىيىش قاتارلىق
جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئۇنىڭ كازروگنى①
دەپ ۋارقىرايدىغان ئادىتى، ھەربىي يىغىلىش قىلغاندا
يامغۇر تۇرماق، تاش ياغسىمۇ يىغىلىسىلەر دەيدىغان
تەلەپچانلىقى يولداشلارنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ.
ھازىرمۇ ئارىلاپ تۇرسۇن سەيدەخمەتوفقا «كازروگىڭنى
تۈزەت» دەپ چاقچاق قىلىپ قويىمىز. كېيىن بۇ
كۇرسقا ئەخمەتجان ئەپەندى، ئاباسوف، سەيپىدىنلەر
ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ دوكلات بېرىپ تۇردى. مەن
ئاباسوف بەرگەن «8 - ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمىتى
نىزامى» دىن پايدىلىنىپ، مىللىي ئارمىيە
قىسىملىرىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا، خەلق



① كازروگ — شەپكىنىڭ چېكىلىكى.

ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي خىزمىتىنىڭ تۈپ پرىنسىپى، ئوفىتسېرلەر بىلەن جەڭچىلەرنىڭ بىرلىكى پرىنسىپى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بىرلىكى پرىنسىپى، دۈشمەن ئارمىيىسىنى پارچىلاش، ئەسىرلەرگە كەڭچىلىك قىلىش پرىنسىپى، ئۈچ چوڭ دېموكراتىيە، يەنى سىياسىي جەھەتتىكى دېموكراتىيە، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى دېموكراتىيە، ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى دېموكراتىيە، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت، ئارمىيىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەندەك مەزمۇنلار توغرىسىدا لېكسىيە تەييارلاپ سىياسىي دەرس ئۆتتۈم. ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئېلىمىزنىڭ قىسمەن رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان مىللىي دېموكراتىك ئازادلىق ھەرىكىتىدۇر. بۇ ئىنقىلاب پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىنقىلابى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان زور ئىنقىلاب غەلىبە قىلمىسا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىمۇ غەلىبە قىلالمايدۇ». ئۇ ناھايىتى چۈشىنىشلىك، كەسكىن سۆزلەيتتى. ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى

تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ سۆزىنى داۋام قىلدى: «پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق كۈرەش قىلغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىقىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. كەڭ خەنزۇ خەلقى بىزنىڭ ئىتتىپاقداشىمىز، بىز ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇپ، مىللەت ئايرىمايدىغان، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرى بولمىغان، ھەقىقىي باراۋەرلىك ئاساسىدىكى دېموكراتىك تۈزۈم ئورنىتىشىمىز لازىم». بۇ قېتىم ئەخمەتجان ئەپەندى ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك، زور تەربىيۋى ئەھمىيەتكە ئىگە دوكلات بەرگەنىدى.

ئەسلىشىمچە، ئەخمەتجان ئەپەندىنىڭ شۇ قېتىمقى دوكلاتى مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرى ئىچىدە چوڭ تەسىر قوزغىغانىدى. شىخۇ سىياسىي كۇرسىنىڭ تەربىيۋى رولى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ: بىرىنچىدىن، كۇرسقا قاتناشقان كادىرلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا نەزەرىيە جەھەتتىن ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلدى، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئازادلىق ئۇرۇشى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا غەلىبە قىلغاندىلا، جۇملىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ

ئازادلىق ئۇرۇشىغا يېقىندىن ماسلاشقاندىلا، شىنجاڭنىڭ تېز، تولۇق ئازاد بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

ئىككىنچىدىن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەنزۇ خەلقى بىزنىڭ ئىتتىپاقدىشىمىز ئىكەنلىكى، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئاز ساندىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىكەنلىكى، ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق كۈرەش قىلغاندىلا ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقى چۈشىنىۋېلىندى.

ئۈچىنچىدىن، ئابباسوفنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە بەرگەن دوكلاتىدىن كۇرسقا قاتناشقان بارلىق ئوفىتسېرلار چوڭقۇر ئىلھام ئالدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقى، شىنجاڭنىڭ پات ئارىدا تولۇق ئازاد بولىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچ ئاشتى.

دېمەك، بۇ قېتىمقى سىياسىي كۇرسنىڭ ۋاقتى قىسقا بولغان بولسىمۇ، تەربىيە رولى چوڭ بولۇپ، مىللىي ئارمىيە كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

# ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈش

مەن ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئۇرۇش مەزگىلىدە بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ باقمىغان. بىر كۈنى كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئەخمەتجان ئەپەندىنى ئىزدەپ غۇلجا نوۋگورتتىكى ئۆيىگە بارسام، ئۆيىدە ئايالى ماھىنۇر قاسىم بار ئىكەن، ئەپەندىم خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتكەنلىكى ئۈچۈن كۆرۈشەلمىدىم. بۇنىڭغا كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولدى. لېكىن، ئەخمەتجان ئەپەندىنى يىغىنلاردا كۆرۈپ تۇراتتىم. سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنى بىر نەچچە قېتىم ئاڭلىدىم. بۇ نۇتۇقلار مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى . بىراق، ئۇ ئادەم بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ سۆزلىشىپ باقمىغانىدىم. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتلاردا مەن بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېر ئىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا مېنىڭ تۇرمۇشۇم 1944 - يىلدىن تارتىپ ئالدىنقى سەپتە ئۆتتى. ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش پۇرسىتى بولمىدى. گېنېرال ئىسھاقبېك بىلەن بولسا 1947 - يىلدىن كېيىن دائىم دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇردۇم. چۈنكى، مەن مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان ۋاقتىمدا

قىسىملارنىڭ ئەھۋالىنى گېنېرال ئىسھاقبېككە دائىم بىۋاستە دوكلات قىلىپ تۇراتتىم. گېنېرال بىلەن بولغان ئالاقەم قويۇق بولغاچقا، ئۇمۇ مېنى ياخشى تونۇيتتى.

1948 - يىل 8 - ئايلار ئىدى، تومۇزنىڭ ئوتتەك ھاۋاسى غۇلجا شەھىرىنى تونۇردەك قىزدۇرۇۋەتتى. بۇنداق تىنجىق كۈنلەردە كېچىسى ئۇخلىغىلى بولمايتتى. ئىشتەي تۇتۇلۇپ گالدىن تاماق ئۆتمەيتتى. كۈندۈزى تالاغا چىقىسىڭىز پىژقىرىم ئاپتاپتا خىزمەتكە بېرىش خۇشياقمايتتى. شۇ كۈنلەردە مىللىي ئارمىيىنىڭ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرىدىن بەزىلىرى كەڭساي، كۆكسالا، قىيىنبۇلاق قاتارلىق ھاۋالىق جايلارغا بېرىپ دەم ئالاتتى. بۇ رەھبىرىي كادىرلار ئائىلىسىنى ئاشۇ ياقلارغا كۆچۈرۈپ چىقاتتى، ئۆزلىرى بولسا ھەر شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن چىقىپ كېتىپ دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە خىزمەتكە ئۈلگۈرۈپ قايتىپ كېلەتتى. مۇشۇنداق تومۇزنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە، مەن دادام، ئانامنى ۋە بالا- چاقىلىرىمنى ئېلىپ، بىر نەچچە كۈن دەم ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كەڭسايدىكى تاشيول ئىدارىسىنىڭ ياغاچ ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتىم. كەڭساي ئەينى ۋاقىتتا بەكمۇ گۈزەل ئىدى، ئىككى تەرىپى بىر - بىرىگە تۇتاشقان تاغلار ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ كەتكەن ساي ئىدى. ساينىڭ ئوتتۇرىسىنى ئىككىگە

بۆلۈپ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ شارقىراپ ئېقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك سۇلار، تاغلاردا بىر- بىرى بىلەن بوي تالىشىپ ئۆسكەن قارىغايلار، ئۇ يەردە ئوتلاپ يۈرگەن يىلقا، كالىلار، قويلار، قوزىلارنىڭ يېقىملىق مەرەشلىرى، قارىغايلارنىڭ ئارىسى ۋە ئەتراپىغا تىكىلىپ كەتكەن ئاق كىگىز ئۆيلەر، ساي بويىدا ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگا رەڭ گۈللەر، ساپ ھەم سالقىن ھاۋا، مەيىن شامال كىشىگە ئاجايىپ ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى. ئارىلاپ يىراق - يىراقلاردىن ئاڭلىنىپ تۇرغان كاككۇك ئاۋازى كىشىنىڭ يۈرەك تارىسىنى چېكىپ ئۆتەتتى.

كۆكسالادا دەم ئېلىۋاتقان ئىسھاقبېكنى يوقلىغاچ، بىر ئىشنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن بارغانسېرى ئېگىزلەپ يىلان باغرى يوللار بىلەن داۋاننىڭ يېنىغا بېرىپ قالدىم. مەن بۇرۇن كۆكسالاغا بېرىپ باقمىغانىدىم. يولدا قازاق چارۋىچىلاردىن سوراپ ھازىرقى داۋانغا چىقىدىغان يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى سايىنىڭ كۆكسالا ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەن داۋانغا يېقىنلىشىپ جەنۇب تەرەپتىكى سايغا كىرىپ ئىلگىرىلىدىم. بۇ سايىنىڭ ئىككى تەرىپى ئېگىز ۋە كەڭرى كەتكەن يايلاق ئىدى، ياپيېشىل گىلەمدەك چۆپلەر ئارىسىدا ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگا رەڭ گۈللەر ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ، ھەۋىسىنى

كەلتۈرەتتى. ئاپتوموبىللارنىڭ بۇ يايلاقتىكى ئەگرى-بۈگرى ئىزلىرى خۇددى تولغىنىپ ياتقان يىلانغان ئوخشايتتى. مۇشۇ يىلان باغرى ئاپتوموبىل ئىزىنى بويلاپ خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن تاغ باغرىدىكى قېلىن قارىغايلار ئارىسىغا قاتار- قاتار تىكىلگەن ئاق كىگىز ئۆيلەر كۆرۈندى. ھەر بىر ئۆينىڭ ئالدىدىكى موما ياغاچلارغا چىرايلىق ئىگەرلەنگەن بىر قانچە ئات باغلاقلىق تۇراتتى. بۇنىڭغا قاراپ، قازاق چارۋىچىلارنىڭ ئىككى - ئۈچتىن بولۇشۇپ ئاۋۇل ئارىلاپ قىمىز ئىچىشىپ، يۇمران قوزا گۆشلىرىنى يەپ يايلاقنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغانلىقى ئېسىمگە كەلدى. ئۆيلەر ئەتراپىدا بەش - ئالتە ياشلىق باللار تال چىۋىقتىن ئات ئېتىپ چۇرقىرىشىپ ئويناپ يۈرەتتى. كىچىك قىزلارنىڭ بېشىدىكى ئۈنچە تاقىغان دوپپىلىرى ۋە پىنجەكلىرى ئالدىغا تىكىپ قويۇلغان كۈمۈش تەڭگىلەر، نەقىشلەنگەن تۈگمىلەر ئاپتاپتا يالت-يۇلت قىلىپ كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. مەن بۇ قىزلارنىڭ چوڭراق بىرىدىن «گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ ئۆيى قايسى» دەپ سورىۋىدىم، ئۇ ماڭا: «ئاناۋۇ تۇرغان ئۇكەن ئاق ئۆي» دەپ كۆرسىتىپ قويدى. مەن ئۇ كۆرسىتىپ بەرگەن ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. ئالدى تەرەپتىكى ئۆيلەر قاتار، رەتلىك تىكىلگەن ئاپئاق كىگىز ئۆيلەر ئىدى. ئەمما، بۇ كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا ئات باغلايدىغان

موما ياغاچ كۆرۈنمەيتتى. بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتۈم ـ دە، ئېتىمنى ئۆينىڭ يېنىدىكى بىر تۈپ قارىغايغا باغلاپ قويۇپ، ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. بۇ ئۆيدە ئادەم يوقتەكلا تىپتىنچ ئىدى. ئەتراپىدا باللارمۇ كۆرۈنمەيتتى. مەن ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئىككىلىنىپ بىر ئاز تۇرۇپ قالدىم. بىر ئازدىن كېيىن ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ئۆيگە كىردىم. ئۆينىڭ تۆرىدە گېنېرال ئىسھاقبېك يوغان قارا ئېيىقنىڭ تېرىسى ئۈستىدە كەشتىلەنگەن پەر پاستۇقلارغا يۆلەنگەن ھالدا قىمىز ئىچىپ ئولتۇرغانىكەن. مەن ئىشىكتىن كىرىپلا ئازراق ھودۇقۇپ قالدىم. چۈنكى، ئىسھاقبېك سۈرلۈك ئادەم ئىدى. گېنېرالنىڭ ئايالى ئايشەخانىم سىرلىق كورىدىن چىرايلىق نەقىشلەنگەن ياغاچ چۆمۈچ بىلەن گۈللۈك ياغاچ چۆچەككە قىمىز قۇيۇپ بېرىۋاتاتتى. مەن ھەربىيلەرنىڭ ئادىتى بويىچە تىك تۇرۇپ: «ھۆرمەتلىك گېنېرال، مەن سىزگە خىزمەت توغرۇلۇق بەزى ئەھۋاللارنى دوكلات قىلاي دەپ كەلدىم» دېيىشىمگە، گېنېرال ماڭا قاراپ قويۇپ: «ھە، ساۋدانوف ئىكەنسەنغۇ، كەل ئولتۇرۇپ سۆزلە، ئۆزۈڭ يالغۇز كەلدىڭما، بالا- چاقاڭنى ئالغاچ كەلسەڭ بولماسمىدى» دېدى. مەن: «بالا - چاقام، ئاتا- ئانامنىمۇ ئەكەلگەن. ئۇلارنى كەڭساي ئىچىدىكى تاشيول ئىدارىسىنىڭ ياغاچ

ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم» دېدىم. «ياخشى قىپسەن، يايلاق دېگەن سالقىن، هاۋالىق، گۈزەل مۇهىت، قايماق - قىمىز دېگەن تولۇپ تۇرىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى يازنىڭ خاسىيىتى، يايلاق دېگەن يازنىڭ جەننىتى، قېنى قىمىز ئىچ» دېدى. ئاق يۈزلۈك، غۇنچە بويلۇق ئايشە خانىم ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن چۆچەكتە قىمىز قۇيدى . مەن تارتىنىپ ئولتۇرۇپ قېمىز ئىچكەچ ئۆي ئىچىگە سەپسالدىم. ئۆينىڭ ئىچى ئىنتايىن پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى. ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئىككى كىشىلىك سىم كارىۋات قويۇلغان، كىچىكرەك كارىۋات گېلىمى ئېسىلغان، ئۇدۇلدىكى تۆر تامنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قوش ئاۋازلىق ئوۋ مىلتىقى ئوقدانلىرى بىلەن ئېسىقلىق تۇراتتى. بۇنىڭغا قاراپ ئىچىمدە «بۇ ئادەم ئوۋ قىلىشقا ئامراق ئوخشايدۇ» دەپمۇ ئويلىدىم . كارىۋاتنىڭ ئالدىدىكى تامغا ئىككى دانە ئەركەك قىرغاۋۇل تولۇمچىلاپ سويۇپ ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، قىرغاۋۇللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دانە ئۆكە چىرايلىق ئاپئاق پەيلىرىنى كېرىپ، غەمكىن كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ، خۇددى تىرىكتەكلا تۇراتتى. بۇلارنىڭ ئاستىدا كىچىكرەك بىر تومپۇچكا بولۇپ، ئۈستىدە كونا بىر پاتېفون پلاستىنكىلىرى بىلەن قويۇقلۇق ئىدى. گېنېرالنىڭ «ساۋدانوف قىمىز ئىچكەچ گۆش يېگىن» دېگەن سۆزى

دىققىتىمنى بۇزۇۋەتتى.

مەن دەرھال نەزەرىمنى داستىخانغا يۆتكىدىم. چىرايلىق قىپقىزىل ياغاچ تاۋاقتا يېڭىلا پىشۇرۇلغان قوزىنىڭ گۆشى ئالدىمغا كەلتۈرۈلدى. گېنېرال تاۋاق ئۈستىدە تۇرغان پىچاقنى ئېلىپ گۆشنى پارچىلىدى - دە، قىرغىزلارنىڭ قائىدىسى بويىچە ماڭا مايلىق يېرىدىن ئىككى پارچىنى جۈپلەپ سۇندى. مەن گۆشنى قولىدىن ئېلىپ قورۇنۇپ ئولتۇرۇپ يېدىم ۋە ئىككى، ئۈچ چۆچەك قىمىز ئىچكەچ دېمەكچى بولغان سۆزلىرىمنى گېنېرالغا دوكلات قىلدىم. گېنېرال تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دېدى: «ھازىر بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئىنتايىن مۇرەككەپ، دۈشمەن بىزنى ئىچكى قىسمىدىن پارچىلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ھوشيارلىقىڭلارنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەڭلار. كوماندىرلىرىمىز ۋەزىيەتنى تولۇق كۆزىتىپ ھەر قاچان ھوشيار تۇرسۇن، ئەسكەرلەر ۋە كوماندىرلار ئامما بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يېقىن بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئىچكى دۈشمەنلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ». ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا «بىزنىڭ يۇقىرىمىزدىكى ئاق ئۆيدە ئەخمەتجان ئەپەندىم بار، ئۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپ كەتكىن» دېدى. گېنېرالنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن، ئەر - ئايال

ئىككىسىنىڭ ئولتۇرۇپ كەچلەپ كېتىڭ دېيىشىگە قارىماي رەھمەت ئېيتىپ ئۇزاپ چىقتىم - دە، ئېتىمنى مىنىپ ئۆرلەپ يەنە بىر كىگىز ئۆينىڭ يېنىغا كەلدىم. بۇ ئۆينىڭ ئەتراپىمۇ جىمجىت بولۇپ ئىشىك ئالدىدا يوغان بىر مىس ساماۋارنىڭ كانىيىدىن سىرىق ئىس چىقىپ تۇراتتى. بىر ئادەم ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى يوغان بىر توپ قارىغاينىڭ ئاستىدا كىچىكرەك بىر جوزا ئۈستىگە گېزىت - ژۇرناللارنى يايغان ھالدا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ماتېرىيال كۆرۈۋاتاتتى. مەن بۇ ئادەمنىڭ يۈزىنى پەرق قىلالمىساممۇ، بېشىدىكى گۈللۈك بۆكىگە قاراپ ئەخمەتجان قاسىمى بولسا كېرەك دەپ قىياس قىلىپ ئاتتىن چۈشتۈم - دە، ئېتىمنى چەتتىكى بىر قارىغايغا باغلاپ قويۇپ، بىر - ئىككى بېسىپ ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا كەلدىم . پۈتۈن زېھنى بىلەن ماتېرىيال كۆرۈۋاتقان ئەپەندىم مېنىڭ كەلگىنىمنى سەزمىگەندى. ئەپەندىم رۇسچە ژۇرناللاردىن بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن سالام قىلسام دىققىتىنى بۆلۈۋېتەرمەنمۇ دەپ ئويلىغان بولساممۇ، ئاغزىمدىن تۇيۇقسىزلا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن سۆز چىقىپ كەتتى. مەن ئىنتايىن خىجالەتچىلىكتە تۇرغىنىمدا، ئەپەندىم دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، مەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ

كۆرۈشتى . قولۇمنى قىسىپ تۇرۇپ: «هوي! سىز يولداش ساۋدانوفقۇ؟ بۇ تەرەپكە قاچان كەلگەن ئىدىڭىز ، كېلىڭ ئولتۇرۇڭ» دەپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن يەنىلا هۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇردۇم. ئەپەندىمنىڭ بېشىدىكى بېغىررەڭ مانچىستېر دوپپىسى، ئۇچىسىدىكى ماش رەڭ گېمناستوركىسى ئۆزىگە بەكمۇ ياراشقانىدى. بىز ئۆز ئارا سالام - سائەت قىلىشىۋاتاتتۇق، ئۆيدىن ماھىنۇر خانىم چىقىپ، مېنى كۆرۈپلا: «هوي زاھىر ئەپەندىمغۇ، بۇ ياقلارغا سىزنى قانداق شاماللار ئۇچۇرۇپ كەلدى» دەپ ئالدىمغا كېلىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئەپەندىم ئىككىمىزنىڭ سەمىمىي كۆرۈشۈپ كەتكىنىمىزگە زوق بىلەن قاراپ كۈلۈمسىرىگەن هالدا: «ۋۇي، سىلەر بۇرۇن تونۇشاتتىڭلارمۇ؟» دېدى. مەن جاۋاب بەرگىچە ماھىنۇر خانىم تونۇشتۇرۇپ: «بۇ بىزنىڭ زاھىر ئەپەندىم، قارادۆڭ مەكتەپتە مېنىڭ ئوقۇتقۇچىم ئىدى. رۇستەم ئاكامنىڭمۇ ئوقۇتقۇچىسى» دېدى. ئەپەندىم دەرھال ماڭا قاراپ «دېمەك، زاھىر ئەپەندىم سىز بۇرۇن مائارىپچى ئىكەنسىز - دە، ھازىر بولسا ھەربىي، بۇ نېمە دېگەن ياخشى» دېدى. شۇ ئارىدا ماھىنۇر خانىم ئۆيدىن بىر ئورۇندۇقنى ئېلىپ چىقىپ، مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئەپەندىممۇ ئولتۇرايلى، ئولتۇرۇپ كەڭ كۇشادە پاراڭلىشايلى، دېدى ۋە ئۆزىمۇ

ئولتۇردى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەپەندىم: «زاھىر ئەپەندى، سىز ھازىر قايسى قىسىمدا؟ نېمە ۋەزىپە ئۆتەۋاتىسىز؟» دەپ سورىدى. مەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىدا دەپ جاۋاب بەردىم. ئەپەندىم ئىلگىرىلەپ: ئاتا - ئانىڭىز قەيەردە؟ نەچچە بالىڭىز بار؟ دەپ سورىۋىدى، ئۇنىڭغىچە ماھىنۇر خانىم چاققانلىق بىلەن كېلىپ ئۇستەلدىكى گېزىت - ژۇرناللارنى ئاۋايلاپ قاتلاپ، ئۆز رېتى بىلەن بىر چەتكە ئېلىپ قويۇپ، ئۇستەلگە كانىۋاي ئىشلەنگەن ئاپئاق داستىخاننى سالدى ۋە «زاھىر ئەپەندى، يايلاقنىڭ قايماق چېيىنى سېغىنىپ قالغانسىز» دېگەچ، ئىچىگە سۈت قۇيۇپ يۇغۇرۇپ تەكشى قىزارتىپ پىشۇرۇلغان نان، سارماي، قايماق، ھەسەل، يېڭى قايىنتىلغان ۋارىنىلارنى قويدى. ھەسەلدىن تاغ گۇللىرىنىڭ كۇچلۇك ھىدى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ بىز ئۇچىمىز پاراڭلاشقاچ ساماۋارنىڭ چېيىنى ھۇزۇرلىنىپ ئىچتۇق. ئەپەندىم مەن بىلەن ناھايىتى قىزغىن، ئوچۇق- يورۇق، خۇددى كونا تونۇشلاردەك پاراڭلىشىپ كەتتى. ئەپەندىمنىڭ سوئاللىرى كەسكىن بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن سىلىق ئىدى. شۇ ئارىلىقتا ماھىنۇر خانىم يوغان بىر تەخسىدە يېڭى پىشۇرۇلغان پاخلاننىڭ گۆشى بىلەن بىر كۆك كورىدا قىمىز ئەكېلىپ شىرەگە قويدى ۋە بىزگە بىر

ئاپقۇردىن قىمىز قۇيۇپ بېرىپ: «قېنى ئەمسە، زاھىر ئەپەندى، سىلەر بىردەم پاراڭلاشقاچ غىزالىنىپ تۇرۇڭلار» دەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئەتراپ ئىنتايىن تىنچ ھەم پاكىز بولۇپ، ئەتراپتىكى تىنچلىقنى پەقەت ئەپەندىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ پارڭىمىزلا بۇزۇپ تۇراتتى. ئەپەندىم بىلەن بىردەمدىلا قەدىناس دوستلاردەك چىقىشىپ كەتتۇق. ئەپەندىم مەندىن: «زاھىر ئەپەندى، 11 ماددىلىق بىتىمدىن كېيىن ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر ئارىسىدا قانداق ئىنكاسلار بار؟» دەپ سورىدى. مەن بىتىمنىڭ ئىمزالانغانلىقى ھەققىدە ئوفىتسېر، ئەسكەرلەردە پىكىر يوق، 11 ماددىلىق بىتىمنى ئۇلار قىزغىن قوللايدۇ، دەپ جاۋاب بەردىم. بىراق، ئەپەندىم تارتىنماي راستىنى سۆزلەۋېرىڭ دېدى. مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاز ساندىكى ئوفىتسېرلەردە بىر خىل ئىشەنچسىزلىك ۋە ئەندىشە بار، دېدىم. «قېنى قانداق ئەندىشە؟» دەپ سورىدى ئەپەندىم. مەن: «ئۇلار بىزغۇ بىتىم بويىچە ئوتتۇز مىڭ ئەسكەرنى قىسقارتىپ ئون ئۈچ مىڭغا چۈشۈردۇق، گەپ گومىنداڭ تەرەپ بىتىمگە ئەمەل قىلارمۇ؟ گومىنداڭ تەرەپ بىزنىڭ ئۈچ پولكنىڭ راسخوتىنى ھازىرغىچە بەرمىدى، يەنە كېلىپ بىتىمنى بۇزىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ. گومىنداڭ بىتىمنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ مەقسىتى

بويىچە ئىش قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئەگەر ئەھۋال مۇشۇ تەرىقىدە داۋام قىلسا، بىتىم بۇزۇلۇپ، بىز يەنە گومىنداڭنىڭ قولىغا قالامدۇق؟ دەۋاتىدۇ» دېدىم. ئەپەندىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىددىي تەلەپپۇزدا: «زاھىر ئەپەندى، سىز سىياسىي خىزمەتچى ئىكەنسىز، ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرگە چۈشەندۈرۈڭلار. ئۆلكە خەلقى ئۆزىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قولىغا قورال ئالغان، بۇنى ھەرگىز تاشلىمايدۇ. سىزگە يەنە شۇنى ئېيتىپ قوياي، ھازىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ئىستراتېگىيىلىك مۇداپىئەدىن ئىستراتېگىيىلىك ھوجۇمغا ئۆتتى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى يېقىن كەلگۈسىدە غەربىي شىمالغا كېڭىيىدۇ. ئۆلكىمىزنىڭ تولۇق ئازاد بولۇشىغا ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت قالمىدى. بىزنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىمىز جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ تولۇق غەلىبە قىلىشىغا باغلىق. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئوتتۇرا يۆنىلىشكە بېرىپ ئوفىتسېر، جەڭچىلەرگە خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىرى ۋە ھازىرقى ۋەزىيەت ھەققىدە دوكلات بەردىغۇ. ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر قولىدىكى قورالنى مەھكەم تۇتۇپ، دۈشمەننىڭ بىتىمنى بۇزۇش ۋە بىزنىڭ ئىچكى قىسمىمىزدا ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش، ھەتتا بىر ئوچۇم باندىتلارنى سېتىۋېلىپ

قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئېھتىمالىغا قارشى ھەرقاچان تەييار تۇرۇشى كېرەك» دېدى. ئاندىن «قېنى قىمىزنى ئىچەيلى، ماۋۇ گۆشتىنمۇ ئېلىڭ» دەپ داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. ئەپەندىمنىڭ ئۆتكۈر، چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرى، مۇلايىم، كەمتەر، خۇشخۇي چىرايى مەندە ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بىزنىڭ سۆھبىتىمىزمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. شۇ ئارىدا ئۆيدىن ماھىنۇر خانىم چىقىپ: «زاھىر ئەپەندى، ئەمدى بۈگۈن كەچلەڭ، ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان تاماقنى دەڭ، مەن تەييارلاي» دەپ چىڭ تۇتتى. مەن «رەھمەت، بالدۇرراق قايتىۋالاي، تاماق يېگىلى يەنە ئايرىم كېلىمەن» دەپ خوشلىشىپ ئېتىمنى مىنىپ قايتتىم. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، گويا بىر نەرسەمنى ئۇنتۇپ قالغاندەك كەينىمگە قارىدىم. ئەپەندىم قولىنى كەينىگە قىلىپ قارىغاي ئاستىدا تۇرۇپ يىراق - يىراقلارغا نەزەر سېلىۋاتاتتى. مەن ئەپەندىمدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىغان ھالدا كەڭساي ئىچىدىكى ياغاچ ئۆيلەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. بۇ مېنىڭ ئەخمەتجان ئەپەندىم بىلەن تۇنجى قېتىم سۆھبەتلىشىشىم ھەم ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈشۈم بولۇپ قالدى.

# بەشىنچى قىسىم

## شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى

1949 - يىلىنىڭ بېشىدا، غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى يەنى 1 - دالا ئۇرۇش ئارمىيىسى قوماندان پېڭ دېخۇەينىڭ رەھبەرلىكىدە غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، مابۇفاڭ، ماخوڭكۈي، مابۇچىڭلارنىڭ قوشۇنلىرىنى بىتچىت قىلدى. 1 - دالا ئۇرۇش ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەننىڭ 2 - ۋە 6 - كورپۇسى شىنجاڭنىڭ بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلدى.

غەربتە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە يېقىندىن ماسلىشىپ ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا مىختەك قادىلىپ تۇردى. شەرق ۋە غەربتىن قىستاش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەنلىكتىن، ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىچىدە بۆلۈنۈش كېلىپ چىقتى. مۇشۇنداق كەسكىن ۋەزىيەتتە، گومىنداڭ ئامانلىق

ساقلاش قىسىملىرىنىڭ قوماندانى تاۋشىيۈ ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ ھەقىقەتكە قايتىش ھەققىدە غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. گېنېرال تاۋشىيۈ جۇ ئېنلەي زۇڭلى ۋە جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىلەرنىڭ ئۆزىگە يازغان خېتى ھەم تېلېگراممىسىنى كۆرگەندىن كېيىن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ھەقىقەتكە قايتىش قارارىغا كەلدى. ئاتلىق قىسىم 5 - كورپۇسىنىڭ باشلىقى ماچېڭشياڭ، 78 - دىۋىزىيە كوماندىرى يې چىڭلار ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى چىقتى ۋە ئاخىر چىقىش يولى تاپالماي ھەربىي ھوقۇقىنى تاشلاپ بېرىپ جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق چەتكە قاچماقچى بولدى. قورچاق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەيسا، مۇئاۋىن باش كاتىپ ئىمىنلارغا ئوخشاش ناھايىتى ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. ئۆلكە گارنىزون قوماندانى تاۋشىيۈ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدىلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئاپتوموبىللىرى نەنلياڭ تەرەپتىن ئۈرۈمچىگە كىردى. تۈمەنلىگەن ئۈرۈمچى خەلقى ئۇلارنى قارشى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئاپتوموبىللاردىن «دۆلەت شېئىرى» ، «داغدام يول

مارشى» ياڭراپ تۇراتتى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز» دېگەن لوزۇنكىلار ئېسىلغان، ئىچكىلىقمۇ ـ لىق ھال سوراش بۇيۇملىرى قاچىلانغان چوڭ ئاپتوموبىل ئەترىتىمۇ سەپ تارتىپ ئۈرۈمچىگە داغدۇغىلىق كىرىپ كەلدى، بۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھال سوراش ئۆمىكى ئىدى.

1 ـ بىڭتۇەننىڭ 2 ـ كورپۇسى كورپۇس باشلىقى گوپېڭ، سىياسىي كومىسسار ۋاڭ ئېنماۋنىڭ يېتەكچىلىكىدە جيۇچۇەندىن پىيادە يولغا چىقىپ، قۇمۇل، تۇرپان، قارا شەھەر، كورلا ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا يېتىپ بېرىپ، قەشقەر ۋە خوتەنگە ئورۇنلاشتى. 1 ـ بىڭتۇەننىڭ 6 ـ كورپۇسى ئۈرۈمچى، ئىلى رايونلىرىغا ئورۇنلاشتى. مىللىي ئارمىيىسىنىڭ 40ـ پولكى غەربتىن يېقىلغان تاش ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھىرىگە كىردى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىگە كىرگەن قىسىملىرى يېقىلغان تاشتا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى قارشى ئالدى. ئىككى قېرىنداش قىسىم ئۈچرىشىپ قۇچاقلاشتى.

1949 ـ يىل 12ـ ئاينىڭ 17ـ كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىسىملىرى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ۋە ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئۈرۈمچىدە بىرلەشمە شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شەرقىي

دەرۋازىدىن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى غەربىي تەرەپتىن، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار شىمالىي تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا شەھەرگە سەپ تارتىپ كىردى. 1 ـ دالا ئۇرۇش ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى پېڭ دېخۇەي ۋە جاڭ جىجۇڭ، 1 ـ بىڭتۇەننىڭ قوماندانى ۋاڭ جېن، ئۆلكە رەئىسى بۇرھان شەھىدى ۋە سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار قىسىملارنىڭ شەھەرگە كىرىش كۆرىكىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئۇزاق ئۆتمەي، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلۇپ، ۋاڭ جېن قوماندان قوشۇمچە سىياسىي كومىسسار، سەيپىدىن ئەزىزى، تاۋشىيۆ مۇئاۋىن قوماندان، جاڭ شىچىن ناچالنىك، زۇنۇن تېيىپ مۇئاۋىن ناچالنىك، نۇرسادىروف سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى. بۇ يەردە يەنە بىر ئىشنى ئەسلەپ ئۆتكۈم كېلىدۇ.

پېڭ دېخۇەي قوماندانىنىڭ يۈز ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تارقىتىلغان كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ 4 ـ قىسمىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۈچ ئارمىيىنىڭ شەھەرگە كىرىش كۆرىكى كۆرسىتىلدى. ئۇنىڭدا پاختىلىق شېرىپ تىكىلگەن توجۇركا ۋە بېشىغا ئاق قۇلاقچا،

پۇتىغا ئوتۇك كىيىپ، سول مەيدىسىگە جۇڭگو خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسى دېگەن بەلگىنى تاقاپ پاراتتىن
رەتلىك ئۆتكەن قىسىم دەل مىللىي ئارمىيە 40- پولكى
ئىدى.

# ئالتىنچى قىسىم

## مىللىي ئارمىيىنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 ـ كورپۇسىغا ئۆزگىرىشى

1949 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5ـ كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 20ـ كۈنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى يولداش ماۋزېدۇڭ ئىمزا قويغان بۇيرۇق بويىچە، 5 ـ كورپۇسنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى باشلىقلارنىڭ ئىسىملىكى ئېلان قىلىندى.

كورپۇس باشلىقلىقىغا پاتى ئىۋانوۋىچ لېسكىن (رۇس)، مۇئاۋىن كورپۇس باشلىقلىقى قوشۇمچە ناچالنىك شتابقا مەرغۇب ئىساقوف (تاتار)، كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىقىغا زاھىر ساۋدانوف تەيىنلەندى.

مىللىي ئارمىيە 5 - كورپۇس بولۇپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، 5 - كورپۇستا ئىككى دىۋىزىيە، يەنى 13 - دىۋىزىيە، 14- دىۋىزىيە تەسىس قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، غۇلجىدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرى 15- دىۋىزىيە قىلىنىپ، 5- كورپۇسنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. قىسىملارنىڭ ئورۇنلىشىشى مۇنداق بولدى: 13- دىۋىزىيە شتابى قەشقەر يۇمىلاقشەھەر كۆل بېشىغا، 13- دىۋىزىيە 37- پولكى ئاقسۇ كونىشەھەر گازارمىسىغا، 38- پولكى يەكەنگە، 39- پولكى خوتەنگە ئورۇنلاشتى. مەمتىمىن ئىمىنوف 13 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 14- دىۋىزىيىنىڭ باشلىقلىقىغا ئىبراھىمباي (قازاق) تەيىنلەندى. 14- دىۋىزىيىگە قاراشلىق 40- پولك ئۇرۇمچى باخۇلياڭغا، 41- پولك چۆچەك شەھىرىگە، 42 - پولك غۇلجا شەھىرى ھەرەمباغقا ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالتاي مۇستەقىل پولكى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ پولك كوماندىرلىقىغا بەدەلقان (قازاق) تەيىنلەندى. بۇ قىسىم سارىمبەككە ئورۇنلاشتى. 5- كورپۇس شتابى غۇلجا شەھىرىگە ئورۇنلاشتى. 1950- يىل 3 - ئايدا 5 - كورپۇسنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 2- ۋە 6 - كورپۇسلاردىن بىر قىسىم خەنزۇ كادىرلار يۆتكەپ كېلىندى. مەسىلەن، 5 - كورپۇسنىڭ

سىياسىي كومىسسارلىقىغا 2- كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن كورپۇس باشلىقى دوڭ شىنيۇەن تەيىنلەندى. سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا لى يۇڭفا تەيىنلەندى، كېيىن سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇدىرى بولدى. 14- دىۋىزىيىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا خوجىلىڭ، 13- دىۋىزىيىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا ماخۇڭسەن يۆتكەپ كېلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم پولك، باتاليون دەرىجىلىك خەنزۇ كادىرلارمۇ يۆتكەپ كېلىندى. شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم مىللىي كادىرلار موھتاج ئىدى. شۇ چاغدا شىنجاڭدىكى مىللىي كادىرلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈچ ۋىلايەت ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان ۋە چېنىقىپ چىققان، سىناقلاردىن ئۆتكەن نۇرغۇن ھەربىي، مەمۇرىي كادىرلار ھەمدە مائارىپچىلار يەرلىككە چىقىپ، ئۇرۇمچىدە ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تايانچ كۈچ بولۇپ ئىشلىدى.

يولداش ماۋزېدۇڭ 1949 - يىلى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان زور تۈركۈمدىكى كوممۇنىزمچى كادىرلار بولمىسا، مىللىي مەسىلىنى ئۈزۈل- كېسىل ھەل قىلىش، مىللىي ئەكسىيەتچىلەرنى پۈتۈنلەي يىتىم

قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، يەرلىكتە بىر مەكتەپ ئېچىپ، نۇرغۇن ئىلغار ياشلارنى تەربىيىلىدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 5- كورپۇستىكى روتا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى تۇركۇمگە بۆلۈپ، ئۈرۈمچىدە ئۈچ قارار سىياسىي كۇرس ئېچىپ تەربىيىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەربىي رايون قوماندان پېڭ دېخۇەيىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كەسپىي- تېخنىك كادىرلارنى تەربىيىلەشنىمۇ چىڭ تۇتتى. 1950 - يىلى 5 - كورپۇسنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىدىن يەتمىشتىن ئارتۇق سانتار ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرى تيەنجىنگە ئەۋەتىلىپ بىر مەزگىل تەربىيىلەندى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆگىنىشى ياخشى بولغانلار چاڭچۇن تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەۋەتىلىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن مىللىي دوختۇر بولۇپ يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان سابىق مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى مامۇتوف تۇرسۇن، تاشقى ۋراچ سەيدەزىم قاتارلىقلار بار. 1950- يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇيغۇر، قازاق، رۇس ياشلىرىدىن ئون نەچچە كىشى خېنەندىكى ھاۋا ئارمىيە مەكتىپىگە ئەۋەتىلىپ بىرىنچى ئەۋلاد ئۇچقۇچى قىلىپ

يېتىشتۈرۈلدى. بۇ ياشلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھاۋا ئارمىيىسى ۋە شىنجاڭنىڭ ھاۋا قاتناش سېپىدە تېخنىكا تايانچلىرىدىن بولۇپ، ئېلىمىز غەربىي شىمال رايونىنىڭ ھاۋا قاتنىشىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا تۆھپە قوشتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئەينى ۋاقىتتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ 5- كورپۇستىن بىر قانچە كادىر ئوقۇشقا چىقىرىلدى. ئىنقىلابىي كۈرەش جەريانىدا چېنىققان مىللىي كادىرلارنى دادىل ئىشلىتىش، چېنىقتۇرۇش، ئۆستۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا سىياسىي جەھەتتىن ئىشىنىش، خىزمەتتە قوللاش، تۇرمۇشتا كۆڭۈل بۆلۈش — پارتىيىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەشتىكى مۇھىم پرىنسىپى بولۇپ قالدى.

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىق تويىغا قاتنىشىش

مىللىي ئارمىيە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ھەر مىللەت كوماندىر، جەڭچىلىرىگە ھەر جەھەتتىن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى.

1950- يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش ھارپىسىدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈمى 5 - كورپۇسقا پايتەختكە بېرىپ دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىدىغان بىر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەشكىللەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ۋاڭ جېن 5 - كورپۇس رەھبەرلىكىگە دەرھال ئۆمەك تەشكىللەشنى ئۇقتۇردى. بىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇق. بېيجىڭغا بېرىپ ئۇلۇغ داھىمىز ماۋزېدۇڭنى كۆرۈش بىزنىڭ چوڭ ئارزۇيىمىز ئىدى. ھەر مىللەت كادىرلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەندى . بۇلار تۆۋەندىكى يولداشلاردىن تەركىب تاپقانىدى 5 - كورپۇسنىڭ كوماندىرى پاتى ئىۋانوۋىچ لېسكىن، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن ناچالنىكى زۇنۇن تېيىپ، 5 - كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى زاھىر ساۋدانوف، ئۇرۇمچى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى نۇسۇپقان (قازاق) ، قەشقەردە تۇرۇشلۇق 13- دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى مەمتىمىن ئىمىنوف، شىخۇدا تۇرۇشلۇق 14- دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى ئىبراھىمباي (قازاق) ، ئالتاي ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى بەدەلقان (قازاق) ، 5-

كورپۇس ئارقا سەپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى راسۇلوپ (ئۆزبېك)، ئارقا سەپ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بايچورۇن (تاتار)، باۋسەن (داغۇر)، سەردى (خۇيزۇ)، تېكەس ئاتلىق پولك سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى مامۇتوف قۇربان. دېمەك، يەتتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئون نەچچە كىشى 1950 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كەلدۇق. شۇ كۈنى كەچتە قوماندان ۋاڭ جېن ھەربىي رايوندا بىزنى تاماقلا تەكلىپ قىلىپ بىزگە ئاق يول تىلىدى ھەمدە سىلەر بۇ قېتىم ماۋجۇشىنى، باش قوماندان جۇدېنى كۆرىسىلەر. ياخشى ئۆگىنىپ كېلىڭلار، دەپ بىزنى ناھايىتى خۇشال قىلدى ۋە ئىلھاملاندۇردى.

ئەتىسى يەنى 9- ئاينىڭ 26- كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا ئۇچتۇق. ئۇ ۋاقىتلاردىكى ئايروپىلانلار ئىنتايىن كىچىك، يۈك توشۇيدىغان ئايروپىلانلار ئىدى. ئولتۇرغاندا بىر- بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇراتتۇق. ئۇ سوۋېتنىڭ ئون يەتتە كىشىلىك ئايروپىلانى بولۇپ، قۇمۇل بىلەن ئالمۇتا ئارىلىقىدا قاتنايتتى. سەپەر ئۈستىدە ئايروپىلان قۇمۇلدا، جيۇچۇەندە، لەنجۇدا، شىئەندە، تەييۈەندە ماي قاچىلىدى. بىز بىرىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن شىئەن ئايرودرومىغا چۈشتۇق. ئۇلار بىزنى غەربىي

شىمال بيۇروسى ئورۇنلاشقان جايدىكى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. 9- ئاينىڭ 27- كۈنى قوماندان پېڭ دېخۇەي، شى جۇڭشۈن، لياۋخەنسىڭ، گەن سىچى قاتارلىق رەھبەرلەر سەممىي قوبۇل قىلدى. كەچتە زىياپەت بەردى. زىياپەتتە بىز كۆرۈپ باقمىغان ۋە يەپ باقمىغان ھەر خىل يېمەكلىكلەر ۋە دېڭىز مەھسۇلاتلىرىدىن تەييارلانغان قورۇمىلار كەلتۇرۇلدى. شۇ كۈندىكى زىياپەتتە قوماندان پېڭ دېخۇەيىنىڭ «جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە زېھنىنى ئۇزۇن يىللارغىچە ھەر-خىل تەملىك قورۇمىلارنى قورۇشقا سەرپ قىلدى. مەسىلەن، بىر ئۆردەكنىڭ تىلىدىن بىر قانچە خىل قورۇما قورۇلىدۇ. مۇنداق ئەقىل- پاراسەتنى ۋە زېھىننى پەن - تېخنىكىغا سەرپ قىلغان بولساق، جۇڭگو ئۇنداق ئۇزۇن يىل يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە ھالەتتە تۇرمايتتى» دېگەن سۆزى ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. شۇڭا، بەزى سورۇنلاردا قوماندان پېڭ دېخۇەي مۇنداق دېگەن دەپ، يۇقىرىقى سۆزنى تەكرارلاپ قويىمەن.

شۇ كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن شىئەن رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى ۋەكىللەرنى شىنجاڭ ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بەرسە، دەپ تەلەپ قىلدى. بىز ئىمىنوفنى سىز ئېيتىڭ دېسەك ئۇنىمىدى، ئاخىرىدا لېسكىن ۋە بارلىق يولداشلار ساۋدانوف سىز بىر

ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتىپ بېرىڭ دەپ تۇرۇۋالدى. مەن كەچتە شىئەن رادىئو ئىستانسىسىغا بېرىپ ئۆزۈم تەمتىرىمەي ياخشى ئېيتالايدىغان «يىپەك رومال باشىڭدا» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بەردىم. شۇنداق قىلىپ، 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا قاراپ ئۇچتۇق. يول ئۈستىدە تەييۈەندە ماي قاچىلاپ، چۈشتىن كېيىن هازىرقى شىجاۋ ھەربىي ئايرودرومىغا قوندۇق. بىزنى قارشى ئالغىلى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىدىن ۋاڭ فېڭ، باش سىياسىي بۆلۈمدىن بىر قانچە كادىر ئايرودرومغا چىققانىكەن، ئۇلار بىزنى بېيجىڭ شەھىرىگە ئېلىپ كىرىپ بېيجىڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. 9- ئاينىڭ30- كۈنى، 5 - كورپۇسنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن باشقا ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى بىلەن بىرلىكتە، بېيجىڭ مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەت زىياپىتىگە قاتناشتۇق. زىياپەتتە داھىيمىز يولداش ماۋزېدۇڭ، مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرىدىن ليۇشاۋچى، جۇدې، جۇئېنلەي قاتارلىقلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى. ماۋزېدۇڭ، ليۇشاۋچى، جۇدى، جۇئېنلەينى تۇنجى قېتىم كۆرگەندىكى ھېسسىياتىمنى ئىپادىلەشتە تىلىم تولىمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. ھەيۋەتلىك مېھمانخانىنىڭ زىياپەت زالىدا،

چاقناپ تۇرغان رەڭگا رەڭ چىراغلارنىڭ نۇرى ئاستىدا بىز تۇنجى قېتىم داھىيمىز يولداش ماۋزېدۇڭ ۋە باشقا دۆلەت باشلىقلىرى بىلەن بىر يەرگە جەم بولدۇق. جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئۇزۇن يىل جاپالىق ئىشلەپ، يىگىرمە بەش مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى-نىڭ قاتمۇ - قات مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىپ، ئۇزۇن يىل مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلالمىغان، يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتنى ئازاد قىلىپ، ئاچ - يالىڭاچ، باش پاناھسىز قالغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەددىنى كۆتۈرگەن ئۇلۇغ ئادەملەر شۇلار ئەمەسمۇ! مانا شۇ تاپتا ھەممىمىزنىڭ كۆزىدە خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلەتتى. قەلبىمىزنى ھاياجانلىق ئىسسىق ئېقىنى چۇلغۇۋالغانىدى. ھەممىمىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئادەملەرنى قۇچاقلاپ سۆيگىمىز كېلەتتى. بىراق، ئىنتىزام بولغاچقا، ناھايىتى رەتلىك تىزىلىپ، ئۇلار بىلەن قائىدە - يوسۇنلۇق كۆرۈشتۇق. شىنجاڭ خەلق ۋەكىللىرىنىڭ باشلىقى ئابلىز مۇھەممىدى ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋزېدۇڭغا گۈللۈك دوپپا، تون كىيگۈزدى.

5- كورپۇس ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى لېسكىن ماۋزېدۇڭغا كىچىك ساندۇققا قاچىلانغان بىر دانە تاپانچا سوۋغا قىلدى. ئۇ بىز ھەربىيلەرنىڭ ۋەكىلى بولغاچقا شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك. چۈنكى، قەدىمكى

ھەربىي قائىدە شۇنداق ئىدى. بۇ قىتىمقى زىياپەت ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ۋە قىزغىن ئۆتتى.

10- ئاينىڭ 1- كۈنى بىز ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى بارلىق ئەزالار باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ۋەكىللىرى بىلەن بىرگە تيەنئەنمېن راۋىقى ئالدىدىكى كۆرەك مۇنبىرىدە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىنى كۆردۇق. تيەنئەنمېن مەيدانى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك تۈس ئالغانىدى. مۇنبەرنىڭ ھەر بىر قۇردىكى ئاجايىپ نەقىشلەنگەن، ھەيۋەتلىك تۈۋرۈكلەر تولىمۇ نەپىس كۆرۈنەتتى. ئەمگەكچان جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ھۈنەر - سەنئىتى بىلەن مەيداننى كارامەت ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بەش مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى. بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر بىز چېگرا رايوندىن كەلگەن ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. راۋاقنىڭ ئالدىدىكى دەرۋازىمۇ شۇنداق ھەيۋەتلىك ئىدى.

ھەيۋەتلىك ھەربىي كۆرەك قىسىملىرى جەسۇر قىياپەتتە ئالدىمىزدىن ئۆتتى. ھەرقايسى ساھەلەردىن — سانائەت، توقۇمىچىلىق، كانچىلىق ئىشچىلىرىدىن ۋە دېھقانلاردىن تەشكىللەنگەن نامايىش قوشۇنى ئالدىمىزدىن ئۆتكەندە بىز ئۆزۈنغىچە قولىمىزنى كۆتۈرۈپ سالام بەردۇق ۋە قولىمىزنى پۇلاڭلىتىپ

ئالقىش ياڭراتتۇق. كەچتە بىز تيەنئەنمېن مەيدانىغا
پايتەختنىڭ كەچلىك رەڭگارەڭ ساليوت سەيلىسىگە
كەلدۇق. كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگارەڭ
ساليوتلار ئاسماندا يۇلتۇزدەك پارلاپ پايتەختنىڭ
كەچلىك مەنزىرىسىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشۇپ، پۈتۈن
جاھاننى گويا كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى. ھەممىمىز
ئىنتايىن خۇشاللىق ۋە ھاياجان ئىلكىدە جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىغا تەنتەنە
قىلاتتۇق. بىز كۆزىمىزگە چېلىققان ھەر بىر يېڭىلىققا
قىزىقىپ-قارايتتۇق. شۇ قېتىم بېيجىڭگە بارغاندىكى
ئاجايىپ بىر كۆڭۈللۈك ئىش ھازىرغىچە ئېسىمدىن
چىقمايدۇ. بىز بېيجىڭغا كېلىپ پايتەخت
مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشقاندا، ھەر بىرىمىزنى ئايرىم
ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇردى. مەن ئۆز ياتىقىمغا كىرسەم
كىرېسلو قويۇقلۇق، چاي ئۈستىلى ئۈستىدە ئالما،
ئاپېلسىن، بانان قويۇپ قويۇلغانىكەن. مەن
كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ، يۈز-كۆزلىرىمنى يۇيۇپ
كىرېسلوغا ئولتۇرۇپ باناننى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.
ئىچىمدە بۇ چەيزىگە ئوخشايدىغان نەرسە ئىكەن، قانداق
يەيدىغاندۇ، دەپ قولۇمغا ئېلىپ چىشلەپ باقسام چىشىم
زادى ئۆتمىدى. دەل شۇ چاغدا چايدان كۆتۈرگەن بىر
مۇلازىمەتچى قىز كىرىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ باناننى شۇ
پېتىم يەۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ كۈلۈپ كېتىپ، باشلىق

بۇنى مۇنداق يەيدۇ، دەپ شۆپۈكىنى سويۇپ باناننى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. مەن ئىنتايىن خىجىل بولدۇم. ئۇ قىزغا «شىنجاڭدا بۇنداق مېۋە يوق» دەپ، شۆپىكى سويۇلغان باناننى ئاغزىمغا سالسام، يۇمشاقلا بىر مېۋە ئىكەن ، ھەيران قالدىم. ئۆمرۈمدە بانان يېيىشىم شۇ ئىدى. بۇ كۈلكىلىك ئىش ھەر قېتىم باناننى كۆرگەندە ئېسىمگە كېلىپ كۈلۈپ كېتىمەن.

دۆلەت بايرىمىدىن كېيىن، بېيجىڭدا ئېكسكۇرسىيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىزنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇشقا دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەسئۇل بولدى. بىزنىڭ ئۆمەككە تەرجىمانلىققا ئىبراھىم مۇتىنى قوشۇپ قويدى. بىز ئالدى بىلەن بېيجىڭدا ھازىرقى كالىچىلار مەھەللىسىدىكى خويزۇلارنىڭ مەسچىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. كېيىن بىزنى ۋاڭفۇجىڭ بازىرىغا ئېلىپ باردى. ئۇ ۋاقىتتا بىز ھەربىي ۋەكىللەرنىڭ كىيگەن كىيىمىمىز ئۇزۇن شىنېل، مۇرىمىزدە پاگون، مەيدىمىزگە ئاق رەختتىن ياسالغان «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى» دېگەن خەت تاقالغانىدى. بىز كوچىغا چىقساق نۇرغۇن كىشىلەر ئارقىمىزغا كىرىۋالاتتى. بەزىلىرى سوۋېت ئارمىيىسى ئىكەن دېسە، بەزىلىرى چاۋشيەن خەلق ئارمىيىسى ئىكەن دەيتتى.

10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بىز تيەنجىن شەھىرىگە ئېكسكۇرسىيىگە باردۇق. ئۇ يەردە 21 ـ بىڭتۇەننىڭ قوماندانى ياڭ چېڭۋۇ بىزنى قىزغىن قارشى ئېلىپ زىياپەت بەردى ۋە بىزگە ھەمراھ بولۇپ ئويۇن كۆردى. ئويۇن ئاياغلاشقاندىن كېيىن تيەنجىننىڭ تاڭگو پورتىغا ئېلىپ باردى. 21 ـ بىڭتۇەن ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ گازارمىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، تيەنجىن شەھىرىنىمۇ بىرەر قۇر ئايلىنىپ چىقتۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا تيەنجىن شەھىرى قەدىمىي سودا شەھىرى ئىدى. بىز بۇلارنى كۆرۈپ ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا بولغان تونۇشىمىز تېخىمۇ ئۆستى. بىز ئۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ يەنە پايتەخت مېھمانخانىسىغا قايتىپ كەلدۇق.

## باش قوماندان جۇدېنىڭ قوبۇل قىلىشى

1950 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئىدى. بېيجىڭ مېھمانخانىسىدا بىزنى يولداش پېڭ دېخۇەي قوبۇل قىلىپ، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە باش قوماندان جۇدېنىڭ بىزنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۆمىكىمىز باش قوماندان

جۇدېنىڭ قوبۇل قىلىدىغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن مەخسۇس ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ باش قوماندان جۇدېنىڭ تۇرالغۇ جايىغا باردۇق. باش قوماندان جۇدې ئىللىق تەبەسسۇم، خۇش چىراي بىلەن ھويلىغا چىقىپ بىزگە قاراپ كەلدى. ئۇنىڭ چېھرىدىن قانداقتۇر بىر سەممىيلىك چىقىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ بىزدىكى ئەيمىنىشلەر ئاللىقاياقلارغىدۇر غايىب بولدى. خۇشاللىقىمىزدىن قىزغىن ھاياجان ئىلكىدە ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق.

باش قوماندان جۇدې مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك سۈرلۈك بولماستىن، بەلكى كەمتەر، يېقىملىق، ئاددىي - ساددا ئادەم ئىدى. ئۇ گەرچە شۇ ۋاقىتتا خېلىلا ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، چىرايىدىن يەنىلا پەم - پاراسەتلىك، قەيسەرلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقان ھەربىي كىيىم ئۇنى تېخىمۇ سالاپەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ بىز بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ:

— سىلەرنىڭ يىراق چېگرا رايوندىن بېيجىڭغا كەلگەنلىكىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن. يولداشلار سىلەر جاپا چەكتىڭلار، — دېدى. بىز 5 - كورپۇستىكى ھەر مىللەت كوماندىر، جەڭچىلىرىگە ۋاكالىتەن باش قوماندان جۇدېغا تون تەقدىم قىلدۇق،

جۇدې تونىنى قولغا ئېلىپ، شۇئان خۇشاللىق بىلەن كىيدى ـ دە، يولداشلارغا رەھمەت دېدى. ئۇ شۇنچە تەمكىن، يېقىملىق سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا دائىم كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. جۇدېنىڭ يورۇق ـ ئازادە ئۆيىدە بىز گويا ئۆز ئائىلىمىزدىكىدەك بەھۇزۇر مۇڭداشتۇق. ئۆمەك باشلىقى لېسكىن باش قوماندان جۇدېغا ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، ۋەزىپىلىرىنى تونۇشتۇردى. تونۇشتۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا 5 ـ كورپۇسنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىشلەۋاتقان خىزمىتىمىز ھەققىدە دوكلات بەردى . . . باش قوماندان جۇدې دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىنتايىن مەمنۇن بولغان ھالدا: بەك ياخشى بوپتۇ. سىلەر ئۆزئارا ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى ئىتتىپاقلىشىپ، 5ـ كورپۇسنىڭ خىزمىتىنى ۋە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇڭلار. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي ئۇرۇش داۋامىدا، بىر يۈرۈش سىياسىي خىزمەت تۈزۈمىنى شەكىللەندۈردى. بۇ، ئارمىيىمىز قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭگۈشتەرى، سىلەر ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، 5ـ كورپۇس قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاڭلار، دېدى. باش قوماندان جۇدې سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ: سىلەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى قەدەممۇ قەدەم تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈڭلار. ئۇلارنى دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكىرى

ئۆلكىلىرىدىكى ھەربىي مەكتەپلەرگە، كەسپىي مەكتەپلەرگە تۇركۇملەپ ئەۋەتىپ، تەربىيىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى. يۇقىرىقى سۆزلەرنى سۆزلەۋاتقاندا، ئۇ بىزنىڭ ئۈچىمىزغا كىيگەن كىيىمنىڭ چاپاننىڭ فورمىسىنى كۆرۈپ، سىلەرنىڭ مۇشۇ فورماڭلار بويىچە كىيىم تىكتۈرگەندە نۇرغۇن رەختنى تېجەپ قالغىلى بولىدىكەن. تۆت يانچۇقلۇق قىلىپ تىكتۈرگەندە رەخت كۆپ كېتىدۇ، دېدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:

— ھازىر ئامېرىكا جاھانگىرلىكى چاۋشيەننىڭ ئۇرۇشىنى قوزغاپ، يېقىندىن بۇيان شىمالىي چاۋشيەنگە قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، 10- ئاينىڭ 1- كۈنى «38- پاراللېل» دىن ئۆتۈپ، جۇڭگو - چاۋشيەن چېگرىسىدىكى يالۇجياڭ ۋە تۇمىنجياڭ دەرياسى ساھىلىغا تاجاۋۇز قىلىۋاتىدۇ. ۋەتىنىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاسىتە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. جۇڭگو خەلقى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بۇنىڭغا ھەرگىز سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ. بىز چوقۇم ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىپ، يۇرتىمىزنى، ۋەتىنىمىزنى قوغدىشىمىز لازىم. شۇڭلاشقا، ئەسلىدىكى سىلەرنى شاڭخەي تەرەپكە ئاپىرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش پىلانىمىزنى

ئۆزگەرتىپ، ۋەزىيەتنىڭ تەلپى بويىچە شىنجاڭغا تېز قايتۇرماقچى بولدۇق. قايتىپ بېرىپ قىسىملار ئىچىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنتېرناتسىئونالىزملىق تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش روھى بىلەن قىسىمنىڭ ھەربىي - سىياسىي تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىڭلار كېرەك. بىز باش قوماندانغا:

— بىز جەزمەن سىزنىڭ يوليورۇقلىرىڭىز بويىچە ئىشلەيمىز، سىزگە كۆپ رەھمەت، دەپ ھۆرمەت بىلدۈردۇق. باش قوماندان جۇدېنىڭ يورۇق - ئازادە ئۆيىدە بەھۇزۇر، ئوچۇق - يورۇق مۇڭداشتۇق. جۇدېنىڭ ئاددىي - ساددا كىيىم - كېچەكلىرى، كەمتەر، كىچىك پېئىل، قىزغىن مۇئامىلىسى، سەمىمىي تەربىيىسى ھازىرغىچە ئېسىمدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئەتىسى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى ۋېيخەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتناشقان ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىگە مىللەتلەر مەسىلىسى ۋە مىللەتلەر سىياسىتى ھەققىدە دوكلات بەردى. 10- ئاينىڭ 14- كۈنى شىنجاڭغا قايتىش ئۈچۈن ھېلىقى ئون يەتتە كىشىلىك ئايروپىلانغا چىقتۇق. ئايروپىلاندا ليوتچىك

ۋە خىزمەتچى خادىم بولۇپ جەمئىي بەش نەپەر ئادەم بار ئىدى. بۇلارنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى «سوۋېت قەھرىمانى» دېگەن بەش يۇلتۇزلۇق ئالتۇن ئوردېن ئېسىۋالغانىدى. بىز بېيجىڭدىن ئۇچۇپ تەييۈەندە، شىئەندە ماي قاچىلاپ كەچقۇرۇن لەنجۇدا قوندۇق. لەنجۇدا بىر كۈن تۇرۇپ 16- كۈنى شىنجاڭغا ئۇچماقچى بولۇپ ئايرودرومغا چىقساق ئۇ يەردە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ۋاڭ جېن بار ئىكەن.

يولداش ۋاڭ جېن بىز بىلەن بىر ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭغا قايتتى. ئايروپىلان قۇمۇلدىن ئۆتۈپ تەڭرىتاغ ئاچالىدىن ئۆتىدىغان ۋاقىتتا ھاۋا قاراڭغۇلىشىپ ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولماي قالدى. ئۇ ئايروپىلان كىچىك بولغاچقا، ئەڭ ئېگىز دېگەندە ئۈچ مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچالايدىكەن. ئادەتتە ئىككى مىڭ بىر يۈز~ ئىككى مىڭ تۆت يۈز مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ ماڭغانىدى. ليوتچىكلەر ئىشىكنى چىڭ تاقاپ قېشىمىزغا چىقمايدىغان بولدى. ئەسلى ئاچالدىن ئۆتۈپ مورى، گۇچۇڭغا بارغاندا ئۇرۇمچىگە بىر سائەتلىكلا يول قالاتتى. لېكىن، ئىككى سائەت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئايروپىلان تېخى يەرگە قونمايۋاتاتتى. ئايروپىلاندا ئولتۇرغان ھەممىمىز قاتتىق ئەندىشىگە چۈشتۇق، بىرمۇ ئادەم زۇۋان سۈرمىدى. ئايروپىلاننىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ، ئىنتايىن سۈرلۈك تۇس

ئالغانىدى. بەزى يولداشلار نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتقاندەك، ھەممىمىزنىڭ چىرايلىرىمىزدا قان قالمىغان، تاتىرىپ كەتكەنىدۇق. يولداش ۋاڭ جېن لىيوتچىكلەرنىڭ ئىشىكىنى «تاۋارش، تاۋارش» دەپ ئۇرسىمۇ، ئۇلار ئىشىكنى ئاچمىدى. بىز قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتۇق. خېلى بىر چاغ ئۆتكەندىن كېيىن، ئايروپىلان پەسلەشكە باشلىغاندەك قىلدى. ئايروپىلان دېرىزىسىدىن قارىساق ئۇرۇمچى دىۋوپو ئايرودرومى غۇۋا كۆرۈندى. ھەممىمىز ئۇستىمىزدىكى ئېغىر تاشنى ئېلىۋەتكەندەك چوڭقۇر نەپەس ئالدۇق ۋە خۇداغا مىڭ شۈكرى، ئەنە يەر كۆرۈندى، ئايرودروم ئۇستىگە كەپتۇق، دەپ خۇشاللىقىمىزنى باسالماي ۋارقىرىشىپ كەتتۇق. ئايروپىلان ئاستا - ئاستا دىۋوپودىكى بۇرۇنقى ئايرودرومغا ساق - سالامەت قوندى. بىزنىڭ ئالدىمىزغا بۇرھان شەھىدى، گاۋچۇڭجوڭ، يەنە شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن چاڭ شىچىنلار چىققانىكەن. ئايروپىلاندىن چۈشۈپ، ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. شۇ كۈنى كەچتە قوماندان ۋاڭ جېن غەربىي زالدا لىيوتچىكلەرگە زىياپەت بەردى. يولداش ۋاڭ جېن ئۇلارغا: «سىلەرگە كۆپ رەھمەت، ھەممىمىزنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭلار. بىز سىلەرنىڭ بۇ جاسارىتىڭلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمىز» دېدى. مەن بۇ خاتىرىنى يېزىۋاتقىنىمدا لىيوتچىكلەرنىڭ

قەھرىمانلىق سىيماسى، ئايروپىلاندىكى ئادەملەر ۋە ئايروپىلان كۆڭۈل ئېكرانىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. كېيىن بىز لىيوتچىكلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىشكىلەرنى تاقىۋېلىپ ئاچمىغانلىقىنى ئۇقساق، ئەسلى لىيوتچىكلەرنىڭ ئىچىدە ئىختىلاپ يۈز بېرىپتۇ. بەزىلىرى بۇنداق ھاۋادا ئايرودرومغا قونۇش خەتەرلىك، شىمالدىكى قۇملۇققا قونۇپ ئادەملەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالايلى دەپتۇ. گۇرۇپپا باشلىقى بولسا، ياق، بۇ خەتەرلىك، ئايروپىلان قۇمغا ئۆرۈلگەندە ئايروپىلانغان ئوت كېتىشى مۇمكىن دەپ ئۇنىماپتۇ. ئۇ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، خەرىتىگە قاراپ قۇتۇبى تەرەپتىكى تاشيولنى ياقىلاپ ئايلىنىپ ئۇچۇپ تۆۋەنلەپ، ئىككى يۈز مېتىر، يۈز مېتىر، ھەتتا ئاتمىش مېتىر تۆۋەنلەپ ئۇچۇپ، يەر يۈزى ئېنىق كۆرۈنگەندە ئايرودروم يۆنىلىشىگە قاراپ يەر يۈزىگە قونۇشنى قارار قىپتۇ. گۇرۇپپا باشلىقىنىڭ قارارى بويىچە ئۇچۇش ۋاقتى ئۇزىراپ كەتكەن بولسىمۇ، يەرگە بىخەتەر قونغانىكەنمىز. بۇ ئەھۋالنى لىيوتچىكلەرنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لېكسىنگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. بىز ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتناشقانلىق ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلغانلىق تەسىراتلىرىمىزنى قىسقىچە يەكۈنلەپ، بىردەك

تۆۋەندىكى تونۇشقا كەلدۇق:

— بىز ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى، باش قوماندان جۇدې، ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەمىمىي قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. بۇ، بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىق چاغ، ئەڭ زور بەختىمىز ۋە شان-شەرىپىمىز. بېيجىڭ، تيەنجىن، شىئەنلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش جەريانىدا نەزەر دائىرىمىز كېڭەيدى. بىز ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگو زېمىنىنىڭ كەڭ، مۇنبەت، گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. ۋەتىنىمىز ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئىكەن. بارغانلا جايدا خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا، كۈتۈشىگە مۇيەسسەر بولدۇق. كۆپ مىللەتلىك بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. دۆلەتنىڭ بىرلىكى، خەلقىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق چوڭقۇر چۈشەندۇق. ۋەتىنىمىزگە بولغان مۇھەببىتىمىز تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. بىز بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە تېخىمۇ تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيمىز. دوكلات قىلىش يىغىنىدا

قوماندان ۋاڭ جېنغا: «بىز پارتىيە رەھبەرلىكىدە 5- كورپۇستا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ ۋە سىياسىي كومىسسارلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، 5 - كورپۇسنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشىلايمىز. بىز ئەمدى مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ھەر مىللەت ئەسكەرلىرى مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ، قولنى - قولغا تۇتۇشۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيمىز» دەپ ۋەدە بەردۇق. يولداش ۋاڭ جېن دوكلاتىمىزنى ۋە بۇ قېتىم ئالغان تەسىراتىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىزدىن قالتىس مەمنۇن بولدى. ئەتىسى غەربىي زالدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىنىڭ نومۇرلىرىنى كۆردۇق. مەزكۇر ئانسامبىلنى تۇرسۇن رەخمىتوف باشلاپ كەلگەنىكەن. بىز بۇرۇن داڭقىنى ئاڭلاپ كەلگەن ھەلىمە ناسىرىۋا، روشەنگۈل ئىبلاخۇنوۋا قاتارلىقلار ئورۇندىغان ناخشا - ئۇسسۇلنى كۆردۇق. بولۇپمۇ ھەلىمە ناسىرىۋانىڭ «بىر پىيالە مەي» دېگەن يېقىملىق ناخشىسى قەلبىمىزنى لەرزىگە سالدى. بىز ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ كەتتۇق. ئىككى نەپەر ئۆزبېك ئارتىسنىڭ راۋاپ بىلەن ئورۇندىغان قوش كىشىلىك ئۆزبېك خەلق ناخشىسى پۈتۈن زالنى قايناm - تاشقىنلىققا چۆمدۈرۈۋەتتى. روشەنگۈل ئىبلاخۇنوۋا ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ئىنتايىن نەپىس ئوينايدىكەن. ئۇ نازلىق بىلەن سالام بەرگەندە، پۈتۈن

زالدا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلۈپ، زالنى لەرزىگە سالدى. ئويۇن كۆرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى غەربىي زالدا موسكۋادىن كەلگەن ئانسامبىل باشلىقى تۇرسۇن رەخمىتوفنىڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ھەققىدە بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىدىم. دوكلاتتىن كېيىن غۇلجىغا قايتتۇق.

بىز غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بېيجىڭدا ئېكسكۇرسىيىدە ئالغان تەسىراتلىرىمىزنى دوكلات قىلىشقا كىرىشىپ كەتتۇق. مەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئەينى ۋاقىتتىكى بيۇرو مەكتەپتىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا دوكلات بەردىم. دوكلات يىغىنىغا ئىشتىراك قىلغۇچى يولداشلارمۇ بىزنىڭ ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىمىزگە ئورتاق بولدى.

1950 - يىل 2 - ، 3- ئايلاردىن باشلاپ، مىللىي ئارمىيىدىكى خېلى كۆپ ئوفىتسېرلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىشكە باشلىدى. 5 - كورپۇس تەۋەسىدە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى، سىياسىي كومىسسارلىق ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي خىزمەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 5 - كورپۇسنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پۇختا سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى ئاساس سېلىندى.

1951 - يىلىغا كەلگەندە 5- كورپۇس قارمىقىدىكى

قىسىملار ئىچىدە كوماندىر، جەڭچىلەرنىڭ سىنىپى، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، دېموكراتىك تۇزۇمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كوماندىرلار بىلەن جەڭچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش، كەڭ كادىر، جەڭچىلەرنىڭ تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى قوللاش ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. 5 ـ كورپۇسىمىز يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەر مىللەت خەلقىگە كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشى لازىم» دېگەن يوليورۇقىغا ئەمەل قىلىپ، ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، چېگرىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئورۇنداشتىن باشقا، يەنە خىزمەت ئەترىتى بولۇش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى. 5ـ كورپۇستىن زور بىر تۈركۈم كادىر، جەڭچىلەر ئاجرىتىلىپ جايلاردا ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشتۇرۇلدى.

1951ـ يىلى كۈزدە بەزى يېزىلاردا سىناق تەرىقىسىدە يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە سىنىپىي تەركىب ئاجرىتىش ئېلىپ بېرىلدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئىلى

ۋىلايىتىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىمۇ سىناق تەرىقىسىدە ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش دېگەن مەزمۇندا ئۇقتۇرۇش كەلدى. ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى دوڭ شىڭيۈەن دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزدى ۋە قايسى ناھىيىدە سىناق ئېلىپ بارىمىز؟ كۆچىنى قانداق تەشكىللەيمىز؟ دېگەن مەسىلىنى مۇزاكىرىگە قويدى. ئورۇن مەسىلىسىدە، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ توققۇز تارا چارۋىچىلىق رايونى مۇۋاپىق تېپىلدى. خىزمەت ئەترىتى مەسىلىسىدە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى ئەنۋەر جاكولىن ئەترەت باشلىقى، ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پولات، 5 - كورپۇستىن ساۋدانوف مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولدى. نۇرغۇن كىشىدىن خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 5 - كورپۇستىن يولداش مۇزەپپەر قاتارلىق بىر نەچچە ئادەم، يەرلىكتىكى ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىدىن پاشا ئىشان قاتارلىقلار بار ئىدى. بىز بىر قانچە چوڭ-كىچىك ئاپتوموبىلدا ھەيۋەت بىلەن يولغا چىقتۇق. چارۋىچىلىق رايون خىزمەت ئەترىتىنىڭ باش ئىشخانىسى توققۇزتارا ناھىيىسىگە، قالغان خىزمەت گۇرۇپپىلىرى توققۇزتارا موخۇرغا ۋە جىرغىلاڭ يېزىلىرىغا ئورۇنلاشتى. سەنئەت ئۆمىكى سەييارە ئويۇن

قويۇپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى.
ئەينى ۋاقىتتا ئىدىيىمىزدە چارۋىچىلىق رايونىدا قانداق تەركىب ئاجرىتىلىدىغانلىقى، قانداق ئادەملەر چارۋىدار، قانداق ئادەملەر چارۋىچى بولىدىغانلىقى قاراڭغۇ ئىدى، بۇ ھەقتىكى سىياسەت، ئۆلچەملەردىن قىلچە خەۋىرىمىز يوق ئىدى. دېھقانچىلىق رايونىدىكى تەركىب پومېشچىك، باي دېھقان، ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان، ئوتتۇرا دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان، كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقان دەپ ئايرىلاتتى؛ چارۋىچىلىق رايونىدا قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق سىياسەت، بەلگىلىمە يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز توققۇزتاراغا بېرىپ تۆۋەنگە چوڭقۇر چۆكۈپ ئەھۋال ئۆگەندۇق.
بىز بېرىشتىن بۇرۇن ناھىيە چارۋىچىلىق رايونىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىدىكەن دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، قارا بوراننىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندىن كېيىن موخورغا بارىدىغان تۈزلەڭلىكتە خەلقنى كۆچۈرۈپ كېلىپ يىغىرمە - ئوتتۇز كىگىز ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. چارۋا تاغدا قېلىپ، ئۇنىڭغا قارايدىغان ئادەم قالماپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن يۇقىرىغا ئەينەن دوكلات قىلدۇق. يۇقىرىدىن چارۋىچىلارنى ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇۋېتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلدى. چارۋىچىلارنى ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇۋەتتۇق. خىزمەت

گۆرۈپپىسى ھەر قايسى كەنتلەردىكى چارۋىچىلارنىڭ سانىنى، كىمنىڭ قانچە كالا، قانچە قوي، قانچە يىلقىسى بارلىقىنى تىزىملىدۇق ھەم مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردۇق. يەنە چارۋىچىلار ئىچىدە خەلققە زۇلۇم قىلغان، زومىگەرلىك قىلىپ ئاددىي چارۋىچى پۇقرالارنى ئەزگەن كىشىلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئېنىقلىدۇق ھەمدە خەلقنىڭ پىكرىنى ئالدۇق.

تېخى ئەمدىلا خەلقنى قوزغىتىپ ئەھۋال ئىگىلەۋاتقان چاغدا، ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومدىن ئۇقتۇرۇش كېلىپ ئەنۋەر جاكولىن بىلەن خەنزۇ مۇئاۋىن شۇجىنى چاقىرتىپ كەتتى ۋە خىزمەت گۆرۈپپىسى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى توختاتسۇن دېگەن مەزمۇندا تېلېفون كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز خىزمەت گۆرۈپپىسىدىكىلەر بىكار بولۇپ قالدۇق. ئاز كۈندىن كېيىن ئەنۋەر جاكولىن غۇلجىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ بىزگە: مەركەزدىن ئۈرۈمچىگە خىزمەت گۆرۈپپىسى كەپتۇ، ئۇلار شىنجاڭدا خىزمەت تەكشۈرىدىكەن، چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئىسلاھات سىنىقىنى توختىتىپ غۇلجىغا قايتىدىغان بولدۇق، دەپ يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن خىزمەت گۆرۈپپىسىدىكى بارلىق ئادەم غۇلجىغا قايتىپ كەتتۇق.

# ئالتايغا خىزمەت تەكشۈرۈپ بېرىش

1951 ـ يىل 11 ـ ئاي ئىدى. سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى لى يوڭفۇ بىلەن ئىككىمىز بىر قانچە كادىرنى ئېلىپ ئالتايغا خىزمەت تەكشۈرۈشكە بارماقچى بولدۇق. بىز شىخۇنى بېسىپ ئۆتۈپ چېپەيزىگە بارغاندا 1948ـ يىلى پولكوۋنىك خەسمەنوف بىلەن ماڭغان ئۇدۇل يول ئارقىلىق قوبۇققا بارىدىغان يولنى بويلاپ ماڭدۇق. ئاپتوموبىلىمىز ئورال ماركىلىق چوڭ ئاپتوموبىل ئىدى. ئۇنىڭدا لى يوڭفۇنىڭ كانسېيى قاتارلىق بەش ـ ئالتە ئادەم بار ئىدى. بوران، سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاپتوموبىلغا بىر چوڭ توڭدا زاپاس بېنزىن ئېلىۋالغانىدۇق. بىز قوبۇقتىن ئۆتۈپ قورايتۇ ئارقىلىق بورچىنغا يېتىپ باردۇق. ئۇ يەردە قېلىن قار يېغىپ كەتكەنلىكتىن، ئاپتوموبىل ماڭالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن بورچىندا ئۈچ چانىغا ئولتۇرۇپ سارسۇمبىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. بۇ ئۈچ چانىنى بورچىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىزگە ھەل قىلىپ بەردى. ئۈچىمىزدا قېلىن جۇۋا، پۇتىمىزدا پىيما بولسىمۇ، قاتتىق مۇزلاپ كەتتۇق. ئالاغاق دېگەن جايغا بارغاندا بىر كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدۇق. ئەتىسى داۋاملىق ئىلگىرىلەپ چۈشكە يېقىن ئالتاي

ساراسۇمبە بازىرىغا بارغاندا يولدا توختاپ مەرھۇم ئىنقىلابىي قۇربان گېنېرال دەلىلقاننىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدۇق. ئالتاي پولكى ساراسۇمبە لاگىر دېگەن جايدا تۇرىدىكەن. ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى بەدەلقان بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. قىسمىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ئۇ يەردە بىر قانچە كۈن تۇردۇق. ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر قاتناشقان چوڭ يىغىن ئېچىپ مۇدىر لى يوڭفۇ دوكلات بەردى. مەنمۇ سۆز قىلدىم. ئۇ يەردىكى ئىشلار بىرەر قۇر ئاياغلاشقاندىن كېيىن قىران دەرياسىغا مۇز قاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىران دەرياسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى قىشلىق مەنزىرىنى تاماشا قىلدۇق. ئالتاي ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت بىزنى ئوبدان كۈتۈۋالدى. ئاندىن بورچىنغا بېرىپ ئۇ يەردىكى ئىشلارنى تۈگىتىپ، دۆربىلجىنگە باردۇق. ئاندىن غۇلجىغا قايتتۇق. لېكىن، دۆربىلجىن بىلەن شىخۇ ئارىلىقىدا ئاپتوموبىل ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىدى. قار بەك قېلىن بولغانلىقى ئۈچۈن يىگىرمەسۇ دېگەن يەرگە كەلگەندە ئاپتوموبىل بىر ئايلانمىدىن ئۆتۈۋېتىپ پەسكە سېيرىلىپ كەتتى. سىدىقجان دېگەن شوپۇر ئېسكۇرىسنى چىقىرىۋېتىپتۇ. ئېسكورىسنى سالالمىغانلىقتىن ئاپتوموبىل بايىقى ئايلانمىدىكى تۈزلەڭلىككە قاراپ سىيرىلىپ قاچتى. ئاپتوموبىل بىر يارغا سوقۇلۇپ يېنىچە ئۆرۈلدى. مەن كابىنكىدا،

قالغان يولداشلار كوزۆپتا ئىدى. كوزۆپ قىلىن كىگىز بىلەن ئورالغاچقا، ھېچنەرسە بولماي ئامان - ئېسەن قاپتۇ. مەن ئاپتوموبىلنىڭ بىر قوللۇق تورمۇزىنى تۇتقىنىمچە كابىنكا ئاستىدا قالدىم. رول، شوپۇرنىڭ مەيدىسىنى قىسىۋاپتۇ. مەن ھوشۇمدىن كېتىپ قاپتىمەن. باشقىلار شوپۇرنى ئوڭايلا چىقىرىۋاپتۇ. كېيىن مېنىمۇ چىقىرىۋالدى. مەن ھوشۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچتىم. يولداشلارنىڭ ھەممىسى ئامانمۇ دەپ سورىدىم، باشقىلار ھەممىسى ئامان دېيىشتى.

بىر ئازدىن كېيىن سەللىمازا ئوڭشىلىپ كەتتىم. ئاپتوموبىل ئۆرۈلگەندە رادىياتور تېشىلىپ ئاپتوموبىلنىڭ سۈيى ئېقىپ كېتىپتۇ. ئاپتوموبىلنى بۇ يادىن قانداق چىقىرارمىز دەپ بېشىمىز قېتىپ تۇرغان چاغدا چۆچەك تەرەپتىن شىخۇدىن بۇغداي توشۇيدىغان رۇس هارۋىلىرى كېلىپ قالدى. فۇئات دېگەن ئوفىتسېر ئۇلارغا رۇسچە قىلىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندى، ئۇلار دەرھال هارۋىنىڭ ئاتلىرىنى چىقىرىپ ئاپتوموبىلنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ ئاتلىرىغا سۆرەتتى. بىزمۇ ياردەملىشىپ ئاپتوموبىلنى چىقىرىپ ساق - سالامەت شىخۇغا يېتىپ بىرىپ، ئاپتوموبىلنى رېمونت قىلدۇرغاندىن كېيىن غۇلجىغا قايتتۇق.

# شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا يۆتكىلىش

1952 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ يۆتكەلگەنلىكىم ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدىم. نۇرسادىروف مېنىڭ ئورنىمغا 5 - كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولۇپ يۆتكەلدى. ئىككىمىز ئالماشتۇق.

مەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئورگىنىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلدى. ئۇ يىغىنغا مەنمۇ قاتناشتىم. يىغىنغا يەنە مەركەزدىن كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن شى جۇڭشىن، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىن كەلگەن ليۇ گاۋفىڭ (خۇيزۇ)، جاڭ زوڭشۈن، 2 - كورپۇسنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ ئېنماۋ، 5 - كورپۇسنىڭ سىياسىي كومىسسارى دوڭ شىگيۈن قاتارلىقلار قاتناشتى. ئورنى تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىدا ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ قېتىمقى يىغىندا يولداش ۋاڭ جېننىڭ شىنجاڭ خىزمىتىدىكى بەزى سولچىللىق، كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى تەنقىد قىلىندى، ئۇ دۆلەت دېھقانچىلىق - بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىقىغا مىنىستىر بولۇپ يۆتكەلدى. 2 -

كورپۇسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ شۇجىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ۋە سىياسىي كومىسسارى بولۇپ بەلگىلەندى. شۇ قېتىمقى يىغىن ناھايىتى ياخشى ئېچىلىپ، شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي ئىسلاھاتتىكى سولچىللىق تۈزىتىلىپ، تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپ، نەتىجىلەر مۇستەھكەملىنىپ، پۈختا قەدەم بىلەن يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش باسقۇچىغا قەدەم قويۇلدى.

1952- يىلى ئەتىياز ئىدى. 5 - كورپۇس پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: 5 - كورپۇسنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، سىياسىي كومىسسارلىق تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. بىرلىككە كەلگەن تۈزۈم، شتات، ئىنتىزام يولغا قويۇلدى. 5 - كورپۇس جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇرۇنقى مىللىي ئارمىيىدە تاقىغان پاگون، بەلگىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پۈتۈن كوماندىر، جەڭچىلەر بىردەك جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دېگەن بەلگىنى تاقاش بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەم پاگون، ھەم جۇڭگو خەلق

ئازادلىق ئارمىيىسى دېگەن بەلگىنى تاقايدىغان ئەھۋاللار ئۆزگەرتىلدى. مېنىڭ خىزمەت ئورنۇم شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، 1951- يىل12- ئايدا ئائىلەمنى ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كەلدىم.

## جەنۇبىي شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم سەپەر قىلىش

1952 - يىل 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. مەن شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىكى بىر قىسىم مىللىي كادىرلارنى، مەسىلەن، ئەسئەت تېيىپوف، رەپقەت شاياخمەت، نازاقباي، تۇرسۇن ۋاھىدىن قاتارلىق كادىرلارنى بىرگە ئېلىپ قەشقەرگە سەپەرگە چىقتىم. قارا شەھەرگە بارغاندا، قارا شەھەر ۋالىسى ئېردە (موڭغۇل) نىڭ ئۆيىگە بېرىپ قوندۇق. ئەتىسى يەنە يولغا چىقىپ داۋاملىق جەنۇبقا قاراپ ماڭدۇق. ئۇ ۋاقىتتا، ئاقسۇنىڭ ۋالىسى مەمتىمىن خەلپەتھاجى ئىدى. 5- كورپۇسنىڭ 37- پولكى ئاقسۇ كونىشەھەردە بولغانلىقى ئۈچۈن ئاقسۇدا ئىككى - ئۈچ كۈن تۇردۇق. مەن37- پولكقا بېرىپ پولك كوماندىرى ئامانتور بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا روتىلارنى ئارىلاپ كادىرلار بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپ كەلدىم. كەچتە ۋالىي

مەمتىمىن خەلپەتھاجىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاقسۇ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇنىنى كۆردۇق. ئۇ كىشى سەنئەت ئىشلىرىغا ئىنتايىن قىزغىن كۆڭۈل بۆلەتتى.

ئۇ ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنى، بولۇپمۇ سەنئەت ئۆمىكىنى ياخشىلاشقا چوڭ كۈچ چىقارغانىدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات تارىخىدا ئىنقىلابىي قۇربان ل. مۇتەللىپتىن قالسا ئازادلىقتىن كېيىن ۋالىي مەمتىمىن خەلپەتھاجىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرى كۆپ دېيىشكە بولىدۇ.

بىز ئاقسۇدا ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتۇق. مەن ئۈرۈمچىدىن باشقا جايلارنى كۆرمىگەنىدىم. شۇڭا، تۇنجى قېتىم قەشقەرگە سەپەر قىلغاندا ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ھەممە يەرلەر مېنىڭ ئۈچۈن يېڭى مەنزىرە ئىدى. قۇمۇشلۇق تاشيولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى گىياھسىز قىپقىزىل تاقىر چوققىلار مەغرۇر قىياپەتتە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئېگىز چوققىلىرىدا ئازراقمۇ قار كۆرۈنمەيتتى. بۇلار مېنى ھەيران قالدۇراتتى. بىز ئاقسۇدىن قەشقەرگىچە بولغان زېرىكىشلىك چۆل - باياۋان، قەدىمىي توغراقلىق، سۆكسۆك، يۇلغۇنلار بىلەن

قاپلىنىپ كەتكەن ئۇزۇن يولنى ئىككى كۈن بېسىپ، ئاخىر جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى تۇرۇشلۇق قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ ۋاقىتتا، 13- دىۋىزىيە شتابى قەشقەر يۇمىلاقشەھەر كۆل بېشىدا ئىدى. مەتىمىن ئىمىنوف دىۋىزىيە كوماندىرى، قوشۇمچە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ئىدى.

بىز قەشقەرگە بارغاندا چى گو، پېڭ دا، تيەن جۇڭلار بىلەن كۆرۈشتۇق. چى گو جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، گوپېڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى، زوچى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ئىدى. مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، بىزنىڭ قەشقەرگە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىزنى ئېيتتىم. چى گو بىزگە قەشقەر رايونىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ۋە بىر نەچچە كۈن يەر ئىسلاھاتىغا ئائىت سىياسەت، بەلگىلىمىلەرنى ئوبدان ئۆگىنىپ، ئۆزۈڭلارنى قوراللاندۇرۇڭلار، ئاندىن كېيىن سىلەرنى قەشقەرنىڭ يېزىلىرىغا ياكى قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەرگە تەقسىملەيمىز، دېدى. بىز ماتېرىيال ئۆگىنىش

مەزگىلىدە بوش ۋاقىت تېپىپ قەشقەر كونىشەھەرگە كىرىپ 13 - دېۋىزىيە شتابىدىكى كونا ئىنقىلابىي سەپداشلارنى تاپتۇق. ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ئۇرۇش چاغلىرىدا ئۆتكەن جەڭگىۋار، جاپالىق كۈنلىرىمىز ئۈستىدە راسا پاراڭلاشتۇق، بىر-بىرىمىزگە چاقچاق قىلىپ كۈلۈشتۇق. ھېيتكا، ھېيتكا جامەسى قاتارلىق قەدىمىي جايلارنى كۆردۇق. ئاپاق غوجام، ئىپارخان مەقبەرىسىنى سىرتىدىن ئايلىنىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىمارچىلىق سەنئىتىدىن ھەيران قالدۇق. قەشقەرنىڭ ۋالىيسى سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ ئۇنىڭغا سالام بەردۇق. سەيپۇللايوف بىزگە قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ياقۇپ ھاجىنى تونۇشتۇردى. بىز ھاكىم ياقۇپ ھاجىدىن قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى سورۇشتۇردۇق. ئۇ كىشى ئەھۋالنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. بىز كەچقۇرۇن يېڭىشەھەرگە قايتىپ چىقىپ كەتتۇق. بىر قانچە كۈندىن كېيىن شۇجى چى گو بىزنى چاقىرىپ ۋەزىپە تاپشۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: سىلەر ئالدى بىلەن كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ توققۇزاق يېزىسىغا بارىسىلەر، توققۇزاق يېزىسى چەترەك بولۇپ، دېھقانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىنتايىن كەمبەغەل، ئۇ يېزىدا يەرلىك كادىرلارمۇ بار،

يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى سىنىقى باشلانغىلى خېلى ۋاقىت بولدى. ئۇ يېزا تۇگەپ خىزمەتتىن خۇلاسە چىقىرىلىپ بولغاندىن كېيىن خىزمەت ئۈمۈمكى بەشكېرەم يېزىسىغا يۆتكىلىدۇ. بەشكېرەم ۋە باشقا بىر قانچە يېزىلاردا يەر ئىسلاھات ھەرىكىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇرۇمچىگە قايتىسىلەر. ئۇ يەر ئىسلاھاتىنىڭ قەدەم - باسقۇچى، ئۇسۇللىرى ھەققىدە بىزگە كونكرېت چۈشەندۈردى. بىز ئەتىسى توققۇزاق يېزىسىغا باردۇق. بۇ يەردە ئاھالىلەر ناھايىتى تارقاق ئولتۇراقلاشقانىكەن، غۇلجىنىڭ يېزىلىرىغا ئوخشىمايدىكەن، بىر قانچەئائىلە. بىر قانچە ئائىلىدىن توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانىكەن. سۇ كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن يەرلىرى ئاساسەن شاللىق ئىكەن. ئۇ يەردە.ياۋا ئۆردەك كۆپ بولۇپ، ئىمىنوف پات - پات كېلىپ ئۆردەك ئېتىپ كېتەتتى. بىز توققۇزاققا بارغاندىن كېيىن يەرلىك كادىرلاردىن تەشكىل قىلىنغان ئەسلىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىلىرىغا تەقسىم قىلىندۇق. مەن خىزمەت ئەترىتى ئىشخانىسىدا قالدىم. بىز بارساق بۇ يېزىنىڭ خىزمىتى ئۈچىنچى باسقۇچتا، يەنى تەركىب ئايرىش، ئامىنى قوزغاپ پومىشچىكلار ئۈستىدىن دەرد تۆكۈش باسقۇچىدا ئىكەن. بىز دېھقانلارنىڭ تارتقان دەرد - ئەلەم، جاپالىرىنى ئاڭلاپ، ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتىنىڭ

ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىمىز زور دەرىجىدە ئۆستى. يەر ئىسلاھاتىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا يەرلەر دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. كەمبەغەل، يالالانما دېھقانلار ئۆزلىرىگە بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەرنى باغرىغا بېسىپ تۇپىنى ئىككى قولى بىلەن ئوچۇملاپ تۇرۇپ: «ياشىسۇن كومپارتىيە»، «ياشىسۇن ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى» دەپ شوئار توۋلىغان تەسىرلىك مەنزىرە بىزنى ھاياجانلاندۇراتتى. دېھقانلارنىڭ بىر ئۇستىخان، بىر تېرە بولۇپ قالغان تەقى - تۇرقى، ئۇستىدىكى ياماق سېلىنغان جۇلجۇل كىيىملىرى، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى يۈرىكىمىزنى پارە - پارە قىلاتتى. كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ ئاچ - يالىڭاچ ياللىرىنى كۆرۈپ گېلىمىزدىن تاماق ئۆتمەي قالغان ۋاقىتلارمۇ بولدى. بىز شۇنى تونۇۋالدۇقكى، نامراتلىقنىڭ يىلتىزى دەل پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ كەمبەغەللەرنى ئېزىشى ئىكەن. فېئوداللىق يەر تۈزۈمى تۈپتىن ئۆزگەرتىلمىسە دېھقانلار ئۇزۇل - كېسىل قەد كۆتۈرەلمەيدىكەن. ئەمگەكچى خەلق ئەمدى ھەقىقىي ئازادلىققا چىقتى. دەل شۇ كۈنى، يەنى 1953 - يىل 5 - مارت ستالىن ۋاپات بولغان خەۋەرنى ئاڭلاپ، مەن شەھەرگە كىرىپ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايوندىكى رەھبىرىي يولداشلار بىلەن بىرلىكتە قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىغا بېرىپ ستالىننىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردۈم. ماڭا مۇنداق بىر

ئىش قاتتىق تەسىر قىلدى: كونسۇلخانا خادىملىرى ئەتراپى رەڭگارەڭ گۇل بىلەن ئورالغان ستالىننىڭ سۈرىتى ئالدىدا تۇرۇپ قاتتىق يىغلىدى، بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى. شۇ كۈنى قەشقەردىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ستالىننىڭ سۈرىتى ئېسىلغان زالغا رەتلىك تىزىلىپ چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرۈشتى. كۆپچىلىكنىڭ كۆزلىرى ياش بىلەن نەملەنگەنىدى. تەزىيە مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن مەن دەرھال توققۇزاققا قايتىپ چىقىپ كەتتىم. مەزكۇر يېزىدا يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئاياغلاشقاندا دېھقانلار غەلىبىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. دېھقانلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ بولدى. خەلق دېموكراتىك ھوقۇقىنى ئىشلىتىپ ئۆزى خالىغان ئادىمىنى دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە كۆرسەتتى. توققۇزاقتىكى خىزمەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بىز بەشكېرەمنىڭ چۇمبۇس يېزىسىغا يۆتكەلدۇق. چۇمبۇس يېزىسى شەھەرگە يېقىن ئىدى. ئازراقلا ماڭسا ئايئاق غوجامغا يېتىپ باراتتۇق. خىزمەت ئەترىتىمىز چۇمبۇستىكى خالىق دېگەن ئادەمنىڭ قورۇسىغا ئورۇنلاشتۇق ۋە شۇ ئۆينى ئىشخانا قىلدۇق. ئەترەت باشلىقلىقىنى مەن ئۈستۈمگە ئالدىم. قالغانلار كەنتلەرگە، مەسىلەن، چۇمبۇس، چام پاشا، قازىرىق، قارا ساقال قاتارلىق كەنتلەرگە بۆلۈندى.

ھەربىي كادىرلار ھەر بىر كەنتكە بىردىن تەقسىم قىلىندى. بەشكىرەم يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئۆمىكى ئاۋاتقا ئورۇنلاشتى. كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى ئۆمەك باشلىقى، قۇربان روزى (ھازىر تۆمۈر يول ئىدارىسىدىن دەم ئېلىشقا چىقتى)، مەرھۇم ئەخمىدى مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولدى.

چۇمبوس يېزىسىدا ئەڭ ئاۋۋال بىزگە يېزا باشلىقى تۇرسۇن مامۇت، دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇرېھىم ھامۇت كەنتلەرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. بىرىنچى باسقۇچتا ئەھۋال ئۆگىنىپ ئاممىنى قوزغىدۇق، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقىنى چىڭ تۇتتۇق. چۈنكى، 3 - ئايلاردا قەشقەرنىڭ يېزىلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى تازا قىزىپ كېتەتتى. ئۇ چاغلاردا ئېقىن سۇ بولمىغانلىقى ئۈچۈن دېھقانلار كۆل سۈيى ئىچىدىكەن. بۇ كۆللەر مەھەللىگە ئېقىن سۇ كەلگەندە توشقۇزۇلىدىكەن. كۆلنىڭ بىر چېتىدە چارۋا سۇ ئىچىدىكەن. ئۇزاقتا بىر قېتىم سۇ كەلگەچكە سۇ قۇرتلاپ كېتىدىكەن. باشتا بىز تازا كۆنۈپ كېتەلمىدۇق، ئامال بولمىغانلىقتىن كۆپچىلىك قاتارىدا ئىچىۋەردۇق. بىر كۈنى چۇمبوس يېزىسى قازىرىق كەنتىدە ئاياللار يىغىنى ئېچىلدى. خەلچە سامساق ئىسىملىك قىرىق ياشلاردىن ئاشقان ناھايىتى سۆزمەن

بىر ئايال ئاياللار خىزمىتىگە مەسئۇل ئىكەن. ئۇ ۋاقىتلاردا ئاياللارنى يىغىپ يىغىن ئېچىشمۇ ئىنتايىن قىيىن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بىز مىڭ تەسلىكتە خېلى كۆپ ئاياللارنى يىغدۇق. يىغىننى يېزا باشلىقى تۇرسۇن مامۇت باشقۇردى. يىغىندا خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى كادىرلار تونۇشتۇرۇلدى. ئارقىدىن ئۇ: يېزىمىزدا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئاياللار مەزكۇر ھەرىكەتكە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇش، يىغىنلارغا ۋاقتى - ۋاقتىدا كېلىش لازىم. ئاياللار خىزمىتى ھەققىدىكى ئىشلارنى خەلچە سامساق تونۇشتۇرىدۇ، دېدى. خەلچە سامساق سېمىز، تەتۈر ئۆستىخان، ئاۋازى ئەركىشىدەك توم چىقىدىغان ئايال ئىدى. ئۇ: چۇمبۇس يېزىسىدا ئاياللار خىزمىتى خېلى ئوبدان ئىشلىنىپ كەلمەكتە، ئاياللار ئاساسەن تولۇق ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇلار پومېشچىكلار ئۈستىدىن دەرد تۆكۈشتە قورقماي سۆزلەيدىغان بولدى. يەنە بەزى ئاز ساندىكى ئاياللاردا خۇراپاتلىق ئېغىر بولغاچقا، ھەرىكەتكە كېلىش ئانچە تېز ئەمەس، ئۇلار قورقۇش، ئەندىشىدە بولماقتا. چۈنكى، ئۆتمۈشتە زومىگەر، پومېشچىكلار ئاياللارنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق مۇجۇۋەتكەن. بۇ ئاياللار يامان بولىدۇ دېگەن گەپكە ئىسلىۋېلىپ، شۇ يامان ئادەملەرگە يەنىلا يانتاياق بولۇۋاتىدۇ. ھازىر ئۇلۇغ داھىيىمىز ماۋزېدۇڭ جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىز ئاياللارنىڭ قەددىنى
كۆتۈردى. ئەمدى بىز ھېچقانداق بىسىمدىن قورقماي
ئەندىشىلەرنى كەينىمىزگە تاشلىۋېتىپ، يېزىمىزغا
كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە
دادىللىق بىلەن تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم، دەپ
ئاياللارنى رىغبەتلەندۈرۈپ خېلى ئۇزاق سۆز قىلدى.
ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن سۆزلەش نۆۋىتى ماڭا
كەلدى. مەن: بىزنىڭ يېزىلارغا كېلىشتىكى
مەقسىتىمىز يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، يەر
ئىگىلىرىنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، يەرسىز
قالغان يوقسۇل دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىش. بىز
خىزمەتنى ئاممىغا تايىنىپ ئىشلەيمىز. بولۇپمۇ
ياللانما، كەمبەغەل دېھقانلارغا يۆلىنىپ ئىشلەيمىز.
ئاياللار يېرىم دۇنيا، سىلەرمۇ قوزغىلىپ ھەرىكەتكە
كېلىشىڭلار لازىم. ھازىر يولداش خەلچە سامساق
ياخشى سۆز قىلدى دېيىشىمگە، بىر چەتتە ئولتۇرغان
خەلچە سامساق ئورنىدىن چاچراپ تۇرغىنىچە ئاچچىقى
بىلەن ۋارقىراپ تۇرۇپ: ئەپەندىم، مېنى يولداش
دېمەڭ، مەن سىزنىڭ يولدىشىڭىز ئەمەس،
يولدىشىڭىزنى تېپىپ يولداش دەڭ، يولداش ئەپەندىم،
دېدى. يىغىن ئەھلى پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. مەن
خۇددى ئۈستۈمدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك
ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدىم. يېنىمدا ئولتۇرغان يېزا

باشلىقى تۇرسۇن ماموت «خانىم» دەپ قويسىلا دېدى قولىقىمغا پىچىرلاپ. مەن ھەيرانلىق ئىچىدە سەگەكلىشىپ: مەن شىمالىي شىنجاڭدا ئۆسكەن، ئاياللار بولسۇن ياكى ئەرلەر بولسۇن بىر - بىرىمىزنى «يولداش» دەپ چاقىرىمىز. جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتە ئاياللارنى «خانىم» دەپ چاقىرىدىغانلىقىنى ئۇقماي قاپتىمەن. خەلىچە سامساق خانىم خاپا بولمىسىلا، سىلە يولداش دېگەن سۆزنى خاتا چۈشىنىپ قالدىلا، كىشىلەر قارشى تەرەپنى تەڭ ئورۇندا قويۇپ بىر - بىرسىنى يولداش دەپ ئاتىشىدۇ. ھەرگىزمۇ سىلە ئويلىغاندەك مەنىدە ئەمەس ، دەپ چۈشەندۈرۈپ ئەپۇ سورىدىم. قەشقەر يېزىلىرىغا بارغاندىن كېيىنكى بىرىنچى قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىقىم شۇ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قانداق ئائىلىلەرگە بېرىپ ئاياللار بىلەن سۆزلەشسەم «خانىم» ۋە «خېنىم» دەيدىغان بولدۇم.
خىزمىتىمىزمۇ تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىپ باردى. يېزا-كەنتتىكى دېھقانلار بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتتۇق. ئۇلارمۇ قانداقلا ئەھۋال بولسا قورۇنماي، تارتىنماي ئۆزلۈكىدىن ئىزدەپ كېلىپ سۆزلەپ بېرىدىغان بولدى. بىزمۇ دېھقانلار بىلەن ئىشلەپچىقىرىشتا بىللە بولدۇق. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلار ھەقىقەتەن ئاجايىپ جاپاكەش، تىرىشچان خەلق ئىكەن. قەشقەر ئەتراپىدىكى يېزىلارنىڭ يەرلىرى

قۇرغاق ۋە شورلۇق بولغاچقا، قوناق ياكى بۇغداي تېرىشتىن بۇرۇن يەرنى كونا توپا بىلەن ئوغۇتلاپ، يەرنى قۇم قۇيۇپ ئاغدۇرىدىكەن، ئاندىن يەنە ئوغۇتلاپ، ئۇرۇق چېچىپ، بىر قېتىم ئاغدۇرۇپ سۆرەم بىلەن باستۇرىدىكەن. شۇ ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى قالاق بولغاچقا، ئوغۇتنى ئېشەكى بارلار ئېشەككە، ئىشەكى يوقلار مۈرىسىگە ئارتىپ توشۇيدىكەن، يەرنى ساپان بىلەن (جەنۇبىي شىنجاڭدا قوش دەيدىكەن) ياكى كەتمەن بىلەن ئاغدۇرىدىكەن. سۆرەمنى ئۇلىقى بارلار ئۇلاقتا سۆرەتسە، ئۇلىقى يوقلار ئۆزلىرى سۆرەيدىكەن. بۇ مەن ئۇچۇن غۇلجىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن بەكمۇ روشەن سېلىشتۇرما بولدى. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرمۇ بىرلىكتە ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كىرىشىپ كەتتۇق.

ۋاقىت تېز ئۆتۈپ 5 ـ، 6 ـ ئاي يېتىپ كەلدى. يېزىلار ناھايىتى ئىسسىپ كەتتى. مەن بەزى شەنبە كۈنلىرى چۈمبۇستىن شەھەر ئىچىگە كىرىپ شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىكى ئابدۇللايوف غوجائەخمەتنىڭ ئىشخانىسىدا قونۇپ قالاتتىم. ئۇنىڭ ئىشخانىسى ھېيتكاغا يېقىن ئىدى. كەچتە بىز بىرلىكتە ھېيتكا نامازشام بازىرىغا چىقىپ تاماشا قىلاتتۇق. ھېيتكا بازىرى ناھايىتى ئاۋات بولۇپ، كەچتە خۇددى كۈندۈزدەك سودا بولاتتى. خېرىدار چاقىرىۋاتقان دوغچىلارنىڭ «راھەت قىيام

دوغ» دەپ، كاۋاپچىلارنىڭ «پاقلان گۆشى» دەپ، ناۋايلارنىڭ «ئىسسىق نان» دەپ، سامسىپەزلەرنىڭ «ياغ سامسا» دەپ ۋارقىراشلىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ ئاجايىپ قىزغىن مەنزىرە ھاسىل قىلاتتى. تەڭلە - تەڭلىلەردە تۇرۇپ كەتكەن، ئادەمنىڭ كۆز مېيىنى يەيدىغان ساپسېرىق ئۆپكە- ھېسىپ، ئەنجان رەستىسىگە بارسىڭىز كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان ھەر خىل چىرايلىق يىپەك رەخت، رومالالار، ئەرەب دۆلەتلىرىدىن كىرگەن ھەر خىل زىب - زىننەتلەر كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالاتتى. ئوردا ئالدىدىكى دوپپا بازىرىغا كىرسىڭىز، ئىشچان قىزلارنىڭ نازۇك قوللىرى بىلەن تىكىلگەن چىمەن دوپپا، بادام دوپپا، ئۇنچە باسقان، كالۋوتۇن بىلەن گۈل كەشتىلەنگەن دوپپىلار ئاجايىپ گۈزەل غايىۋى جەننەتكە ئېلىپ كېلەتتى. كولالچىلار بازىرىغا بارسىڭىز ناھايىتى سىپتا، چىرايلىق ئىشلەنگەن ھەر خىل ساپال، ھېجىر، كوزا - ئىدىشلەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمي مەدەنىيىتىنى ئەسلىتەتتى. قەشقەرنىڭ كوچىلىرى ئىنتايىن تار، ئۆيلىرى ئېگىز ئىدى. خالتا كوچىلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بەكمۇ قاراڭغۇ ئىدى. ئاياللار يۈزلىرىگە چۈمبەل يېپىپ يۈرەتتى. بەزى يەكشەنبە كۈنلىرى چۈمبوستىن ئاپاق غوجامنىڭ سەيلىسىگە باراتتىم. ئاپاق غوجامنىڭ توق يېشىل كاھىشلىق گۈمبىزى

يىراقتىنلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كوچىلىرى ۋە ئەتراپى بۈك - باراقسان ئورمانغا پۈركەنگەندى، ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا قىلىپ كولانغان، سۇيى زۇمرەتتەك سۈزۈك كۆلى بار ئىدى. يەكەن، پوسكام، پەيزاۋات، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئەر - ئايال دېھقانلار ئاشۇ دەل - دەرەخنىڭ تۈۋىدە، كۆلنىڭ بويىدا سەگىدەپ ئولتۇراتتى، نەزىر - چىراغ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، ئۆز ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ئاللادىن تىلەپ، يىغا- زارە قىلىشاتتى. بىر كۈنى مەن قەبرىستانلىقنى ئارىلاپ گۈمبەز يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر ئايالنىڭ گۈمبەزگە باش ئۇرۇپ، پەرزەنت تەلەپ قىلىپ نالە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇ گۈمبەز بۇشرۇك ئانامنىڭكىمىش. يەنە بىر يەرگە بارسام، بىر چوڭقۇر ئورەكتىكى بىر تۆشۈك ئالدىدا تۇرغان بىر قانچە ئايالنىڭ ئۇنىڭ ئىچىگە بىر نەرسىلەرنى تاشلاپ، ئاندىن تۆشۈك ئىچىگە قول سېلىپ بىر نېمىنى ئېلىپ چىقىپ يەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. يېنىغا كېلىپ سەپسېلىپ قارىسام، ئۇلار ئۇ تۆشۈك ئىچىگە ئازراق بۇغداي ياكى قوناق چېچىپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇدى، بىر ئازدىن كېيىن يەنە قول سېلىپ قولىغا نېمە چىقسا شۇنى ئاغزىغا سېلىپ يېدى. بىر ئايال خېلى ئۇزۇن بىر ئايەتنى ئوقۇپ تۆشۈككە قولىنى سېلىۋىدى، قولىغا بىر نەچچە قارا چۈمۈلە چىقتى.

ئۇنى كاپلا قىلىپ ئاغزىغا سېلىپ يەۋەتتى. مەن گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدىم. ئاۋام خەلق بۇنداق ئېغىر خۇراپاتلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قاچان قۇتۇلار؟ خۇراپاتلىق ئۇلارنىڭ پۇت - قولىنى چۇشەپ، ئۆز ئىلكىگە مەھكۇم قىلىۋاپتۇ، دېگەن خىيال بىلەن ئۇ يەردىن كېتىپ قالدىم. مەن ۋالىي سەيپۇللايوفقا يۇقىرىقى ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسەم، سەيپۇللايوف مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، قەشقەردە دىنىي ئېتىقاد ۋە خۇراپاتلىقنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى سۆزلەپ بەردى. قەشقەردە 6 - ئايدا مېۋە - چېۋىلەر مەي باغلاپ پىشىپ كېتىدىكەن. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئەترەت ئىشخانىسىنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇراتتۇق، دەرۋازىدىن پۇتىغا كەش كىيىۋالغان بىر ئادەم كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىچىك سېۋەت كۆتۈرگەن بىر بوۋاي كىرىپ كەلدى. سېۋەتنىڭ يۈزى ئەنجۇر يوپۇرمىقى بىلەن يېپىلغانىدى. ئۇلار يېنىمىزغا كېلىپ دېھقانلارچە ئېگىلىپ سالام قىلدى. بىزمۇ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئۇلارغا سالام بەردۇق. ھېلىقى بوۋاي ھويلىدىكى ئادەملەرگە بىرەرقۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن تولىمۇ پەس ئاۋازدا: ئەپەندىلەر، ساۋدانوف دېگەن باشلىق بارمۇ؟ دەپ سورىۋىدى، مەن دەرھال ئورنىمدىن تۇرۇپ ئالدىغا ئۆتۈپ، بوۋا، ساۋدانوف دېگەن مەن بولىمەن، نېمە ئىشلىرى بار ئىدى، دەپ سورىدىم. بوۋاي شۇ ھامان: ۋاي بالام،

سىلىمىدىلە، مانى قارىسىلا، مېنىڭ سىلىگە دەيدىغان باشقا ئىشىم يوق، بىخىمىزنىڭ ئەنجۈرى پىشقانىدى، سىلىنى كۆڭلۈم تارتىپ دەسلىپىگە ئىخىز تەككۈزسۈن دەپ بۇنى ئېلىپ كېلىۋىدىم، بىز دېھقان خەقنىڭ بۇنىڭدىن باشقا بىرنېمىمىز يوق. ئازراق بولسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، دەپ سېۋەتنىڭ ئۈستىدىكى يوپۇرماقلارنى ئېلىۋېتىپ ئەنجۈر سېۋەتنىنى ئىككى قوللاپ ماڭا ئۇزارتتى. مەن سېۋەتنى بوۋاينىڭ قولىدىن ئالغاچ، بوۋا سىلى كىم بولىدىلا؟ دەپ سورىدىم. بوۋاي دەرھال ئوڭ قولىنى-كۆكسىگە قويۇپ، غوجام بالام، مېنىڭ ئېتىم مامۇت ئاخۇن، مېنىڭمۇ ئۈزلىرىدەك بىر ئوغلۇم تاغ ئارقىسىغا ئوقۇشقا چىقىپ كەتكىنىگە كۆپ يىل بولغانىدى. قەشقەر ئازاد بولغاندا ئىلى تەرەپتىن كەلگەن ئەسكەرلەردىن كۆپ سوراۋشتە قىلغان بولسامۇ، لېكىن هازىرغىچە ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدىم، دېدى. مەن بوۋا ئوغۇللىرىنىڭ ئېتى نېمە؟ دەپ سورىۋىدىم، بوۋاي بالامنىڭ ئېتى قۇربان، ئاڭلىسام ئۈزلىرى بالامنى ياخشى تونۇيدىكەنلا. شۇڭا، باغنىڭ بىرىنچى قېتىم پىشقان ئەنجۈرىگە بالامنىڭ ئورنىدا ئىخىز تەككۈزسۇن دەپ ئېلىپ كەلگەنىدىم، دەپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى. مەن بوۋاينى دەرھال قولىدىن تۇتۇپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدۇم. بوۋاي خېلى ئۇزۇنغىچە ئېسەدكىرەپ گەپ قىلالمىدى. ئۇ

ئۆزۈلمەي تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى بىلەن ئاۋارە ئىدى. قېنى بالام قوللىرىنى سىلىۋالاي، سىلە بالام بىلەن بىرگە بولغان ئىكەنلا، دەپ قولۇمنى تۇتۇپ سۇكۇت ئىچىدە تۇرۇپ كەتتى. مېنىڭمۇ يۈرىكىم ئۆرتىنىپ، بوۋايغا نېمە دەپ كۆڭۈل ئېيتىشنى ئويلاۋاتاتتىم. توساتتىن جىمجىتلىقنى بوۋاي ئۆزى بۇزۇپ، بىزنىڭ يېزىدا ئەنجۈر بۇرۇنراق پىشىدۇ دېدى. مەنمۇ گەپكە قوشۇلۇپ بوۋا سىلى قايسى كەنتتىن دەپ سورىدىم. بوۋاي: بالام بىزنىڭ كەنتنى چام پاشا دەيدۇ، ئۆزى دۆڭلۈككە جايلاشقان بىر قۇملۇق، كۈن نۇرى ئۇزاق چۈشىدۇ، دېدى. مەن بوۋايغا چاي قۇيۇپ بېرىپ، ئۇ ئەكەلگەن ئەنجۈردىن يېگەچ، ئوغلى مامۇتوف قۇرباننىڭ ساق - سالامەت، ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە قۇربان دېسە ھېچكىم بىلمەيدىغانلىقى، ھازىر مامۇتوف قۇربان دەپ سورىسا ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىدىكى ھەممەيلەن بىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. بوۋاي بالىسىنىڭ ئۈچۈرىنى ئېلىپ خېلى خاتىرجەملىك ھېس قىلدى - دە: ۋاي ئوبدان بالام، سىلى بالامنىڭ باشلىقى ئىكەنلا، سىلىنى كۆرۈپ بالامنى كۆرگەندەك بولدۇم دەپ، كۆزلىرىدىكى خۇشاللىق يېشىنى قولى بىلەن سىپاپ ئېرتىۋېتىپ، چايدىن بىر - ئىككى ئوتلاپ، بالام ئەمدى مەن خاتىرجەم بولدۇم، سىلىنىمۇ خىزمەتلىرىدىن قويماي، مەن

ئەمدى قايتىپ كېتەي، سىلىنى يوقلاپ تۇرىمەن، دەپ قولۇمنى يېنىش - يېنىشلاپ چىڭ سىقىپ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. مەنمۇ بوۋاينى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتىم. شۇنىڭدىن كېيىن مامۇت ئاخۇن ئاكا پات - پاتلا ئەنجۈر ۋە باشقا مېۋىلەرنى ئېلىپ كېلىپ مەن بىلەن مۇڭدىشىپ كېتىدىغان بولدى. مامۇتوف قۇرباننىڭ ئائىلىسى ئىنتايىن كەمبەغەل ئائىلە ئىكەن. مامۇت ئاكا بولسا ئىنتايىن توغرا سۆزلۈك، ئاق كۆڭۈل دېھقانىكەن. مامۇتوف قۇربان شۇ چاغدا 5 - كورپۇسنىڭ سىياسىي بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى. يېزا باشلىقى تۇرسۇن مامۇت بىلەن ئىككىمىز ئازراق ئۇن، ماي ۋە نەق پۇل ئېلىپ بوۋاينىڭ ئۆيىگە ھال سوراپ باردۇق. مامۇت ئاخۇن ئاكا ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. بىز خىزمەتنى تۈگىتىپ قايتقىچە ئۇ پات - پات كېلىپ مېنى يوقلاپ تۇردى. مەن ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن ئەھۋالنى مامۇتوفقا سۆزلەپ بەردىم. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئاخىرلىشىپ بارلىق كادىرلار ئاۋاتقا يىغىلدۇق. جۇ شۇجى خىزمەتتىن خۇلاسە چىقاردى. خۇلاسە يىغىنىدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن بارغان ھەربىي كادىرلار ياخشى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن تەقدىرلەندى. جۇ شۇجى مېنىڭ بىر قېتىم يېزا باشلىقى ۋە دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسىنى باشلاپ سۇ بېشىغا بېرىپ، ئىككى يېزىنىڭ تارىختىن بۇيان سۇ

تالىشىپ ئارازلىشىپ كېلىۋاتقان زىددىيەتنىنى ھەل قىلىپ، سۇدىن ئىككى يېزىنىڭ تەڭ پايدىلىنىشى ھەققىدە توختام تۈزۈپ، ئىككى يېزىنىڭ ماجىراسىنى تۈگەتكەنلىكىمنى مىسالغا ئالدى. خۇلاسە يىغىنىدىن كېيىن خىزمەت ئەترىتىگە قايتىپ كېلىپ، دېھقانلار بىلەن خوشلىشىپ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا كەتتۇق. يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدىكى ئاشۇ دېھقان دوستلار ماڭا 1965 - يىلىغىچە خەت، خالتا ئەۋەتىپ تۇردى.

بىز يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنى تۈگىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوپال يېزىسىغا بېرىپ مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدۇق. ئۇ ۋاقىتتا قەشقەر بىلەن ئوپال ئارىلىقىدىكى يول ئىنتايىن ناچار بولۇپ، مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مەقبەرىسى يېنىدىكى بۇلاق بېشىدا چوڭ بىر تۈپ سۆگەت سايە تاشلاپ تۇرغان، ئەتراپى بۈك - باراقسان بوستانلىق ئىكەن. شۇ يەردە ئولتۇرۇپ بىردەم دەم ئېلىۋېلىپ، ئاندىن دۆڭ تۆپىسىگە چىقىپ مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مازىرىنى ئايلىنىپ زىيارەت قىلدۇق. چۈشتىن كېيىن ئوپال يېزىسىدىكى بىر كەمبەغەل دېھقاننىڭ ئۆيىدە ئاز - تولا غىزالىنىۋېلىپ قايتىپ كەتتۇق.

1953 - يىل 7 -ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بىز جەنۇبىي شىنجاڭغا يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىگە قاتنىشىش

ئۇچۇن بارغان شىنجاڭ ھەربىي رايون ئورگىنىنىڭ كادىرلىرى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن مەن ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىدىكى باشقارما دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىگە قاتنىششتىن ئالغان تەسىراتىمنى دوكلات قىلدىم. بىزنىڭ ئورتاق تەسىراتىمىز شۇ بولدىكى، سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەشكە نىسبەتەن تونۇشىمىز چوڭقۇرلاشتى.

مەن ئازادلىقتىن كېيىن، جەمئىيەت تەرەققىياتى، قانۇن، سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش ھەققىدە كۆپ قېتىم دوكلات ئاڭلىدىم. سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش ھەققىدىكى تونۇشۇم تەدرىجىي ئۆستى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ يەر ئىسلاھاتىغا قاتنىشىش جەريانىدا بايلارنىڭ ناھايىتى ئازساندا، نامرات، كەمبەغەللەرنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى تولۇق چۈشەندىم.

ئىلگىرى يېزىلاردىكى ئازساندىكى بايلار كۆپ يەرنى زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، بىر قىسىم يەرلەرنى دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىدىكەن، ئىجارە ھەققى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، يەر ئىگىسى ئۆزى ئىشلىمەي يازلىق ۋە كۈزلۈك يىغىمدا ھوسۇلنىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمىنى ئۆزى ئېلىپ قالىدىكەن. تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بېرىپ زىرائەتلەر زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ ئىجارە ھەققى كېمەيتىلمەيدىكەن، دېھقاننىڭ

بويىنغا قەرز ئارتىلىپ، دېھقانلار بايلارغا يىل بويى ئات. ئۇلاغتەك ئىشلەپ بېرىدىكەن. بايلار تەييارغا ھەييار بولۇپ، ئاتىنىڭ نوچىسىغا مىنىپ، مەيىنىڭ كاتتىسىدا ئولتۇرۇپ، بىر نەچچە خوتۇننى ئەمرىگە ئېلىۋېلىپ، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزىدىكەن. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى، كەڭ نامراتلار ۋە كەمبەغەللەرگە ئۇزۇل - كېسىل ئازادلىق ئېلىپ كەلدى، خەلق دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ، كەمبەغەللەرنىڭ قەددى كۆتۈرۈلدى، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى تەدرىجىي ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. ھەربىي رايون باشلىقلىرى دوكلاتىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سىلەر ناھايىتى ياخشى ئىشلەپ كەلدىڭلار، كۆپ جاپا تارتتىڭلار، بىر ئاي دەم ئېلىپ ئاندىن ئىشقا چۈشۈڭلار، دەپ بىزگە رۇخسەت بەردى.

1953 - يىل 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بالا - چاقامنى ئېلىپ ئۈرۈمچى نەنسەندىكى غەربىي بەيياڭگۇغا دەم ئېلىشقا باردىم. ئۇ ۋاقىتلاردا نەنسەن غەربىي بەيياڭگۇدا ھېچقانداق ئۆيلەر يوق بولۇپ، يوللىرىمۇ ئىنتايىن تار، ئاپتوموبىلنىڭ مېڭىشىمۇ قىيىن ئىدى. ئۇ يەردە قازاق چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى ناھايىتى

كۆپ بولۇپ، مەن بىر قازاق چارۋىچىنىڭ ئۆيىنى بىر ئايلىق سۇرۇك بىلەن يىگىرمە يۈەنگە ئىجارىگە ئالدىم. ئۇ ۋاقىتلاردا سىمىز بىر تۇياق پاقلان توققۇز يۈەندىن ئاشمايتتى. مەن تاغقا چىقسام، يولداش سەيپىدىن ئەزىزى بالا - چاقىلىرى بىلەن شۇ يەردە ئىكەن، بىز قوشۇلۇپ ئىككى ئۆيلۈك بولدۇق. كېيىنرەك ئەسقەت ئەسقاتوف، ئابدۇللا زاكىروف، ئەنۋەرخان بابا قاتارلىق بىر قانچە ئائىلىمۇ چىقتى. بىز كۆڭۈللۈك دەم ئېلىپ بىر ئاينى تولىمۇ مەنىلىك ئۆتكۈزدۇق. ئۇ چاغدا نەنسەندىكى هازىرقى ساناتورىيە ئورنىنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. بىر - بىرى بىلەن بوي تالىشىپ ئۆسكەن بۆك - باراقسان ياپيېشىل قارىغايلار، تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلار، كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك قىزىرىپ پىشقان بۆلدۈرگەنلەر، گويا گېلەم سېلىپ قويغاندەك گۈزەل ئوتلاقلار كىشىگە ئاجايىپ هۇزۇر بېغىشلايتتى. هۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن هەرخىل گۈللەرنىڭ ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ ئادەمنى مەستخۇش قىلاتتى. تۆت ئەتراپتا تايچاق، موزاي، قوزىلار يۈگۈرۈشۈپ، سەكرىشىپ بىر - بىرى بىلەن ئۇسۇشۇپ ئوينىشاتتى. پاقلان گۆشىدىن پىشۇرۇلغان مەززىلىك كاۋاپ پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بىز تۇرغان جايدىن ئاتلىق ئون بەش مىنۇت ماڭسا مەۋج ئۇرۇپ تاغ چوققىسىدىن

چوشۇۋاتقان شارقىراتمىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. تاغ ئىچىدە ئىلىك ناھايىتى كۆپ ئىدى. يولداش سەيپىدىن ئارىلاپ ئاخوت قىلىپ، بىر- ئىككى ئىلىك ئېتىپ كېلەتتى. بىز قوشنىلار گۈلخان سېلىپ، چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئىلىكلەرنى كاۋاپ قىلىپ يەپ، قىمىز ئىچىپ، چاقچاقلىشىپ ئولتۇراتتۇق. بىر كۈنى مېنىڭ باللىرىم بىلەن قوشنىلارنىڭ باللىرى غەربتىكى ئېگىز ئاق تاش تاغقا چىقىپ، چوققىغا قىزىل بايراق قاداپ قويغانىدى. ئون نەچچە يىلدىن كېيىن شۇ يەرگە يەنە بىر قېتىم چىققىنىمىزدا بايراقنىڭ ياغىچى تېخىچە بار ئىكەن. مەن بۇ يايلاققا ئۆگىنىپ قالغاچقا، ھەر يىلى يازدا چىقىپ دەم ئالىدىغان بولدۇم.

1953 - يىل 7 - ئاينىڭ ئاخىرى ئايالىمنىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلاپ قالدى. بىر كۈنى تاغدا تۇيۇقسىز تولغاق تۇتۇپ كەتتى. بىشىم تازا قېتىپ تۇرغاندا، بىر قازاق چارۋىچى شوپۇرىم ئەرشىدىن بىلەن بىرلىكتە تۆۋەندىكى تام ئۆيدە ئولتۇرۇشلۇق تۇغۇت ئانىسى ئۇندىمەس دېگەن قازاق موماينى ئېلىپ كەلدى. ئۇ موماي قولىدا سېرىق ساپلىق قامچىسىنى تۇتقان ھالدا كىگىز ئۆيگە كىرىپلا، بىر نەرسىلەرنى ئوقۇپ كەتتى، ئارقىدىن ئۆينىڭ كېرىگىلىرىنى قامچىلاپ ۋارقىراپ، بىر نېمىلەرنى قوغلىغاندەك قىلدى. مەن ھەيران بولۇپ مومايغا قاراپلا قالدىم. ئايالىم تولغاق ئازابىدىن تولغىنىپ كارىۋاتتا

ياتاتتى. موماي مېنى سەن سىرتقا چىقىپ تۇرغىن دېدى. مەن ئۆينىڭ سىرتىغا چىقىپ تىڭشاپ تۇردۇم. بۇنداق ئەھۋالنى كۆرۈپ باقمىغان باللىرىم — ئاسىيە، سانىيە، پەرھات، ئالىيەلەر قورقۇپ كېتىپ يىغلاپ، «دادا» دەپ مېنى چىڭ قۇچاقلىشۋالدى. مەن ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «قورقماڭلار باللىرىم، يىغلىماڭلار» دەپ بەزلەپ قويدۇم، بىر ئازدىن كېيىن بوۋاقنىڭ ئاچچىق يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئۇھ! خۇداغا شۈكرى، دەپ تۇرۇۋشۇمغا ئۇندىمەس مومايىنىڭ ياردەمچىسى قازاق ئايال سىرتقا چىقىپ سۆيۈنچى بېرىڭ، ئايالىڭىز ئوغۇل تۇغدى دېدى. ھەممىمىز خۇشال بولۇپ كەتتۇق. مانا ھازىرقى كەنجى ئوغلۇم شۆھرەت بۇ دۇنياغا ئاشۇنداق كۆز ئاچقان. ئۇ ھازىر نەنجىڭ ھەربىي رايونى جياڭسۇ ئۆلكىسى سۇچۇەن شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى (داشياۋ) بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

1953 - يىل 8 - ئايدا، مەن نەنسەندىكى دەم ئېلىشىمنى تۈگىتىپ ئۈيگە قايتىپ كەلدىم. شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى مىللىي كادىرلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ، بىر قارار مەدەنىيەت ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىشنى، ۋاقتىنىڭ بىر يىل بولىدىغانلىقىنى قارار قىلىپ، بۇ كۇرسقا مېنى مەسئۇل قىلدى.

شۇ قېتىمقى مەدەنىيەت ئۆگىنىش كۇرسىغا 13-، 14 - دىۋىزىيە ۋە برونېۋىك قىسىملاردىكى كوماندىر لاردىن بولۇپ ئىككى يۈزدىن ئوشۇق ئادەم قاتناشتى، ئۇلار ئۈرۈمچى باغۇلياڭدىكى 40 - پولك ئولتۇراقلاشقان جايغا تولۇپلاندى.

كۇرسنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى زى يىڭتى دوكلات بەردى. مەدەنىيەت ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشقانلار باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولغانلار ئىدى. ئۇلارغا سىياسىي دەرسلەر ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى، سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش قاتارلىق ئاساسىي تېمىلار بويىچە دەرس ئۆتۈلدى. كۇرستا ئۇلارنىڭ سىنىپىي ئاڭ سېزىمىنى ئۆستۈرۈش، ماركسىزم - لېنىنىزم ئاساسىي ساۋاتلىرىنى چۈشەندۈرۈش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلىش، ئارمىيە بىلەن خەلق مۇناسىۋىتى، ئەسكەرلەر بىلەن كادىرلار مۇناسىۋىتى، كادىرلار ئەسكەرلەرنى سۆيۈش، ئەسكەرلەر كادىرلارنى ھىمايە قىلىش قاتارلىق خەلق ئارمىيىسىنىڭ ئەنئەنىۋى تەربىيىسىنى سىڭدۈرۈش مەقسەت قىلىندى.

مەدەنىيەت تەربىيىسىدە، ئۇلارنىڭ دۇنيانى تونۇش، دۇنيا قارىشىنى توغرىلاش، تەبىئەت

ھادىسىلەرنى توغرا چۈشىنىش، خۇراپاتلىقنىڭ تەسىرلىرىنى تۈگىتىش قاتارلىق مەزمۇنلار ئاساس قىلىندى. كۇرس 1954 - يىلى تۈگىدى.

شۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولدى. كۇرسانتلار قىسىملارغا قايتقاندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلامدا كىتاب كۆرۈش، گېزىت ئوقۇش، ساۋات چىقىرىش قاتارلىق يېڭى كەيپىيات شەكىللىنىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

## ھەربىي خىزمەت قانۇنىنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىش

1955 - يىل 5 - ئايلار ئىدى. ۋاڭ ئېنماۋ مېنى ئىشخانىسىغا چاقىردى. بۇ چاغدا ۋاڭ ئېنماۋ قوشۇمچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئىشخانىسى جۇڭخۇايۈەندە بولۇپ، مەن ئىشخانىسىغا كىرسەم ئۆزى يالغۇز ئىكەن. ئۇ مېنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە: «كەلدىڭىزمۇ؟ قېنى ئولتۇرۇڭ»، دېدى. بىرەر قۇر ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، ئۇ يەنە: «بۇ يىل 9 - ئايدا مەركەزدە پۈتۈن ئارمىيە بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلىدىكەن. يىغىندا بۇنىڭدىن

كېيىن مەملىكەت بويىچە مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، پىدائىي ئەسكەرلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئارمىيە ئىچىدە ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى تەسىس قىلىنىدىكەن. گوۋۇيۈەنگە سۇنۇلىدىغان «ھەربىي خىزمەت قانۇنى» ئاشۇ يىغىندا مۇزاكىرىگە قويۇلىدىكەن. پارتكوم سىزنىڭ قاتنىششىڭىزنى مۇۋاپىق كۆردى. چۈنكى، بۇرۇن مىللىي ئارمىيىدە مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىكەن. بەزى قانۇن- قائىدىلەردىن سىزنىڭ خەۋىرىڭىز بولۇشى مۇمكىن. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدە ھازىرغىچە پىدائىي ئەسكەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ كەلدى. سىز يەنە بىر قانچە كادىرنى ئېلىپ، باش شتاب سەپەرۋەرلىك بۆلۈمى چاقىرغان بۇ يىغىنغا قاتنىشىپ كېلىڭ. ھەربىي رايون مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىن مۇستەسنا ئەمەس. ھەربىي رايون پارتكومى يېقىندا ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى شتاتىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن يىغىن ئاچماقچى. سىز ھەربىي رايون ھەربىي خىزمەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيسىز» دېدى. ئارقىدىنلا ئۇ مەندىن ئەينى چاغدا قانداق ئىشلىگەن، دەپ سورىۋىدى، مەن بىلىدىغانلىرىمنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى 1945 -، 1946 -، 1947 - يىللىرى

پىدائىي ئەسكەرلىك تۈزۈمىدە ئىدى، 1948 ـ يىلى مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ئۇ چاغدا، گومىنداڭ بىلەن تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق بىتىمدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئوتتۇزمىڭ كىشىلىك ئارمىيىسىنى ئون ئۈچمىڭ كىشىگە قىسقارتىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. كېيىن يەنى 1947 ـ يىلى كۈزدە بىتىم بۇزۇلۇپ بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. 1948ـ يىلى گومىنداڭ ئاشكارا ھالدا ئالدى بىلەن ئالتايدىكى ئوسمان باندىتنى قورال، راتسىيە ۋە ماددىي بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەپ، ئارقىدىن ماچىڭشاڭ ئاتلىق قىسىملىرىنى يۆلەنچۈك قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇپ، ئالتايغا ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ساۋەندە قالىبەگنى قۇترىتىپ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگۈزدى. مۇشۇنداق جىددىي ۋەزىيەتتە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بۇيرۇقىنى چىقاردى. ئېنىقمدە قىلىنىشچە، مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، ئون سەككىز ياشتىن يىگىرمەئىككى ياشقىچە بولغانلار مىللەت، جىنس ئايرىماي، سالامەتلىكى ياخشى بولسىلا مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن. شۇنىڭ بىلەن 1948 ـ يىلى مىللىي ئارمىيە

يېڭى ئەسكەر چاقىرىپ قوشۇننى تېزلىكتە كېڭەيتىپ قۇرغان. كېيىن ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ كەتكەچكە، بۇرۇن ئۇرۇشقا قاتنىشىپ بىتىم تۈزۈلگەندە ھەربىي سەپتىن بوشىتىلغان كونا ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرمۇ قايتا چاقىرتىلغانىدى. 1948- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوسمان باندىت ئالتايدىن بەيتىك تېغىغا قوغلىۋېتىلدى. قالىبېك، تاكمانلار ماناس دەرياسىنىڭ بېشىدىكى شەيتان كۆپۈردىن ئۆتۈپ گومىنداڭ تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئۇلار بۇلاپ قاچقان پۇقرالارنىڭ مال-چارۋىلىرى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. يولداش ۋاڭ ئېنماۋ مەن تونۇشتۇرغان ئەھۋاللارغا رازى بولغانىدەك، ئۇنداق بولسا سىز ئوبدان تەييارلىق قىلىپ 9 - ئايدا ئېچىلىدىغان يىغىنغا قاتنىشىڭ، دېدى.

1955 - يىلىنىڭ 8-، 9 - ئايلىرىدا ئارمىيە ئىچىدە ھەربىي ئۇنۋان بېرىلىپ، ئوفىتسېرلىك كەمەر تاقاپ، قاسقان شەپكە كىيىپ، مۇرىمىزگە پاگون تاقايدىكەنمىز، دېگەن مىش - مىش گەپ تارقالدى. ھەربىي رايون پارتكومى ئاچىدىغان يىغىنلارمۇ كۆپىيىپ كەتتى. كادىرلار بۆلۈمى كادىرلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە، يەنى كىملەرنىڭ ھەربىي سەپكە چوڭ ئىنقىلاب دەۋرىدە قاتناشقانلىقى، كىملەرنىڭ ئۇزۇن سەپەر ۋاقتىدا قاتناشقانلىقى، كىملەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، كىملەرنىڭ

ئازادلىق ئۈرۈشى مەزگىلىدە قاتناشقانلىقى ۋە قانداق ۋەزىپىدە بولغانلىقى، ھازىر قانداق ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلىقىنى ئىگىلەشكە كىرىشىپ كەتتى. مەنمۇ جەدۋەل تولدۇرۇپ تاپشۇرۇپ بەردىم.

1955 - يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرى ئىدى. باش شتاب سەپەرۋەرلىك بۆلۈمى چاقىرغان يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتۇق. بىز لەنجۇغىچە ئايروپىلان بىلەن، لەنجۇدىن بېيجىڭغا پويىزغا ئولتۇرۇپ باردۇق. بۇ مېنىڭ بېيجىڭغا ئىككىنچى قېتىم بېرىشىم بولۇپ، بىز بېيجىڭغا بېرىپ ئەتىسى يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فۇجۇتاۋ سۆز قىلىپ، يىغىننىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ھەققىدە چۈشەنچە بەردى ۋە ھەربىي خىزمەت قانۇنىنى ئوبدان مۇزاكىرە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. يىغىن قاتناشچىلىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈندۇق. بىر كۈنى گۇرۇپپىدا مۇزاكىرىسى بولۇۋاتاتتى. يولداش فۇجۇتاۋ مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى. مەن ئۇ كىشىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرسەم، ئۇنىڭ يېنىدا سوۋېت ئىتتىپاقىلىق بىر رۇس مەسلىھەتچى بار ئىكەن. ئۇ مېنىڭدىن رۇسچە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى بىرەر قۇر سۈرۈشتۈرۈپ كېلىپ «سەن ئۆزبېكمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن «ياق، ئۇيغۇر» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ يەنە «رۇسچە سۆز بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى. مەن

«ئازراق بىلىمەن ھەم ئاڭلاپ چۈشىنەلەيمەن» دېدىم. ئۇ «شىنجاڭدا قانچە مىللەت بار؟ ئاساسىي مىللەت قايسى؟» دەپ سورىدى. مەن دەرھال رۇسچە «شىنجاڭدا 13 مىللەت بار، ئاساسىي مىللەت ئۇيغۇر» دېدىم. فۇجۇتاۋ مەندىن «شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى قۇرۇدۇڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن «قۇرۇپ بولدۇق» دەپ جاۋاب بەردىم. يەنە بىر ئاز سۆزلەشكەندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ كەتتىم.

1955 - يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرى مەن بىر ئوقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدىم. ئوقتۇرۇشتا 9 - ئاي-نىڭ 30- كۈنى جۇڭنەنخەيگە مەجلىسكە بارىسىز دەپ يېزىلىپتۇ. نېمە مەجلىس ئىكەنلىكىنى سورىسام، ئۇلار بىز بىلمەيمىز، ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھەربىي ئۇنۋان ۋە يېڭى فورما بېرىلىدىغان ئوخشايدۇ، دېدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەي تاڭ ئاتقۇزدۇم. 30 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى بولغاندا بىر ئاپتوبۇس كەلدى. ئۇنىڭغا فۇجۇتاۋ باشلىق بىر نەچچىمىز ئولتۇرۇپ جۇڭنەنخەيگە قاراپ يولغا چىقتۇق. جۇڭنەنخەينىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيتتىم. ئەمما، ماۋجۇشىنىڭ شۇ يەردە تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بىز ئولتۇرغان ئاپتوبۇس جۇڭنەنخەينىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىن كىرىپ سولغا بۇرۇلدى - دە،

ئۇدۇل مېڭىپ قەدىمىي ئۇسلۇپتا سېلىنغان بىر قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. جۇڭنەنخەيىنىڭ ئىچى پۈتۈن تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ۋە پۈتكۈل دۇنيانىڭ نەقىشچىلىكى مۇجەسسەملەشكەندەك ئاجايىپ گۈزەل ئىكەن. بىز ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ قاتار تىزىلىپ تۇردۇق. ئۇنىڭغىچە بىر ھەربىي كادىر بىزگە يول باشلاپ بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ھېلىقى ھەربىي مەندىن ساۋدانوف سىزمۇ؟ دەپ سورىدى. مەن ھەئە دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ كىشى ماڭا يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ قويدى - دە، بىر چامادانني ئېلىپ كېلىپ ئۇچىڭىزدىكى كىيىملىرىڭىزنى ماۋۇ كىيىملەرگە ئالماشتۇرۇڭ، كونا كىيىملىرىڭىزنى چامادانغا سېلىپ قويۇڭ دېدى. مەن خوپ دەپ ھېلىقى چامادانني قولۇمغا ئالدىم ۋە ئېچىپ ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. كۆز ئالدىمدا دېڭىز رەڭ ھەربىي فورما، يەنى ياقىسى بىلەن يېڭىگە كالۋۇتۇندىن جىيەك تۇتۇلغان تۇجۇركا، ئىككى يېنىغا ئىككى سانتىمېتىر كەڭلىكتە قىزىل كانتا تۇتۇلغان بۇرۇلكا، چۆرىسىگە ئالتۇن رەڭ كالۋۇتۇن تۇتۇلغان ھەيۋەتلىك قاسقان شەپكە تۇراتتى. مەن دەرھال بۇ كىيىملەرنى كىيدىم. ئەينەك ئالدىغا بېرىپ قارىسام ئۆزۈمنى تونۇيالماي قالدىم. ئىككى مۈرەمگە ئالتۇن رەڭ كالۋۇتۇندىن ئىشلەنگەن پاگون، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يۇلتۇز

تاقالغانىدى. بۇ، گېنېرال مايورلۇق ئۇنۋانى ئىدى. دەل شۇ كۈنلەردە مەن ئەمدىلا ئوتتۇزبەش ياشتا ئىدىم. شۇ ۋاقىتتىكى خۇشاللىقىمنى ۋە ھاياجىنىمنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. خۇشاللىقىمدا ۋارقىراپ ناخشا ئېيتقۇم، ئۇسسۇل ئوينىغۇم كېلەتتى. ئەينى چاغدا گېنېرال مايورلۇق ئۇنۋانى ئالغانلار ئىچىدە مەن ئەڭ ياش ئىدىم. بىردەمدىن كېيىن ھەممىمىز جۇڭنەنخەيدىكى خۇەيرېنتاڭ زالىغا كىردۇق. گېنېرال مايورلۇق ئۇنۋانى ئالغانلىرىمىز ئارقىدىراق ئولتۇردۇق. دەقىقە ئۆتكەندىن كېيىن زالنىڭ ئىچى يېپيېڭى ھەربىي فورما كىيگەن گېنېراللار بىلەن توشۇپ، زال تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تۇس ئالدى. بىز كىم كىرەركىن دەپ تۇراتتۇق، ھەيۋەتلىك قەدەملەر بىلەن ماۋجۇشى، باش قوماندان جۇدې، رەئىس ليۇشاۋچى، زۇڭلى جۇئېنلەيلەر كىرىپ كەلدى. بىز ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىتىپ، ئۇلارنى قارشى ئالدۇق. زالدا خېلى ئۇزۇنغىچە جاراڭلىق ئالقىش ساداسى توختىماي ياڭراپ تۇردى. بىز ھاياجىنىمىزنى باسالماي كۆزلىرىمىزدىن خۇشاللىق يېشى تۆكتۇق. ئەگەر مۇشۇ ئۇلۇغ ئادەملەر ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىپ، مۇنقەرزلىككە بوغۇلۇپ كەتكەن يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق بۇ زېمىننى ئازاد

قىلمىغان بولسا مىللەتلەرنىڭ بۈگۈنكىدەك باراۋەرلىك، ھۆرلۈكى بولمىغان بولاتتى. مەندەك ئېلىمىزنىڭ چەت ئۆلكىسى بولغان شىنجاڭلىق ئاددىي بىر كەمبەغەل ئۇيغۇر تۆمۈرچىنىڭ ئوغلى مەركەزگە كېلىپ دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشەلمىگەن بولاتتىم. ياشىسۇن جۇڭخۇا خەلقىنى ئازادلىققا، ھۆرلۈككە چىقارغان، باراۋەرلىككە ئېرىشتۈرگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى! ياشىسۇن ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى! دېگەن ئۇلۇغ سادا جاراڭلايتتى. چاۋاك توختىماي بىر ھازاغىچە چېلىنىپ تۇردى. زۇڭلى قول ئىشارىتى قىلغاندىن كېيىن چاۋاك بىر ئاز بېسىقتى. دېمەك، ھەممەيلەننىڭ قەلبىدە مېنىڭ قەلبىمدىكىدەك بىر ئوت يېنىپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا زۇڭلى يىغىن ئېچىلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ: «يولداشلار، ھەربىي ئۇنۋان ۋە ئوردېن بېرىش مۇراسىمى ھازىر باشلاندى» دېگەندە، زالنىڭ ئىچىدە يەنە بىر قېتىم ئالقىش ياڭرىدى. ئۇ ئارقىدىنلا: «ھازىر ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى ئون نەپەر مارشالغا ھەربىي ئوردېن تارقىتىپ بېرىدۇ» دەپ ئېلان قىلىۋىدى، سەھنىگە پېڭ دېخۇەي چىقىپ باش قوماندان جۇدېنىڭ يېنىغا تىزىلدى. ئاندىن ئارقا - ئارقىدىن لىن بياۋ، ليۇبوچېڭ، خې لۇڭ، چېن يى، لورۇڭخۇەن، شۇشياڭچيەن، نيې رۇڭجېن، يې جيەنيىڭ قاتارلىق

ئون نەپەر مارشال سەھنىدە ھازىرلاندى. ماۋجۇشى
ھەيۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مەيدىسىگە ئۇچ
دەۋرگە بۆلۈنگەن ئالتۇن ئوردېننى ئۆز قولى بىلەن
تاقاپ قويدى، زالدا يەنە گۇلدۇراس ئالقىش كۆتۈرۈل-
دى. شۇ قېتىم ئون مارشالدىن باشقا يەنە ئون كىشىگە
گېنېرال ئارمىيە ئۇنۋانى، يەنە بىرمۇنچە كىشىگە
گېنېرال پولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىلدى. قالغان گېنېرال
لېيتېنانت، گېنېرال مايورلارغا ھەر قايسى چوڭ
ھەربىي رايونلار مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۇنۋان تاقايدىغان
بولدى. ئوردېن ۋە ئۇنۋان بېرىش مۇراسىمىدىن
كېيىن، دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە بىر
ساﺋەتچە مېي لېيەنفاڭ ئورۇندىغان نومۇرلارنى كۆردۇق.
چۈشتىن كېيىن يىغىنغا قاتناشقۇچىلار جۇڭنەنخەينىڭ
ياپيېشىل چىمەنزارلىق مەيدانىدا ماۋزېدۇڭ باشلىق
رەھبەرلەر بىلەن خاتىرە رەسىمگە چۈشتۇق.
چىمەنزارلىققا كۆپلىگەن يۇمىلاق ئۈستەللەر قويۇلغان
بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرخىل مېۋە، قورۇمىلار ۋە
تائاملار تىزىلغانىدى، ھەممىمىز ئايلانغاچ گەپلىشىپ
ئۆزىمىز خالىغان تائاملارنى يېدۇق. بۇ زىياپەتتە،
گولىنشاڭ ۋە لىيۇ گوپىڭ (خۇيزۇ) ئۈچىمىز بىللە
تاماق يېدۇق. ئۇ ۋاقىتتا گولىنشاڭنى ياخشى
تونۇمايتتىم، لىيۇ گوپىڭنى ئوبدان بىلەتتىم. لىيۇ
گوپىڭنىڭ ئۇنۋانى گېنېرال لېيتېنانت ئىدى،

گولىنشاڭنىڭ بولسا گېنېرال مايور ئىدى. بۇ چاغدا ھەممىمىزنىڭ كۆزى رەھبەرلەردە بولۇپ، ئۇلارنى قانغۇدەك كۆرۈۋالايلى دەيتتۇق. ئۇ كۈنلەردە مەن خەنزۇچىنى ياخشى سۆزلەپ كېتەلمەيتتىم. كۆڭلۈمدە ئۇلار بىلەن بىر، ئىككى ئېغىز سۆزلىشىۋالسام قانچە ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلايتتىم. مارشاللارنىڭ كىيىملىرى، يالتىراپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئوردېنلىرى سورۇنغا تېخىمۇ ھۆسن قوشقانىدى. مەن مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا ئاشۇ رەھبەرلەرنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە.

ھازىرقى باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان جۇڭگو خەلقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھايات - ماماتى بىلەن ھېسابلاشماي كۈرەش قىلىپ، جۇڭگو خەلقىگە بەخت ياراتقان جۇمھۇرىيەت قۇرغۇچىلارنىڭ، يەنى ئاشۇ ئۇلۇغ رەھبەرلەرنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىدۇ . ئېخ ئۇلۇغ رەھبەرلەر، سىلەرنىڭ ئۆچمەس ئىزىڭلار مەڭگۈ بىزنىڭ ئىلگىرىلەش يولىمىزنى يورۇتىدۇ.

زىياپەت ئاخىرلاشتى. بىز يەنە ئۆزىمىز كەلگەن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ قايتتۇق. سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فۇجۇتاۋ گېنېرال پولكوۋنىك ئۇنۋانى تاقىغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتوبۇستا يەنە

گېنېرال لېيتېنانتلارمۇ بار ئىدى. كۆپچىلىكىمىز گېنېرال مايور ئىدۇق. بىز ئىنتايىن خۇشال كەيپىيات ئىچىدە يىغىندا كۆرگەنلىرىمىزنى بىر - بىرىمىزگە سۆزلەپ قىزىق پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ مېھمانخانىغا قانداق كېلىپ قالغىنىمىزنى سەزمەيلا قاپتۇق.

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يىغىندىكىلەرگە 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۆلەت بايرىمى مۇراسىمىغا قاتنىشىسىلەر دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىندى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزلاردا تيەنئەنمېن مەيدانىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. بىز تيەنئەنمېن مەيدانىغا بارغاندىن كېيىن تيەنئەنمېننىڭ شەرق تەرىپىدىكى كۆرەڭ سۇپىسىدا بولدۇم. پۇتكۈل كۆزلەر تيەنئەنمېن راۋىقىغا تىكىلگەن بولۇپ، مەيدان ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. بىردىنلا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، ماۋجۇشى مەركەزدىكى باشقا رەھبەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خەلققە ئېھتىرام بىلدۈرگەچ راۋاق ئۈستىگە چىقىپ كەلدى. مەيداندا «ياشىسۇن ماۋجۇشى» دېگەن ياڭراق سادا پۈتكۈل يەر-جاھاننى لەرزىگە سالدى. مەيداندا رەڭگارەڭ مودېللار، ئىشچىلار، دېھقانلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە خەلق ئاممىسى رەت - رەت تىزىلغانىدى. ھەممىمىز سائىتىمىزگە بىردەم - بىردەم قاراپ قوياتتۇق. سائەت ئىستىرېلكىسى دەل ئوننى كۆرسىتىشى بىلەن يىغىن باشلانغانلىقى

ئېلان قىلىندى. ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ دۆلەت شېئىرىنى ئېيتتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن پارات باشلاندى. ئالدى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە، تانكا، برونېۋىك قىسىملىرى، زەمبىرەكچىلەر ھەيۋەت بىلەن پاراتتىن ئۆتتى. ئۇستىمىزدىكى كۆرسەتكۈچ شەكلىدە تىزىلغان ئايروپىلانلار شۇڭقاردەك ھەيۋەتلىك ئۇچۇپ ئۆتتى.

ھەربىي پاراتنى مارشال پېڭ دېخۇەي قوبۇل قىلدى. ئۇ ھەر بىر ئارمىيە تۇرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپ: «يولداشلار! جاپا چەككەنلەر!» دېيىشى بىلەن، كوماندىر، جەڭچىلەر: «خەلق ئۇچۇن ئىشلەيمىز» دەپ جاراڭلىق سادا بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ھەربىيلەر ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، نامايىشچىلار قوشۇنى رەتلىك تىزىلىپ تيەنئەنمېن راۋىقى ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئالدى بىلەن ئىشچىلار قوشۇنى ئۆتتى. ئۇلار بىر خىل كۆك ئاسما شىم، ئىشچىلار فورمىسى كىيىپ، بەش يىللىق سانائەت تەرەققىياتىدىكى ھەرخىل مودېللارنى كۆتۈرۈپ ئۆتتى. ئارقىدىنلا دېھقانلار قوشۇنى بېشىغا ئاق لۆڭگە باغلاپ، قاراشىم، يېنىدىن ئېتىدىغان ئاق كۆڭلەك كىيىپ، دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئالغان مودېللار ۋە چارۋىچىلىقنىڭ ھەرخىل مودېللىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئوقۇغۇچىلار رەتلىك فورمىلىرىنى كىيىشىپ، داقا - دۇمباقلارنى چېلىپ

ئۆتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن پۇقرالار ئۆزگىچە پاكىز
كىيىنىپ، قوللىرىدا كىچىك خەتلەر چۈشۈرۈلگەن
بايراقلارنى كۆتۈرۈپ، ھەرخىل تەنتەنىلىك ئالقىش
شوئارلىرىنى توۋلاپ ئۆتتى. كەچتە تيەنئەنمېن
مەيدانىغا ساليوت سەيلىسىگە باردۇق. رەڭگارەڭ
ساليوتلار كۆزلەرنى چاقنىتىپ، يۈرەكلەردىكى
ھېسلارنى ئۇرغۇتۇپ، ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەرنى ھاسىل
قىلىپ، پۈتۈن مەيداننى گويا كۈندۈزدەك
يورۇتۇۋەتتى. بۇ خۇشاللىق بايرام تەنتەنىسى سائەت
ئونغىچە داۋام قىلغان بولسىمۇ، ھېچكىمنىڭ مەيداندىن
كەتكۈسى يوق ئىدى. بىراق، ھەربىي ئىنتىزام
بولغانلىقتىن، سائەت ئوندىن ئۆتكەندە مېھمانخانىغا
قايتىپ كەتتۇق. ئۆزىمىزنى ئۇخلاشقا قانچىلىك زورلاپ
باققان بولساقمۇ، ئاشۇ گۈزەل كۆرۈنۈشلەر قەلبىمىزدە
ئوت بولۇپ يېنىپ تۇرماقتا ئىدى. ئەينى چاغدا
قەلبىمنى چەكسىز يورۇتقان، ماڭا ئېگىلمەس-
سۇنماس ئىرادە بېغىشلىغان، كوممۇنىستىك ئەدەب-
ئەخلاق بەخش ئەتكەن، مېنىڭدە ھاياتىمنى ۋەتەن، خەلق
ئۈچۈن بېغىشلاشتەك ئوتلۇق مۇھەببەتنى ئۇرغۇتقان،
مېنى يېڭى كۈرەش قوينىغا باشلاپ كىرگەن ئۇلۇغ
داھىيمىز ماۋجۇشىنىڭ ئوبرازى مەڭگۈ قەلبىمدە
ساقلىنىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا مەن ئەمدى ئوتتۇزبەش ياشقا
كىرگەن بولۇپ، ماۋجۇشى قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ

ئېيتقانده‌ك «يېڭى جۇڭگونىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر گېنېرالى» ئىدىم. ئۇ كەملەردە يۇرىكىم لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان بىر پارچە ئوت ئىدى.

## 5 - كورپۇسنىڭ تارىخىنى يېزىش ئىشخانىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى

1956 - يىلى ئەتىيازدا، ھەربىي قوشۇنلارنىڭ تارىخىنى يېزىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 5 - كورپۇسنىڭ تارىخىنى يېزىش مەسىلىسىدە، مەن زۇنۇن تېيىپوف بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھەربىي رايون قوماندانلىق شتابىدا بىر ئىشخانا قۇرۇشنى ئويلاشتۇق.

باشتا، تارىخ يېزىشقا قاتنىشىدىغان ئادەملەرنى ۋە خام ماتېرىياللارنى، يەنى بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلاش مەسىلىسى ئۈستىدە پىكىرلەشتۇق. ئۇ ئىشخانىغا تۇنجى قېتىم قېيۇم سابىر ھاجى، ئۆمەروف، ئوسمانوف رامىزان، ئەيسايوف، سىيتوف ئۆمەرجان، باسىت قاتارلىقلار يۆتكەپ كېلىندى. زۇنۇن تېيىپوف بىلەن ئىككىمىز بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولدۇق. ئالدى بىلەن بىرىنچى قول ماتېرىيال ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدا ھەر قايسى سەپتە ئۇرۇشقا قاتناشقان يولداشلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق،

ئاندىن ئىلى ئوبلاستى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسىدىكى ئۈچ ۋىلايەتكە ئائىت ئارخىپلارغا قاراپ چىققتۇق. ئىشنىڭ بېشىدىلا خېلى كۆپ بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلىدۇق. 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەن مەركىزىي ماركسىزم - لېنىنىزم مەكتىپىگە ئوقۇشقا بارىدىغان بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ئىشقا زۇنۇن تېيىپوف مەسئۇل بولۇپ قالدى.

## مەركىزىي ماركسىزم - لېنىنىزم مەكتىپىگە ئوقۇشقا بېرىش

1956 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، مەركىزىي ماركسىزم- لېنىنىزم مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپىنىڭ2- قارارىدا ئوقۇش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ھەربىي رايوندىن مەن، يۈسۈپ مەمەتجان، مەخمىتوف ئابدۇكېرىم، بايچوروفلار باردۇق. شىنجاڭ سىنىپىغا بارىدىغان ھەربىي، يەرلىك كادىرلار بولۇپ جەمئىي ئوتتۇز نەچچە كىشى يولغا چىقىش ئۈچۈن ئۈچ تاشقا يىغىلدۇق. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە سەيپۇللايوف (ئۇ ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىدى) قاتارلىقلار بار بولۇپ ، .بىز ئىككى

چوڭ ئاپتوموبىلغا يوتقان - كۆرپىلىرىمىزنى ئورۇنلاشتۇردۇق. بىزنى بالا - چاقىلىرىمىز ۋە تەشكىل ئۇزىتىپ قويدى. سەيپۇللايوف بىلەن ئابلا زاكىرلار پىكاپ بىلەن يولغا چىقتى. ئەسلىدە بۇ پىكاپنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى گەنسۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە بەرمەكچىكەن. بىز ئۇرۇمچىدىن چىقىپ قۇمۇلدا بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى شىڭشىڭشياغا يېتىپ باردۇق. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى خېلىلا سالقىن ئىكەن، شۇڭا تاڭغا يېقىن ھەممىمىز توڭلاپ كېتىپ ماشىنىدىكى ئورۇن - كۆرپىلىرىمىزنى ئېلىپ چۈشۈپ يېپىنىۋالدۇق. ئەتىسى مەن، ئەنۋەر سالىجان ئىككىمىز سەيپۇللايوف، زاكىروفلار ئولتۇرغان پىكاپقا چىقىۋالدۇق. پىكاپنى شوپۇر بىلەن ئىككىمىز نۆۋەتلىشىپ ھەيدىدۇق. جاڭيېغا بارغاندا باشقىلار پويىزغا ئالماشتى، بىز يەنىلا پىكاپ بىلەن يول يۈرۈپ ۋۇساۋلىڭغا ئىچكىرىلەپ كىردۇق. بۇ جاينىڭ مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەل ئىكەن. ياپيېشىل چۆپلۈك، تاغ باغرى قارىغايلىق بولۇپ ، ئۆزىمىزنى خۇددى تەلكە تاغلىرىدا كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدۇق. شۇ تەرىقىدە يول بويى مەنزىرە تاماشا قىلغاچ مېڭىپ پويىزدىن ئۈچ سائەت بۇرۇنلەنجۇغاساق- سالامەت يېتىپ باردۇق. شوپۇر پىكاپنى گەنسۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن

كەتتى. بىز لەنجۇدا بىر ئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن پويىزغا ئولتۇرۇپ شىئەنگە قاراپ يولغا چىققتۇق. شىئەندە بىزنى شەنشى ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ باش كاتىپى ژوگزالغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. شىئەندىن پويىز بىلەن بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بېيجىڭغا يېتىپ باردۇق. پويىز ناھايىتى ئاستا سۈرئەت بىلەن بېيجىڭ ژوگزالىغا كىردى. ئالدىمىزغا مەكتەپتىن بىر كادىر ئاپتوبۇس ئېلىپ چىققانىكەن. بىز يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ئاپتوبۇسقا بېسىپ مەكتەپكە كەلدۇق. مەكتەپتە ھېچقانداق قەۋەتلىك بىنا يوق بولۇپ، شىنجاڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار قاتار سېلىنغان بىر قەۋەتلىك بىنالارغا بىر ئېغىز ئۆيگە ئۈچ كىشىدىن ئورۇنلاشتۇق. قىشتا ياتاققا چۆيۈن مەش قويۇلغان بولۇپ، كىچىك باللار ئوت يېقىپ، كۆلنى تازىلاپ تۇرىدىكەن. ئۇلار ھەر كۈنى كەچتە مەشكە كۆمۈرنى بولۇشىغا سېلىپ قوياتتى. ياتاق ئىسسىمىغانلىقتىن يوتقانغا كىرگەندىن كېيىنمۇ مۇزلايتتۇق، بولۇپمۇ سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ مەشنىڭ كۆلىنى ئالغاندا پۈتۈن ياتاقنىڭ ئىچى كۆل بولۇپ كېتەتتى. مەكتەپتە مۇنچا يوق، پەقەت بىرلا يۈز يۇيۇش ئۆيى بار ئىدى. ئەتىگەندە لۆڭگە، سوپۇنلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ ئۆچىرەتتە تۇرۇپ يۈز يۇياتتۇق. قىسقىسى، 1956 ـ يىلى بىز ئوقۇغان ۋاقىتتا مەكتەپنىڭ تۇرمۇش شارائىتى بەكمۇ ناچار

ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىمىزنىڭ مەركىزىي
ماركسىزم - لېنىنىزم مەكتىپىگە كېلىپ
ئوقۇغىنىمىزغا بەكمۇ خۇشال ئىدۇق، كۆزىمىزگە
ھېچقانداق قىيىنچىلىق كۆرۈنمەيتتى. بىز مەكتەپكە
بېرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، بىزگە ئوقۇتقۇچىلاردىن
لۇلىڭ (ئايال)، ۋاڭ چۇڭچۇڭلار مەسئۇل بولدى.
ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى مەكتەپ مەسئۇللىرىنىڭ
ئىشخانىلىرى جايلاشقان، چىرايلىق گۈللەر ئېچىلىپ
تۇرغان، بۈك- باراقسان دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان
ئىنتايىن چىرايلىق بىر قورۇدا ئۆتكۈزۈلدى. ئۇ يەردە
شىنجاڭ سىنىپىدىن باشقا يەنە خەنزۇلار سىنىپلىرىمۇ
بار ئىدى. ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا مەكتەپ مۇدىرى
ياڭ شەنجېن سۆز قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن
قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئوقۇغۇچىلاردىن
ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ
تىرىشىپ ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلدى. ياتاققا قايتىپ
بارغاندىن كېيىن، بىز شىنجاڭ سىنىپى پارتىيە ياچېيكا
ھەيئەتلىرىنى سايلاپ چىقىش ئۈچۈن پارتىيە ئەزالىرى
يىغىنى ئاچتۇق، يىغىندا يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان
پارتىيە ياچېيكىسى سايلاپ چىقىلدى. سەيپۇللايوف
ياچېيكا شۇجىسى، ئابلا زاكىر، مەمتىمىن
خەلپەتھاجى، توختى ئەلىموف، موقات ئابلايوف ۋە مەن
ياچېيكا ھەيئىتى بولدۇق. سەيپۇللايوف ئومۇمىي

خىزمەتلەرگە، مەتىمىن خەلپەتھاجى تۇرمۇش
ئىشلىرىغا، ئابلا زاكىر تەشكىلىي ئىشلارغا، مەن
ئۆگىنىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدۇم. ياچېيكا
قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرى
ئايرىلدى. مەن 3 - گۇرۇپپىغا بۆلۇندۇم. ياقۇپبەگ،
مەتىمىن يۇسۇپ ئۇچىمىز بىر ياتاقتا ئورۇنلاشتۇق.
ئىككى كۇن تەييارلىقتىن كېيىن رەسمىي دەرس
باشلاندى. بىرىنچى دەرس مۇدىر ياڭ شەنجېنىڭ
تارىخىي ماتېرىيالىزم ھەققىدىكى دوكلاتى بولدى.
مېرھۇم تۇردۇش بىلەن مەرھۇم رەقىپ تەرجىمان
ئىدى. ئۇلارنىڭ تەرجىمە سەۋىيىسى ناھايىتى يۇقىرى
بولۇپ، ئازراقمۇ قالدۇرماي، تولۇق، چۇشىنىشلىك،
ئېنىق تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى ۋە ئۇيغۇرچە كانسىپېك
تۇزۇپ بېسىپ بېرەتتى. تۇردۇشنىڭ ئايالى خاسىيەت
كانسىپېك تارقىتاتتى. 1956 - يىلى بېيجىڭدانەرسە-
كېرەكلەر ناھايىتى ئەرزان، يېمەك - ئىچمەك ئىنتايىن
مول ئىدى، جەمئىيەت تەرتىپى ئادەمنى خۇرسەن
قىلاتتى. كىچىكلەر چوڭلارنى قالتىس ھۆرمەت
قىلاتتى، ئاپتوبۇس، ترامۋايلارغا چىقساق ياشلار
دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئورۇن بوشىتىپ بېرەتتى.
بېيجىڭلىقلار ئىنتايىن ئەدەب - ئەخلاقلىق بولۇپ،
قائىدە- يوسۇنغا بەك دىققەت قىلىدىكەن. بەزىدە
يەكشەنبە كۇنلىرى ۋاڭفۇجىڭ، دوڭنەيسۇڭغا بېرىپ

ساماۋار شورپىسى ئىچەتتۇق. بەزى يەكشەنبىلەردە
مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىدىكى ئارتىس
يولداشلار بىلەن بىرلىكتە شاڭسەنگە چىقىپ كۆڭۈل
ئېچىپ كېلەتتۇق. مەكتەپتە بىزگە ياڭ شەنجېن، سۇڭ
دىڭگو، ئەي سىچى قاتارلىق ئاتاقلىق پەيلاسوپلار دەرس
ئۆتەتتى. ئوقۇش جەريانىدا بىزنىڭ ماركسىزم -
لېنىنىزملىق سەۋىيىمىز كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۆستى.
قىش كېتىپ 1957 - يىلى يازمۇ يېتىپ كەلدى.
مەكتەپتە ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى
بولىدىكەن، دېگەن مىش - مىش گەپ تارقىلىپ كەتتى.
ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مەركەز ئوڭچىللىققا قارشى
تۇرايلى، كەڭ ئېچىلىپ، كەڭ سايرايلى دېگەن شوئارنى
ئوتتۇرىغا قويدى. شىنجاڭ سىنىپىمۇ بۇنىڭدىن
مۇستەسنا قالمىدى. يولداشلار ئېچىلىپ - سايراشقا
باشلىدۇق. چوڭ خەتلىك تام گېزىتىمۇ يامراپ كەتتى.
ئۇنىڭ ئىچىدە راستلىرىمۇ، يالغانلىرىمۇ بار ئىدى.
سايرىغاندا بەزىلەر كۆڭلىدىكى گېپىنى ئېيتسا،
باشقىلار ئۇنىڭ كوكۇلىسىغا ئېسىلىۋېلىپ پرىنسىپقا
كۆتۈرۈپ تەنقىد قىلىدىغان ئىشلارمۇ بولدى. ئەسلى
1957 - يىل 7 - ئايدا تاماملىنىدىغان ئوقۇش
ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى باشلىنىپ
كەتكەنلىكتىن 11 - ئايغا سوزۇلۇپ كەتتى. بىز 1957-
يىل 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ

كەلسەك ئوڭچىلللىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇ كۈنلەردە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى زالىدا پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلىۋاتقانىكەن. پارتىيە مەكتىپىدىن قايتىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى شۇ يىغىنغا قاتناشتۇرۇلدى. شۇ قېتىمقى يىغىن 1958 - يىل5- ئايغىچە داۋاملاشتى. ئۇ يىغىن بىر تارىخ بولۇپلا قالدى، خالاس.

# ئۇنتۇلماس 24- دېكابىر

1958- يىلى 23 - دېكابىر كۈنى بىز گۇرۇپپا يىغىنى ئېچىۋاتاتتۇق. بىرسى يۈگۈرۈپ كىرىپ: «خۇش خەۋەر، ئەتە ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى يىغىندىكى بارلىق يولداشلارنى قوبۇل قىلىدىكەن» دېدى. ھەممىمىز ئىنتايىن خۇشال بولدۇق. كەچتە پاكىز يۇيۇنۇپ، چاچ- ساقىلىمىزنى ياساتتۇق. ھەممە ئادەم دېگۈدەك ھاياجىنىنى باسالماي كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى. بىزگە ۋاقىت خۇددى بىر ئىزىدا توختاپ قالغاندەك بىلىنىپ كەتتى. مىخبىر تەسلىكتە تاڭ ئاتقۇزۇپ ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن ئون مىنۇت

ئۆتكەندە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ گۇاڭجۇ ھەربىي رايونىنىڭ چوڭ قورۇسىغا باردۇق. قورۇغا بىرنەچچە قۇر ئورۇندۇق قاتار تىزىپ قويۇلغانىكەن. بىز يېتەكچىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئۆز ئورنىمىزدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردۇق. مەن ئالدىنقى قاتارنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇردۇم، ئوڭ تەرىپىمدە شىمالىي دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، سول تەرىپىمدە بولسا شيۇڭ خۇاڭ ئولتۇردى. ئادەم كۆپ بولغاچقا، ئىككىنچى، ئۈچىنچى رەتتىكىلەر ئۆرە تۇردى. ھەممىمىز ماۋجۇشىنىڭ چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدۇق. دەل سائەت ئون بولغاندا ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى تاۋجۇ ۋە گۇاڭجۇ ھەربىي رايونى باشلىقلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قورۇغا كىرىپ كەلدى. ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى بىلەن ماۋجۇشىنى قارشى ئالدۇق. شۇ كۈنى گۇاڭجۇنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، ئاسماندا ئالىقانچىلىك بولۇت كۆرۈنمەيتتى. ماۋجۇشى چاۋاك چالغاچ كېلىپ بىرىنچى رەتتە ئولتۇرغانلار بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەندە شيۇڭ خۇاڭ: «جۇشى، بۇ بىزنىڭ شىنجاڭ ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ساۋدانوف، مىللىتى ئۇيغۇر» دەپ تونۇشتۇردى.

ماۋجۇشى قولۇمنى قىسىپ كۆلۈپ تۇرۇپ مېنى «يېڭى جۇڭگونىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر گېنېرالى» دېدى. مەن دەرھال ھاياجان بىلەن: «ماۋجۇشى، شىنجاڭ خەلقى سىزنى سېغىنىدۇ» دېسەم، ماۋجۇشى: «ھە، شىنجاڭ ياخشى يەر» دەپ باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈشنى داۋاملاشتۇردى. مانا بۇ 24- دېكابىر مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئۇنتۇلماس ۋە قىممەتلىك تارىخىي بىر كۈن بولۇپ قالدى.

## ئەسكەرلىك تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرۈش

1959- يىل 5 - ئاي ئىدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىدا ھەربىي تەلىم دولقۇنى قىزىپ كەتكەنىدى. مۇشۇ مەزگىلدە، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ئارمىيىدىكى گېنېراللارنىڭ نۆۋەت بىلەن لىيەندۇيگە چۈشۈپ، بىر ئاي ئەسكەر بولۇپ جەڭچىلەر بىلەن «بەشتە بىرگە بولۇش»ى يەنى بىللە يېتىش، بىللە تاماقلىنىش، بىللە ئەمگەك قىلىش، بىللە ئۆگىنىش، بىللە مەشق قىلىشى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. بۇ، كادىرلارنى ھىمايە قىلىش، ئەسكەرلەرگە كۆيۈنۈش

بويىچە تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى، شۇنداقلا ئارمىيىمىزنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش، قىسىملارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئۇنۇملۇك تەدبىر ئىدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى ئۇقتۇرۇشنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇش ئۈچۈن، بىرىنچى تۈركۈمدە لىيەندۈيگە چۈشۈپ جەڭچى بولىدىغان گېنېراللارنى مۇزاكىرە قىلدى.

بۇ يىغىندا گېنېرال گوپىڭ 4- دۈيزىيىگە باراي دېيىشىگە، سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گېنېرال شيۇڭ خۇاڭ مەنمۇ 4- دۈيزىيىگە باراي دېدى. مەن ئالتاي ئاتلىق پولكقا باراي دېدىم. بىزنىڭ پىكرىمىز ماقۇللاندى. يىغىندىن كېيىن بىز تۈۋەنگە چۈشۈشنىڭ جىددىي تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلدۇق.

1959 - يىل 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. تۆت ئەتراپىنى تاغ ئوراپ تۇرغان ئالتاي سارسۈمبىنىڭ ساپ ھاۋاسى ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى. تاغلاردىكى بۈك - باراقسان قارىغايلار ۋە قىران دەرياسىنىڭ بويىدىكى مەجنۇن تاللارنىڭ نوتا چىقارغان بۈرگۈنلىرىنى كۆرگەندە ئادەمنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ كېتەتتى. ئالتاي ئاتلىق پولكى دەل مۇشۇ قىران دەرياسىنىڭ بويىدىكى لاگېر دېگەن جايغا جايلاشقانىدى. مەن ئالدى بىلەن ئالتاي شۆبە ھەربىي رايونىغا بېرىپ

ئۆلاردىن جەڭچى كىيىمىدىن بىر قۇر، تاقايدىغان بەلگە ۋە يوتقان- كۆرپە قاتارلىق بىر يۈرۈش لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ئالدىم. گېنېراللىق كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ جەڭچىلىك كىيىملەرنى كىيدىم. ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئالتاي شۆبە ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى يۈنۈسوف خەسەن مېنى پولك جايلاشقان ئورۇنغا باشلاپ باردى. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا جەڭچى، كادىرلار رەتلىك تىزىلىپ قىزغىن چاۋاك چېلىپ مەن پېشقەدەم جەڭچىنى قارشى ئالدى. ھەر مىللەت جەڭچىلىرىنىڭ مېھىر-مۇھەببەتكە تولغان ئوتلۇق ھۆرمىتى ۋۇجۇدۇمدا بىر جەڭگىۋار جەڭچىگە خاس ھاياجان، غەيرەت- شىجائەت پەيدا قىلدى. شۇ چاغدا ھەر يىلى يېڭى ئەسكەرلەر قىسىم قويىنىغا كەلگەندە داغدۇغىلىق قارشى ئېلىنغان مەنزىرە كۆز ئالدىمدا نامايان بولاتتى. مەن 2 - لىيەننىڭ 1 - پەي 1 - بەنگە تەقسىم قىلىندىم. پەيجاڭ نوغمار مېنى پەيدىكى جەڭچىلەرگە تونۇشتۇردى. شۇ كۈنى لىيەن بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىلدى. «بۇ يېڭى جەڭچى» دەپ گەپ باشلىدى لىيەنجاڭ، — شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، گېنېرال، پېشقەدەم باشلىقىمىز يولداش ساۋدانوف. ئۇ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، بىزنىڭ لىيەنىمىزگە ئەسكەر بولۇپ چۈشتى. ئوفىتسېر،

ئەسكەرلىرىمىز بۇ كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالالايدۇ، — ئۇ مېنى ناھايىتى قىزىپ تونۇشتۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ مېنى ھەددىدىن ئارتۇق ماختىشىنى پەملەپ يەتتىم - دە، ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا تەكەللۇپسىز گەپ باشلىدىم: «مەن لىيەندۇيگە ئوفىتسېر، ئەسكەرلەردىن ئۆگىنىش، جەڭچىلىك تۇرمۇشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلدىم. مەن بۇلارنى ياش ۋاقتىمدا باشتىن كەچۈرگەن بولسامۇ، ئەمدى قىرىق ياشلارغا بارغاندا جەڭچىلىك تۇرمۇشنى يەنە بىر قېتىم باشتىن كەچۈرۈش، ئۆزۈمنى چېنىقتۇرۇش، ئىرادەمنى تاۋلاش ئۈچۈن كەلدىم. سىلەرنىڭ مېنى پېشقەدەم جەڭچى دېمەي، يېڭى سەپداش دەپ قاراپ، ماڭا يېقىندىن ياردەم بېرىشىڭلارنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. . .» تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئاخىرلاشتى. لىيەنجاڭنىڭ كوماندىسى بىلەن تەڭ پەي، بەنلەر ئۆز رېتى بويىچە تارقىلىپ مەشغۇلات باشلىدى. مەنمۇ ئاشۇ جەڭگىۋار سەپنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە تۇنجى مەشغۇلاتنى باشلىۋەتتىم.

دۇنيادىكى گۈللەر ھەرخىل بولىدۇ. بەزىلىرى خۇش پۇراق چاچسا، بەزىلىرى بەدبۇي چاچىدۇ، بەزىلىرى پۇراقسىز بولىدۇ. خۇش پۇراقلىق گۈللەرگە كىشىلەر ئامراق كېلىدۇ، ھەتتا ئۇنى چېكىلىرىگە قىسىۋالىدۇ. ئادەملەر توپىمۇ ھەر خىل ئادەملەردىن

تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىمۇ،
ناچارلىرىمۇ بولىدۇ. بەزىلەر پانىي ئالەمدىن باقىي
ئالەمگە كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ نامى مەڭگۈ
ساقلىنىدۇ. ياخشىلارنى مەدھىيىلەش، ناچارلارنى
ئەيىبلەش ئەلۋەتتە تارىختىن بېرى تەكرارلىنىپ
كېلىۋاتقان بىر ئىش. ھايۋانلارنىڭمۇ كارامەت
قىلىقلىرى بولىدۇ. جەڭچىلىك تۇرمۇشىنىڭ تۇنجى
قەدىمى تاشلانغان كۈنىلا ماڭا بىر تال مىلتىق، ئاتمىش
پاي ئوق، پاترون ۋە بىر بوز ئات بېرىلدى.
قائىدە-تۈزۈمگە ئاساسەن، ئاتلار پەي بويىچە ئاپىرىپ
سۇغىرىلاتتى. ئاتخانىدىكى نۆۋەتچىلەر ئاتلارغا چۆپ
سېلىش، يەم بېرىش، ئېغىلنى تازىلاش قاتارلىق
ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلاتتى. ھەر بىر جەڭچى ئۆزىنىڭ
ئېتىنى ئۆزى ئاسراپ تاراپ تازىلايتتى. گەرچە بۇ
ئىشلار ئاددىي ئىش بولسىمۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك
ئوفىتسېر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنى رازىمەنلىك بىلەن
كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنداش ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى.
بۇ گەرچە كىچىك ئىش بولسىمۇ، لېكىن
ئارمىيىمىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى نامايان قىلىپ
بېرەتتى. مېنىڭ بۇ ئەسلىمەمدە بۇ ئىشلارنى ئالاھىدە
تىلغا ئېلىشىنىڭمۇ قاراتمىلىقى دەل مۇشۇ يەردە،
ئەلۋەتتە.

ماڭا بېرىلگەن بوز ئاتقا كەلسەك، بۇ ئاتنىڭ

ئادەمنى قىزىقتۇرغۇدەك ئۆزگىچىلىكى بار ئىدى. ليەنجاڭ ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى ماڭا تەڭلەپ تۇرۇپ، ئاتنىڭ تارىخى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى تونۇشتۇردى:

— بۇ بوز ئات ئەينى ۋاقىتتا باندىت ئوسماننىڭ ئوغلى شەرىمان مىنگەن ئات بولۇپ، باندىت تازىلاشتا بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشكەن. شۇڭا بۇ ئاتنى پولك باشلىقلىرى بىزنىڭ ليەنگە بەرگەن. بۇ ئاتنىڭ نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلىرى بار. تاغقا چىقىشتا ھەر قانداق ئات ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدۇ. يۇقىرىغا ئۆرلەپ ماڭغاندا ئۇ خۇددى تۈز يەردە ماڭغاندەكلا ئىتتىك ماڭىدۇ، زادىلا مۇدىرمەيدۇ. يول ئۈستىدە بىر نەرسە تۇيۇقسىز ئۇچراپ قالسىمۇ ھەرگىز ئۈركۈمەيدۇ، قارىغاندا يۈرىكى چوڭ بولسا كېرەك، ياندىن، ئارقىدىن كەلسىڭىزمۇ تىنچ تۇرىدۇ. چېپىشىنىڭ سىلىقلىقىدىن ئادەم ئۆزىنى راھەت ھېس قىلىدۇ. تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلاپ مەندە بۇ ئاتقا نىسبەتەن دەرھال قىزىقىش پەيدا بولدى. مېنىڭ چارۋىچىلىق بىلىملىرىدىن ئاز-تولا خەۋىرىم بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئاتقا تازا سىنچىلاپ قاراپ چىقتىم. بۇ ئالتاينىڭ يەرلىك ئېتى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق نەسىللىك ئاتنىڭ قېنى يوق ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى ئادەتتىكى يەرلىك ئاتلارغا زور دەرىجىدە ئوخشىمايتتى. بۇ ئاتنىڭ باش سۆڭىكى قۇرۇق ھەم يەڭگىل بولۇپ، ئانچە يوغان

ئەمەس ئىدى. ئۇ قۇلىقىنى خۇددى ئەرەب ئاتلىرىغا ئوخشاش دائىم تىك تۇتاتتى. مېنىڭ بىر ئىشقا تۇتۇش قىلسام ئۇنى باشقا ئېلىپ چىقمىغۇچە بولدى قىلمايدىغان مىجەزىم بار. شۇڭا، بۇ ئاتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۇستىدىمۇ ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. ئۆلچەپ كۆرسەم، بۇ ئاتنىڭ كۆكرەك قىسمى باشقا ئاتلارنىڭكىدىن ئون نەچچە سانتىمېتىر كەڭ ئىكەن. مانا بۇنىڭدىن ئۆپكە قاناتلىرىنىڭمۇ يوغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولاتتى. بۇرۇن تۆشۈكى چوڭ بولۇپ، بەھۇزۇر نەپەس ئالاتتى. شۇڭا، ئېگىزگە چىقىشتا ھېچقانداق ھاۋا يېتىشمەسلىك مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئاتنىڭ ئېگىزلىكى بىريۈزئەللىك يەتتە سانتىمېتىر كېلەتتى. ئالدى پۇتى خۇددى پىلنىڭ پۇتىدەك زەپەردەس، تۇياقلىرى دۈپدۈگىلەك ئىدى. ئۇنىڭ چىچەنلىكى جەڭگاھقا كىرىشكە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان ئەزىمەتلەرنى ئەسلىتەتتى.

مەن ئۇ بوز ئاتنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدىم. كۈندە دېگۈدەك ئۇنىڭ باش- كۆزىنى سىلاپ، دۈمبە- قورساقلىرىنى تاراپ بەردىم. بىر كۈنى مەشقتىن چۈشكەندىن كېيىن، بىز ئون نەچچە جەڭچى ھەرقايسىمىز ئۆز ئاتلىرىمىزنى مىنىپ گازارما يېنىدىكى تاغقا ئات چاپتۇرۇپ، ئاتلىرىمىزنى سىناپ

كۆرمەكچى بولدۇق. مېنىڭ بوز ئېتىم ھەممىسىنىڭ ئالدىدا ئۇچقاندەك چېپىپ، باشقا ئاتلارنى خېلى ئارقىدا قالدۇردى. تاغقا چىققاندا تىزگىنىنى قويۇپ بەرگەنىدىم. ئات ئىختىيارىي ھالدا كارامەت يورغىلىدى. مەن بۇرۇن نۇرغۇن ئاتنى مىنىپ جىلغىلارنى كېزىپ، تاغلارغا چىققان، بىراق تاغقا چىقىشتا مۇنداق يۇگۇرۇشلۇك ئاتنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. ئالتاينىڭ يەرلىك ئاتلىرى ئېچىدە بۇنداق ئات ئىنتايىن ئاز ئۇچرايتتى.

گازارما ئادەمگە ئاجايىپ جەڭگىۋار روھ ۋە جاسارەت بېغىشلايدۇ. ھەربىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىۋاتقان كوماندىر، جەڭچىلەر كىشىگە شۇنداق سۆيۈملۈك، مەردانە، باتۇر كۆرۈنىدۇ. بىر بەزىدە ئات ئۈستىدە قىلىچ، نەيزە ئوينىتىشنى مەشق قىلساق، بەزىدە ئاتنى چاپتۇرۇپ ئاتنىڭ دالدىسىدا قارىغا ئېتىشنى مەشق قىلاتتۇق. بەزى بەنلەر ئىستروي مەشقى ئىشلىسە، بەزى بەنلەر يالاڭ تورنىك، قوش تورنىكنى مەشق قىلاتتى، يەنە بەزىلەر قارىغا ئېتىشنى مەشق قىلاتتى. قىسقىسى، گازارما ناھايىتى جانلىنىپ كەتكەن بولۇپ، «ئۇررا»، «بىر - ئىككى - ئۈچ» دېگەن جاراڭلىق كوماندا ساداسى بىلەن قاپلانغانىدى. ئەسكەرنى مىڭ كۈن بېقىپ بىر كۈن جەڭگە سال، دېگەن گەپ بار. جاپاغا چىداپ قاتتىق مەشق قىلىپ

ماھارەتنى پۇختا ئىگىلەش — بۇرۇن قىسىملىرىمىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى بولغان بولسا، ھازىرمۇ ئاساسلىق ۋەزىپە قىلىنماقتا. مەن چۈشكەن لىيەندۈينىڭ شۇ چاغدىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى تولۇق تەلىم- تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئىدى.

بىر كۈنى تاڭ سەھەر ئورۇندىن تۇرۇش سىگنالى چېلىنىپ، بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە سەپكە تىزىلىپ پەيجاڭنىڭ كوماندىسى بىلەن يۈگۈرۈشكە باشلىدۇق. ئۇزۇنغا بارمايلا يۈرىكىم قاتتىق سىلىپ، ھاسىراپ- ھۆمىدەپ سەپتىن چۈشۈپ قالدىم. ئىستروي مەشقىدىمۇ پۇت- قولۇم تازا قولۇشۇپ كەتمىدى. كېرەك يوق، دېدى پەيجاڭ كەچۈرۈم قىلىپ. ئەمما، مەن بەك خىجىل بولدۇم. ياش جەڭچىلەرنىڭ كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇنلۇقلۇقىغا قايىل بولدۇم. تەنتەربىيە جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىمنى تېخنىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىم بىلەن تولۇقلاپ باردىم. خېلى كۆپ جەڭچى قارىغا ئېتىشنىڭ قانۇنىيىتىنى تازا بىلىپ كەتمەيدىكەن. ئۇلار ئېتىش ھەرىكىتى مەشقىنى ئۆلۈك ھالدىلا ئىشلەيدىكەن. مەن ئۇلارغا قارىغا ئېلىشتا ئىگىلەشكە تېگىشلىك قائىدىلەرنى، پرىنسىپ، مۇشكا بىلەن نىشاننىڭ بىر سىزىقتا بولۇشى لازىملىقى، تەپكە بېسىش، ئوقنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ھاسىل قىلىدىغان تراييكتورىيىسى، يەر تۈزۈلۈشى، شامال كۈچىنىڭ

ئوقنىڭ دەل تېگىشىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە ئۇنى تۈزىتىش، ئاددىي كاشىلىلارنى ئوڭشاش قاتارلىقلارنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قارىغا دەل تەككۈزۈشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ياردەم بەردىم.

ھەربىي تەنتەربىيە بەدەن چېنىقتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى. بىر كۈنى بەنلەر بويىچە تورنىكقا چىقىش ھەرىكىتىنى مەشىق قىلدۇق. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە، يالاڭ تورنىكقا ئېسىلغان بولساممۇ ئۈستىگە چىقالمىدىم. بىرسى سېمىزلىكىم پۇتلىكاشاڭ بولسا، يەنە بىرسى ئۇزۇندىن بۇيان تورنىك ھەرىكىتى ئوينىمىغانلىقىمدىن بولدى. ئارقىدىنلا قوش تورنىك ھەرىكىتىنى مەشىق قىلدۇق. بۇنىڭدا ئانچە قىينالمايلا بىرىنچى ھەرىكەتنى ئەپچىللىك بىلەن ئورۇندىۋەتتىم. جەڭچىلەر: ياخشى، ياخشى، ناھايىتى ياخشى ئوينىدىڭىز، دەپ ئىلھاملاندۇردى. مەن: ئانچە ياخشى دېگىلى بولمايدۇ. تېخى ھەرىكىتىم ئاستا، قىياپىتىم دېگەندەك تۈز ئەمەس. مەن ئارمىيىمىزدىكى ھەر بىر خادىم — مەيلى جەڭچى، مەيلى گېنېرال بولسۇن، ئاساسىي مەشقنى جەزمەن بىلىشى كېرەك دەپ ھېسابلايمەن دېدىم.

پەيدىكلەر مېنى ئاياپ پوستتا تۇرغۇزماي كەلگەنىدى. بىر كۈنى كېچىلىك پوستتا تۇرۇشقا بەل باغلاپ، پەيجاڭدىن مېنى كېچىلىك پوستقا

ئورۇنلاشتۇرۇلۇڭ، دەپ تەلەپ قىلدىم.

— بولمايدۇ، — دېدى. پەيجاڭ تەلىپىمنى رەت قىلىپ، سىزنىڭ يېشىڭىز چوڭ، كېچىدە شامالداپ ئاغرىپ قالسىڭىز بولمايدۇ.

— كۆڭلۈڭلارنى چۈشىنىمەن، ئەمما مەن ھازىر بىر جەڭچى، شۇڭا جەڭچىلەرگە ئوخشاش پوستتا تۇرۇشۇم كېرەك، — دەپ چىڭ تۇرۇۋالدىم.

— باشلىق، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى يەنە پەيجاڭ. مەن: ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ بىر قېتىم رۇخسەت قىلىڭلار، يېشىم چوڭ بولسىمۇ، كېچىدە يالغۇز پوست تۇرۇشنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرەي. ئەينى چاغدىكى ئۇرۇش مەزگىلىدە تالاي قېتىم پوستتا تۇرغان، لېكىن ئۇ ياش ۋاقىتلاردىكى ئىشلار ئىدى. بۇ نۆۋەت بىر قېتىم رۇخسەت قىلىشىڭلارنى يەنە بىر قېتىم ئۆتۈنىمەن، دېدىم تەلىپىمنى تەكرارلاپ.

— بولىدۇ، بىرئازدىن كېيىنخەۋىرىنىبېرەي دېدى پەيجاڭ سەل ئىككىلىنىپراق.

تەلىپىم ئەمەلگە ئاشتى. شۇ كۈنى يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا، پوست ئالماشتۇرىدىغان دىجورنى مېنى ئويغىتىپ: پوستقا چىقىش نۆۋىتى سىزگە كەلدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن پوستلارنى ئالماشتۇرىمەن، تەييارلىنىپ تۇرۇڭ، دېدى.

«خوپ» دېدىم ـ دە، كىيىملىرىمنى كىيىپ،

پاتروننى بىلمگه باغلاپ مىلتىقنى ئېلىپ تەق بولۇپ تۇردۇم. ئانچه ئۇزۇن ئۆتمەي دىجورنى كەلدى ـ دە، باش- ئايغىمغا قاراپ قويۇپ، «يۈرۈك» دېدى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. ئۇ مېنى تاغ باغرىدىكى قورال ئىسكىلاتىغا ئاپاردى. پوستتىكى جەڭچى ئۆز ئورنىنىڭ دائىرىسىنى، پوستتا تۇرۇش جەريانىدا ھېچقانداق ئەھۋال يۈز بەرمىگەنلىكىنى دوكلات قىلىپ پوستتىن چۈشتى. مەن ئۇنىڭ ئورنىغا ئالماشتىم.

ئەتراپ قاراڭغۇ، جىمجىت بولۇپ، ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. پەقەت يىراقلاردىن ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئارىلاپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. جاھاننى تاڭ سۈزۈلۈش ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتكەندى. مەن ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇپ، ئەتراپقا نەزەر سالغاچ، تىۋىشلارغا زەن سېلىپ پۈتۈن دىققىتىم بىلەن تىڭشايتتىم. شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىزلا بىر نەرسىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇنىڭدىن تېنىم «جۇغ» قىلىپ كەتتى- دە، ئۆزۈممۇ بىر ئاز جىددىيلىشىپ قالدىم. كۆڭلۈمدە ئاۋۋال پارول سوراي، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسە، ئوق چىقىراي دەپ ئويلاپ مىلتىقنى بەتلەپ تۇردۇم. شىلدىرلىغان ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاشقا باشلىدى. مەن دەرھال «كىم؟» دەپ ۋارقىرىدىم. ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى. شۇ چاغدا يېنىمدىن يوغان بىر ياۋا مۈشۈك «مياۋ»

دىگىنىچە ئۆتۈپ كەتتى. ھودۇققىنىمدىن ئوق چىقىرىشقا تاسلا قالدىم. تاڭ ئاتتى، ۋاقتىمۇ توشتى، پوستنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ياتاققا بارغاندا بۇ ۋەقەنى بەنجاڭ بىلەن پەيجاڭغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈپ قېتىپ قېلىشتى. پەيجاڭ سىزنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، ئىككى نەپەر جەڭچىنى سىز كۆرمەيدىغان يېقىن يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدۇق دېدى. نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلدىڭلار؟ دەپ سورىسام پەيجاڭ:

— سىز كېچىدە پوست تۇرىمەن دەپ تۇرۇۋالغان-دىن كېيىن، بىز شۆبە ھەربىي رايونغا تېلېفون بېرىپ باشلىقلاردىن يوليورۇق سورىغانىدۇق. ئۇلار بىزگە:

— رۇخسەت قىلىڭلار، ئەمما گېنېرال ساۋدانوفنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىڭلار، دەپ يوليورۇق بەرگەنىدى، دېدى.

ساۋاتسىز ئادەمنى كۆزى ئوچۇق قارىغۇ دېسە ئارتۇق كەتمەس. ئەينى چاغدىكى جەڭچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن كەلگەن بولغاچقا، مەن جەڭچى بولۇپ چۈشكەن پەيىتنىڭ ئۆزىدىلا ئون نەچچە ساۋاتسىز جەڭچى بار ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ ئىشنى ئۆزۈم ئۈتتۈم. قىسىمدىمۇ ئاقارتىش بويىچە ليەن، پەيلەر ئارا

مۇسابىقە قانات يايدۇرۇلغانىكەن. مەن ھەر كۈنى مۇۋاپىق ۋاقىت بەلگىلەپ، تالاغا قارا دوسكا ئېسىپ، بۇ ئون نەچچە جەڭچىگە مەدەنىيەت دەرسى ئۆتۈشنى داۋاملاشتۇردۇم. ئۇلار ناھايىتى تىرىشىپ ئۆگەندى. ھەتتا مەشق ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتلاردا يەرگە ھەرپلەرنى جىجىلاپ مەشق قىلدى. ئاشۇنداق زېرىكمەي- تېرىكمەي، ھاردىم- تالدىم دېمەي ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ھەرپلەرنى ھەجىلەپ ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدى.

ئەمدىكى مەسىلە، سۈرئەتنى تېزلىتىپ ئوقۇش ئىدى. مەن ھەر كۈنى ئەتىگەن- ئاخشامقى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى گېزىت- ژۇرناللارنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا ئۆيۈشتۇردۇم. بۇنداق بولغاندا قوش ھوسۇل ئالغىلى بولاتتى. جەڭچىلەرنىڭ ساۋاتى چىقىشقا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي، ھەربىي بىلىملىرىمۇ ئېشىپ باردى. بۇنى كۆرۈپ مەن بەك خۇشال بولدۇم.

بىر كۈنى ماموت ئىسىملىك بىر جەڭچى بىر پارچە خەتنى كۆتۈرگەن ھالدا قېشىمغا كەلدى ۋە: «يولداش گېنېرال، ئائىلەمدىكىلەر ئۆيدە قىيىنچىلىق بارلىقىنى ئېيتىپ، مېنىڭ بالدۇرراق ھەربىي سەپتىن بوشاپ قايتىپ بېرىشىمنى جىكىلەپ خەت يېزىپتۇ. سىزچە قانداق قىلسام بولار؟» دېدى.

— سىز قانداق ئويلاۋاتىسىز؟
— ئەسكەر بولغىنىمغا ئىككى يىل بولدى، قىسمىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، لېكىن ئائىلەمنىمۇ ئويلىمىسام بولمايدۇ.
— ئۆيىڭىزگە كەتسىڭىز ئۇلارنىڭ يۈكىنى قانچىلىك يەڭگىللىتەلەيسىز؟
— شۇ ئەمەسمۇ. مەنمۇ ئۇلارغا چوڭ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن، شۇ تاپتا، بىرى قىسىمغا بولغان مۇھەببىتىم، يەنە بىرى ئائىلىگە بولغان تەلپۈنۈشۈم مېنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.
— ئۇنداقتا ئائىلىڭىزگە خەت يېزىڭ، ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى قايىل قىلىڭ. سىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئىكەنسىز، ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، ھەربىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىڭ.
— بولىدۇ، باشلىق. بەرگەن مەسلىھەتىڭىز مېنى تولىمۇ خۇرسەن قىلدى، مەن چوقۇم دېگىنىڭىز بويىچە ئىش قىلىمەن دېدى — دە، خۇشال ھالدا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشىدىن خېلىلا يېنىكلەپ قالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
بىر ئاي جەڭچىلىك تۇرمۇشنى بېشىمدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق، كۆپ نەرسە ئۆگىنىۋالدىم، شۇنداقلا چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدۇم. جەڭچىلىك تۇرمۇشى جىددىي ۋە جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن يۈكسەك

دەرىجىدە مەركەزلەشكەن چوڭ ئائىلىنىڭ ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىقى ئۈستىگە قۇرۇلغاچقا، ئۇنىڭ قوينىدا ياشاش ئادەمگە تولىمۇ خۇشاللىق بىلىنىدۇ. ئۇ ئادەمگە ئىرادە، پۈتمەس- تۈگىمەس غەيرەت- شىجائەت ئاتا قىلىپ، ئادەمنى ھەقىقىي تاۋلاپ چىقىدىغان بىر پېچ. لېيەندىكى كوماندىر، جەڭچىلەر ھەر يەر- ھەر يەردىن كېلىپ ئورتاق ئىنقىلابىي نىشان ئۈچۈن توپلانغان. بۇ لېيەن ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق بىرقانچە مىللەتتىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن تولىمۇ ئىناق ئۆتەتتى، ئۆزئارا ئۆگىنەتتى، بىر-بىرىگە كۆيۈنەتتى، بىرلىكتە ماھارەت ئىگىلەپ، بىر ئوربىتىدا تەڭ ئىلگىرىلەيتتى. قىسقىسى، ئۇلار مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىدە خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ياشايتتى. بىر كۈنى بىر ئۇيغۇر جەڭچى ئاغرىپ ياتاقتا يېتىپ قالدى. بىر قازاق جەڭچى ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا تاماق ئەكېلىپ يېگۈزۈپ بولۇپ ئاندىن تاماقنى يېدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تامىقى ئاللىقاچان سوۋۇپ قالغانىدى. مانا بۇنىڭدىن ھەر مىللەت جەڭچىلىرىنىڭ ئېسىل خىسلىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدا، ئارمىيىمىز بىر يۈرۈش ئېسىل ئەنئەنىنى، يەنى جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت، ئوفىتسېرلەر بىلەن

ئەسكەرلەرنىڭ بىرلىكى پرىنسىپى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بىرلىكى پرىنسىپى، دۈشمەن ئارمىيىسىنى پارچىلاش پرىنسىپى، دۈشمەنگە قاتتىق بولۇش ۋە ئۇنى يوقىتىش پرىنسىپى، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، سىياسىي، ئىقتىسادى، ھەربىي ئىشلار دېموكراتىيىسىنى يولغا قويۇش، بەش خىل ئىنقىلابىي روھنى جارى قىلدۇرۇش، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىش ۋە پىداكاربولۇش، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش ئاۋۋال باشقىلارنى، ئاندىن ئۆزىنى ئويلاش، دۈشمەننى ۋە ھەممە قىيىنچىلىقنى بېسىپ چۈشۈش ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارلىقتا چىڭ تۇرۇش، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، جاپا- مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ئاممىۋى لۇشيەندە مىڭىشقا ئوخشاش بىر يۈرۈش ئېسىل ئەنئەنە ۋە ئىستىلنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ مەيلى ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە بولسۇن ياكى ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە بولسۇن ۋە ياكى مىللى ئىنقىلابىي ئۇرۇشتا بولسۇن، ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئارمىيىمىزنى مەڭگۈ غالىب ئورۇندا تۇرغۇزدى. بۈگۈنكى كۈندە شانلىق ئەنئەننى جارى قىلدۇرۇش تەكىتلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئارمىيىمىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنىڭ ئەبەدىي ئۆزۈلمەس بىر تال قىزىل يىپى،

ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلارنى بىر- بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان، ئەۋلادلارنى يېڭىچە روھ بىلەن ئالغا يۈكسىلىشكە يېتەكلەيدىغان بىباھا ئەڭگۈشتەر. ھايت- ھۇيت دېگۈچە بىر ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى. قايىنام- تاشقىنلىققا چۆمگەن قىسىم تۇرمۇشى ئىچىدە بۇ بىر ئاي ۋاقىت ماڭا بىر كۈندەكلا بىلىندى. مەن لېيەندۈيدىن كۆزۈم قىيىمىغان ھالدا ئايرىلدىم. ھەر مىللەت ئوفىتسېر، ئەسكەرلىرى مەندىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ مېنى ئۇزىتىپ قويۇشتى.

سەپداشلاردىن ئايرىلىش ماڭا بەكمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتى شۇ كىشىنىڭ شۇ دەۋردە ئىشلىگەن خىزمىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. 2- لېيەندىكى ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنىڭ ۋە ئۆزۈمنىڭ جەڭچىلىك تۇرمۇشى ئۆتكۈزگەن چاغدىكى مەزمۇنغا باي كۈنلەر، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھقا تولغان جەڭگىۋار ھايات ھەقىقەتەن ئۇنتۇلماس، قىممەتلىك ھاياتتۇر.

## 29 - ماي ۋەقەسى

1962- يىلى خەلقئارادا جۇڭگوغا قارىتا تەتۈر قويۇن كۆتۈرۈلدى. جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىدا

ھىندىستان ئارمىيىسى بىزگە ئۆزلۈكسىز تۈردە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ چېگرىدا قانلىق ۋەقەلەرنى پەيدا قىلدى. جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشى بىلەن، 1962- يىل 4-، 5- ئايلاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئىلى رايونىمىزدا ئىلى ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ، ئوچۇقتىن- ئوچۇق ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ كۈشكۈرتۈشى، قوماندانلىق قىلىشى بىلەن، بىر ئوچۇم توپىلاڭچىلار پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، چېگرا رايوندىكى خەلقنى چەتكە قېچىشقا قۇتراتتى.

1962 - يىل 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نازارەت دەرىجىلىك كادىرلاردىن تەركىب تاپقان بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ئىلى رايونىغا ئەۋەتتى، خىزمەت گۇرۇپپىسىغا مېنى مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىدى. گۇرۇپپىمىزدا ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات- سودا كوپىراتىپىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، سۇ ئىشلار نازارىتىدىن مەھەممەت قۇربان قاتارلىقلار بار ئىدى. بىز غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم مېھمانخانىسىغا چۈشتۇق. بىز بارساق ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چى گو بىلەن مۇئاۋىن رەئىس ئىمىنوف ۋە ياسىن خۇدابەردى قاتارلىقلار شۇ يەردە

ئىكەن. يولداش مۇھەممەت قۇربان شەھەر خەلقىنىڭ
نورمىسى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ئىگىلەپ كېلىش
ئۈچۈن قارادۆڭ مەھەللىسىگە بارغانىدى. ئۇ قايتىپ
كېلىپ، غۇلجا خەلقى لەڭمەنگە ئامراق بولغاچقا،
ئاينىڭ بېشىدا كۆپرەك لەڭمەن ئېتىپ يەيدىكەن،
ئاينىڭ يېرىمى ئۆتە- ئۆتمەيلا نورمىسى تۈگەپ
قالىدىكەن، دەپ دوكلات قىلدى. دېمىسىمۇ ئەينى
چاغدىكى ئەھۋال شۇنداق ئىدى. غۇلجىلىق ئەزەلدىن
لەڭمەنگە بەك ئامراق، ئۇنى بولسىلا كۈن ئارىلاپ
لەڭمەن يېمىسە ئىسسىق باسمايدۇ. ئۇلار بىرەر كۈن
ئەتكەن چاي ئىچمىسە، بېشى ئاغرىپ ئۇخلىيالماي
قالىدۇ. ئۇ يەردە سۈتمۇ قىس ئىكەن. قىسقىسى،
مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش، ئىلى
رايونىدىمۇ تەبىئىي ئاپەت پەيدا قىلغان قىيىنچىلىقلار
تۈپەيلىدىن، خەلقنىڭ تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتا
قالغانىدى. بىر قىسىم توپىلاڭچىلار مۇشۇ پۇرسەتنى
غەنىيمەت بىلىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، سوۋېت
ئىتتىپاقىدا ھېچ نەرسە نورمىلىق ئەمەس، ئاق ئۇن،
گۆش، شېكەر، ماي قاتارلىقلار كەڭرى، نېمە يەيمەن
دېسەڭ شۇنى پۇلسىز ياكى ئەرزان باھادا ئالىسەن، دەپ
پىتنە- پاسات تارقىتىپ، خەلقنى چەت ئەلگە قېچىشقا
كۈشكۈرتۈپتۇ. بىز خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ھەر
بىر مەھەللە، ھەر بىر يېزا- كەنتلەرگە بېرىپ، خەلققە

هازىرقى قىيىنچىلىق ۋاقىتلىق، ھەممىڭلارغا مەلۇم، دۆلەت بويىچە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى، بەزى قوشنا دۆلەتلەر دۆلىتىمىزنى قەرز تۆلەشكە قىستاۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە بەزى قوشنا دۆلەتلەرگە ياردەم بېرىۋاتىمىز، بۇ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق، ئۆتۈپ كېتىدۇ. سىلەر يامان غەرەزلىك ئادەملەرنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەڭلار، دەپ تەشۋىق قىلدۇق ۋە خىزمەت ئىشلىدۇق. شۇنداق بولسىمۇ، قاتناش بېكىتىگە بېرىپ قورغاسىنىڭ بېلىتىنى سېتىپ بېرىڭلار، دەپ تەلەپ قىلغان ئادەملەر كۈندىن- كۈنگەن كۆپىيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن 29- ماي كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاز ساندىكى يامان غەرەزدىكى ئادەملەر ئاممىنى قۇترىتىپ ئىش تېرىپ، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت ئىشخانا بىناسىغا بېسىپ كىرىپ، ئوبلاست باشلىقى قۇربان ئەلىنى قورغاسقا بېلەت سېتىشنى تەستىقلاپ بېرىسەن، دەپ قىستىدى. قۇربان ئەلى ئىمزا قويۇپ بەرمىدى. بۇ ئادەملەر ئۇيەردىن يۆتكىلىپ ئوبلاستلىق پارتكوم دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ: بىز قورغاسقا بارىمىز، بېلەت سېتىپ بېرىڭلار، دەپ قاتتىق ۋارقىراپ چاتاق چىقىرىشقا باشلىدى. بىز دەرۋازا ئىچىدە تۇرۇپ شۇنچە تەشۋىق- تەربىيە ئېلىپ بارساقمۇ، نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىسەكمۇ ئاڭلىمىدى، ئالدىغا چىقىپ باشچىلىق قىلىۋاتقان بىر قانچە ئادەم

ئالـتاغـل سۆزلەپ، پارتكوم دەرۋازىسىنىڭ تۆمۈر رىشاتكىسىدىن ئارتىلىپ قورۇ ئىچىگە چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭغىچە دەرۋازىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقانلار ئاسمانغا قارىتىپ بىرنەچچە پاي ئوق چىقىرىپ، ئارقىغا چېكىنىشكە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلار پىسەنتىگە ئالماي، پارتكوم قورۇسىغا داۋاملىق بېسىپ كىردى. ئەھۋال بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ شۇجىسى جاڭ شىگوڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. ئۇرۇمچىدىن باشلامچىلىق قىلىۋاتقان كاتتىۋاشلارنىڭ بىر- ئىككىسىگە قارىتىپ ئوق چىقارساڭلار بولىدۇ، دەپ يوليورۇق كەلدى. ساقچىلار ئالدى بىلەن ئاسمانغا قارىتىپ يەنە بىرنەچچە پاي ئوق چىقاردى، كار قىلمىدى، كېيىن دەرۋازىغا قارىتىپ ئاتقاندى، بىر- ئىككى ئادەم يىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر چۆچۈپ پاتىپاراق بولۇپ تارقىلىپ كەتتى.

بۇ چاغدا قورغاس چېگرا ئېغىزىغا ھەر يەر- ھەر يەردىن كەلگەن نۇرغۇن ئادەم توپلانغانىدى. ئۇلار چېگرىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش تەلىپىنى ئۆكتەملىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. چېگرا مۇداپىئە خادىملىرىمىز شۇنچە سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلىسىمۇ، زادىلا ئۇنىمىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بولسا، چېگرىنى چوڭ ئېچىۋەتتى،

ھەتتا نەچچە ئون چوڭ ئاپتوموبىلنى توختىتىپ قويۇپ، چېگرىدىن قېچىپ ئۆتكەنلەرنــــى ئۇدۇللۇق توشۇپ كەتتى. نەتىجىدە ئەللىك - ئاتمىش مــــىڭ جۇڭگو پۇقراسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتتى. 30 - ماي كۈنى، غۇلجىنىڭ جىلىــــلىيۇزى، تۇرپانيۈزىدىكــــى دېھقانلار قوزغىلىپ، قېچىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى. ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، مەن بىر نەچچە ئادەمنى ئېلىپ جىلىلىيۇزىگە باردىم. ئالدى بىلەن تۇرپانيۈزى، پەنجىم ۋە جىلىلىيۇزى قاتارلىق جايلاردا بىرلىكسەپ ئەزالىرى، دىنىي زاتلارنى يىغــــپ، چاي تەييارلاپ، ئۇلارغا غۇلجىدا يۈز بەرگەن ئەھۋالنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەندۈردۈم ۋە ئۇلاردىن بىر ئوچۇم يامان غەرەزلىك ئادەملەر تارقاتقان ئۆسەك سۆزلەرگە ئىشەنمەي، ئۆز ئورۇنلىرىدا مەھكەم تۇرۇپ، خاتىرجەم ئۆز ئىشــى بىلەن شۇغۇللىنىش ھەققىدە تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىســــى ئىجابىي بولدى. ئۇلار: بىز چوقۇم جامائەتكە ياخشى چۈشەندۈرىمىز، بىز پارتىيىگە ئىشىنىمىز، دەپ ئىپادە بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەسلىدە قېچىش ئۈچۈن ھارۋىلىرىنى قوشۇپ تەق قىلىپ قويغانىكەن. بىزنىڭ نەسىھەتىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قېچىش نىيىتىدىن ياندى. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىيەت خېلى مۇقىملاشتى.

ئارقىدىن، يۇقىرىدىكى يېزىلارنىڭ ۋە ناھىيىنىڭ كادىرلىرىنى جىلىلىيۇزى كۇلۇبىغا يىغىپ، 29 ـ ماي ئىلى ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ھازىر تىنچلانغانلىقى ھەققىدە دوكلات بەردىم ھەمدە ئۇلاردىن قايتىپ بېرىپ بايراق روشەن، مەيدان مۇستەھكەم ھالدا خەلققە ئەھۋالنى ئوچۇق- ئاشكارا چۇشەندۇرۇشنى، خاتىرجەم ھالدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش ھەققىدە تەشۋىق ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. دېھقانلار خاتىرجەم بولۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ يەردە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىش ئەھۋالى ئاساسەن كۆرۈلمىدى.

مەن 29 ـ ماي ۋەقەسى ھەققىدىكى ئەسلىمەمنى يېزىۋاتقان چېغىمدا، توساتتىن 1988 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا تۇغقان يوقلاپ كەلگەن زىننەت بىلەن بولغان سۆھبىتىمىز ئېسىمگە كېلىپ قالدى. زىننەت 1945 ـ يىلى مىللىي ئارمىيە 4 ـ پولك 1 ـ باتالىيونىدا سېستىرا ئىدى. ئۇنىڭ سوۋېت پۇقرالىقى پاسپورتى بولغانلىقى ئۇچۇن، 1954 ـ يىلى رەسمىيەت بېجىرىپ سوۋېتكە چىقىپ كەتكەن. ئۇ 1988 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۇنى بىزنىڭ ئۆيدە مېھمان بولۇپ، مەن بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى. مەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىۋىدىم، ئۇ كۆزىگە لىق ياش ئالغان ھالدا مۇنداق بىر كۇپلېت

شېئىرنى ئوقۇپ بەردى:

«سېغىنىپ كەلدىم يۇرتۇمغا،
چىدىماستىن كۆيۈپ ئۇنىڭغا.
ئانا ۋەتەننىڭ ئوتى يامانكەن،
باش قوياي ئۇنىڭ تۇپراقىغا».

ۋە ئارقىدىن ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى، ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا تۇپراقىنى شۇنچە سېغىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن بىز جىلىلىيۇزىدىن غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ كىردۇق. جىلىلىيۇزى، تۇرپانيۇزى، پەنجىم قاتارلىق يېزىلاردا ئىشلەنگەن تەشۋىقات خىزمىتى ھەققىدە ئوبلاستلىق پارتكومغا دوكلات قىلدۇق. خىزمەتلەر رەتكە چۈشكىچە بىر مەزگىل غۇلجىدا تۇرۇپ، كېيىنرەك ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى باشقا يولداشلارمۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قايتىپ كەلدى.

## سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتنىشىش

1963 - يىل 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە، ماۋجۇشى خاڭجۇدا مەركىزىي كومىتېت

سىياسىي بيۇروسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ۋە بىر قىسىم چوڭ رايونلارنىڭ شۇجىلىرى قاتناشقان كىچىك دائىرىلىك يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىن يېزىلارنىڭ سوتسىيالىستىك تەربىيە مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. چۈنكى، 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 10 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بەزى جايلاردا ئىستىل تۈزىتىش - گۇڭشېلارنى تەرتىپكە سېلىش ئىشى ئېلىپ بېرىلغان؛ 1963 - يىلى 2 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىدا باۋدىڭ رايونىنىڭ ھېساباتنى ئېنىقلاش ، ئامبارنى ئېنىقلاش، مالىيىنى ئېنىقلاش، گوڭفۇڭنى ئېنىقلاش تەجرىبىلىرى تونۇشتۇرۇلغانىدى. مەزكۇر يىغىندا «ھازىرقى يېزا خىزمىتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارار (لايىھە)» يەنى «ئالدىنقى ئون ماددا» تۈزۈپ چىقىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئۇنى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت سۈپىتىدە تارقاتتى. ئۇنىڭدا «ھازىر جۇڭگو جەمئىيىتىدە جىددىي، كەسكىن سىنىپىي كۈرەش ئەھۋالى يۈز بەردى» دەپ ھېسابلىنىپ، سىنىپىي كۈرەشنىڭ توققۇز تۈرلۈك ئىپادىسى كۆرسىتىلدى ۋە ئەگەر سىنىپىي كۈرەش تۇتۇلمىسا، مۇقەررەر ھالدا مەملىكەت خاراكتېرلىك

ئەكسىلئىنقىلابىي تىرىلىش يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەملىكەت مىقياسىدا كەڭ كۆلەملىك سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ياكى قانات يايدۇرماسلىق — «سوتسىيالىزمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنىڭ تۈگۈنى»، «ئىنقىلابىي سىنىپىي قوشۇننى يېڭىۋاشتىن تەشكىللەپ»، كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇپ، كاپىتالىزم ۋە فېئودال كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۇرۇش تەلەپ قىلىندى. يىغىندىن كېيىن، جاپلار كادىرلارنى يېڭىۋاشتىن تەربىيىلەپ، نۇقتىدا سىناق ئېلىپ بېرىپ، يېزا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. شىنجاڭدا تۇرپاننىڭ «بەش يۇلتۇز» خەلق گۇڭشېسىدا سىناق ئېلىپ بېرىلدى. شۇ ئارىلىقتا، يەنى 9 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يەنە «سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدىكى بەزى كونكرېت سىياسەتلەر توغرىسىدىكى بەلگىلىمە (لايىھە)» يەنى «كېيىنكى ئون ماددا»نى تۈزۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، جايلاردا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتتى.

1964 - يىلى، مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش، شىنجاڭدىمۇ نۇقتىدا سىناق ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى

ئومۇميۇزلۇك قانات يايدۇرۇلدى. مەن رەھبەرىي كادىرلار قاتارىدا، سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، 2 - ئايدا سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى سانجى ناھىيىسىنىڭ قىزىل بايراق دادۈيىگە باردىم، تەرجىمان يولداش ياڭ چۇنفۇ مەن بىلەن بىرگە باردى.

1964 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ، تەرجىمان ياڭ چۇنفۇ بىلەن ئىككىمىز كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ تۇدۇڭخابا جىلغىسىدىن ئۆتۈپ قىزىل بايراق دادۈيىگە يېقىن قالغاندا كىچىك ماشىنىدىن چۈشۈپ، ماشىنىنى قايتۇرۇۋەتتۇق - دە، يوتقان - كۆرپە ۋە باشقا نەرسىلىرىمىزنى ھەربىيلەرچە ئۆشنىمىزگە ئارتىپ، قېلىن قارنى بېسىپ يېزىغا پىيادە مېڭىپ كىردۇق. سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ خىزمەت گۇرۇپپىسى تۇرۇۋاتقان چوڭ ئەترەت قورۇسىغا بېرىپ، خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقىغا ئۆزىمىزنى تىزىمغا ئالدۇردۇق. خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى چىتەي ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ باڭيۇ ئىكەن. بىز بارغان كۈنىكەچتە، ئۇ خىزمەت ئەترىتىدىكى بارلىق كادىرلارنى يىغىپ مېنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى ھەم خىزمەت ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دەپ ئېلان قىلدى. تامىقىمىز جېن فامىلىلىك بىر كەمبەغەل دېھقاننىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. جېن فامىلىلىك موماينىڭ

يولدىشى خېلى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ پەقەت بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئۇ مېنىڭ بەنىنىڭ بەنجاڭى ئىكەن. مېنىڭ ئۈچ ۋاق تامىقىم شۇ ئۆيدە بولدى. بىزنىڭ ئەتىگەنلىك تامىقىمىز قوناق ئۇنىدا ياسىغان سۇيۇق ئۇماچ، چۈشلۈكىمىز يومدان، كەچلىكىمىز ھەر خىل كۆكتات سېلىنغان، ئۇزۇپ تاشلانغان سۇيۇقئاش بولدى.

مۇشۇ موماينىڭ ئۆيىدە شۇ تەرىقىدە 5 ـ 6 ئاي تۇرمۇش كەچۈردۈم. شۇ چاغدا ماڭا ئىككى ئىش، بىرسى، ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش، يەنە بىرسى، مېنىڭ خىزمىتىمنى، ئاساسلىقى تاپانچ مىنىڭلارنى تەرتىپكە سېلىش ئىشى تەقسىم قىلىندى. شۇ قېتىم سانجى ناھىيىسىگە سوتسىيالىستىك تەربىيە يۈرگۈزۈشكە مەسئۇل كادىرلاردىن ۋاڭ ئېنماۋ، ۋۇگاڭ، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ شۇجىسى ۋۇچۇەنچۈن قاتارلىقلارمۇ چۈشكەنىدى. ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا قىزىل بايراق دادۈيى، مول ھوسۇل داداۈيى، ئاۋانگارت دادۈيى قاتارلىق جايلاردا نۇقتىدا تۇردى. مېنىڭ كۆپ ۋاقتىم دېھقانلار بىلەن بىرگە يەر ھەيدەش، سۇغىرىش ئىشلىرى بىلەن ئۆتتى. 1964 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، بىر قارار خىزمەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن ھەربىي رايونغا قايتىپ كەلدىم. مۇشۇ ئالتە ئاي ئىچىدە دېھقانلار بىلەن ناھايىتى

چىقىشىپ كەتكەنىدىم. يېزىدىن ئايرىلغان ۋاقىتتا، بىز تاماق يېگەن ئۆيدىكى موماي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى كۆز يېشى قىلىپ تەرجىمان بىلەن ئىككىمىزنى ئۇزىتىپ قويدى. مەنمۇ ئۇلار بىلەن چىقىشىپ قالغاچقا كۆڭلۈم قىيمىغان هالدا ئايرىلدىم.

## لەنجۇدىكى هەربىي ماهارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىغا بېرىش

1965 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئۇرۇش تەييارلىقى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق چىقاردى. جياڭ جيېشى چوڭ قۇرۇقلۇققا قايتۇرما هۇجۇم قىلىمەن دەپ داۋراڭ سالغانلىقى، ئامېرىكا جاهانگىرلىكى ۋيېتنامدا تاجاۋۇزچىلىقنى كېڭەيتىپ، ۋيېتنامغا بىۋاستە تاجاۋۇز قىلىش بىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە جىددىي تەهدىت سالغانلىقى ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت هازىرقى ۋەزىيەتتە ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۈچەيتىش لازىم، دەپ قارىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەركىزىي هەربىي كومىتېت يوليورۇق چىقىرىپ، پۈتۈن ئارمىيە ۋە مىنبىڭلاردىن جىددىي ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش

ئۇچۇن، ھەربىي ھازىرلىقنى كۈچەيتىپ، ھەربىي تەلىمنى ياخشى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئارمىيە بويىچە قايناق ھەربىي تەلىم باشلىنىپ كەتتى. ھەر قايسى ھەربىي رايون قىسىملىرىدا ماھارەت مۇسابىقىسى قىزىپ كەتتى. 1965 - يىل 8 - ئايدا، لەنجۇدا ھەربىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلمەكچى بولدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى لەنجۇدا ھەربىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال ھەر قايسى قىسىملاردىكى مەرگەنلەردىن يۈز نەچچە كىشىنى يىغىپ بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللىدى. مەن ئۆمەك باشلىقى بولدۇم، ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جيڭ جۇڭفەن بىلەن ھەربىي رايون تەلىم - تەربىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولدى. بىز شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مەرگەنلەر ئۆمىكىنى باشلاپ 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تيەنشۇيگە يېتىپ باردۇق.

شۇ قېتىمقى ھەربىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە ئىچكى موڭغۇل ھەربىي رايونى ۋەكىللىرى ئۆمىكى، چېڭدۇ ھەربىي رايونى ۋەكىللىرى ئۆمىكى، لەنجۇ ھەربىي رايونى ۋەكىللىرى ئۆمىكى، ۋۇخەن ھەربىي رايونى ۋەكىللىرى ئۆمىكى قاتناشتى.

ۋۇخەن ھەربىي رايونى ۋەكىللىرى ئۆمىكىنىڭ باشلىقى جاڭ جېن بىلەن شۇ قېتىم تونۇشتۇم. ئۇ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغاندىن كېيىنمۇ ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلدىم، ھازىرغىچە ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالمىدى. شۇ قېتىم يەنە لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى جاڭ داجى بىلەنمۇ تونۇشقانىدىم. ئۇ كىشى ئادەملەرگە ئىنتايىن قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان، پاراڭچى ئادەم بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا بەك قىزىقىدىكەن، دوستلۇقنى ئاجايىپ قەدىرلەيدىكەن.

ئۇ پائالىيەتتە قارىمۇ قارشى ئېتىش، ئوخشاش بولمىغان ئارىلىقتا ئۈچ خىل قىياپەتتە ئېتىش (بەن بويىچە)، تولۇق قوراللىنىپ سىم توساقتىن ئۆتۈش (ئۆمىلەپ)، تولۇق قوراللىنىپ ئۈزۈنغا يۈگۈرۈش بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋەكىللىرى ئۆمىكىدىن 4 - دىۋىزىيىنىڭ 12 - پولكى ئۈچ خىل نىشانغا ئۈچ خىل قىياپەتتە ئېتىش ۋە تېز يۈگۈرۈپ بېرىشتا بىرىنچىلىكنى ئالدى. قالغان ھەرىكەتلەردىمۇ ياخشى، لاياقەتلىك بولۇشتەك زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، كېيىن ئۈرۈمچىگە غەلىبىلىك قايتىپ كەلدۇق.

# ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىگەن ئون يىل جۇڭگوغا ئاپەت ئېلىپ كەلگەن ئون يىل بولدى. بۇ جەريانلارنى مەن تولۇق يازالمايمەن. ئەسلىشىمچە، مەركەزنىڭ ھۆججەتلىرىدە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ مەقسىتى ۋە ئوبيېكتى — پارتىيە ئىچىدە كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاممىنى تولۇق قوزغاپ، بۇ ھەرىكەتنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك، دەپ يېزىلغان. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئامما قوزغىلىپ، چوڭ ئېچىلىش، چوڭ سايراش، كەڭ ئالاقىلىشىش، چوڭ خەتلىك گېزىت چىقىرىش باشلىنىپ كەتتى. پارتىيە، ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنى تارتىپ چىقىپ پاش قىلىش، كۈرەش قىلىش ھەتتا قالپاق كىيگۈزۈپ سازايى قىلىشلار ئەۋج ئالدى. بۇ ۋاقىتتا ئوخشىمىغان كۆز قاراشتا بولۇۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەر مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ، بىز بىلەن بىللە ئىنقىلاب قىلىسەن، دەپ تۇرۇۋالدى (چۈنكى ئۇچاغدا مەن ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ قوشۇمچە مۇدىرى ئىدىم) .

ئاخىرى مېنى ئۇلار ھەربىي رايون كۇلۇبىغا ئاپىرىپ، سوئاللارغا جاۋاب بەر دەپ يېرىم كۈن ئاۋارە

قىلدى. كېيىن ئۇلارغا نۇرغۇن ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ قايتۇرۇۋەتتىم.

يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن مەلۇم بىر مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار مېنى مەكتەپكە چاقىرتىپ ئاپىرىپ: «سەن ئوقۇغۇچىلارنى باستىڭ، كۆپچىلىك ئالدىدا ئۆزۈڭنى تەكشۈر» دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدى. مەن بېرىپ ئۇلارنىڭ تەنقىدىنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كەچتە ھەربىي رايونغا قايتىپ كەلدىم.

ئۇ ۋاقىتلاردا كىشىلەر ئىككى خىل كۆز قاراشتا بولۇپ، ئاشكارا ھالدا ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى.

مەركەزنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشتە، شىنجاڭدا «ئۈچ قارا يىپ» قا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدىكى ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

ئاممىنىڭ كۈرىشى قەلەم كۈرىشىدىن ئەلەم كۈرىشىگە تەرەققىي قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئاساسەن توختىدى، خەلق تۇرمۇشى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

شىنجاڭ چېگرا رايون بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر

قىسىم ئادەملەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن سوۋېتقا چىقىپ كەتكەن. شۇڭا، چەت ئەلدە ئۇرۇق - تۇغقىنى بولغانلارنى بەزى «ئاكتىپلار» «ئىككى يۈرەك» دەپ ئاتىۋالدى. ھەممىلا يەرنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش دولقۇنى قاپلاپ كەتتى. ھەربىي رايون رەھبەرلىرى ئورگاندىكى مىللىي كادىرلارنى يىغىپ ھازىرقى ھەربىي مەكتەپتە ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. بۇ ئۆگىنىشكە كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مىللىي ھەربىي كادىرلارمۇ كېلىپ قاتناشتى. ئۆگىنىشتە ئاساسەن «ئۈچ قارا يىپ» قا ئائىت پاش قىلىش، چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىش، تەنقىد قىلىش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئۆگىنىشتە مەن ئالدى بىلەن: «ماڭا ئوت ئېچىڭلار، مېنى پاش قىلىڭلار» دەپ چوڭ خەتلىك گېزىت چىقاردىم. ئۆگىنىشكە قاتناشقانلار مېنىمۇ پاش قىلدى ۋە ئۆز ئارا بىر - بىرىنى پاش قىلىپ چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنىمۇ يازدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۆگىنىش بىر نەچچە ئاي داۋاملىشىپ، باش - ئايىغى يوقلا ئاياغلاشتى. بۇ جەرياندا ھەربىي رايوننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىمۇ ئىش قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئىككى تەرەپنىڭ كۆرۈشى تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. كېيىن يۇقىرىدىن ئۈچنى قوللاش، يەنى سولچىللارنى قوللاش،

دېھقانچىلىقنى قوللاش، سانائەتنى قوللاش، ئىككى ھەربىي، يەنى ھەربىي ئىدارە قىلىش، ھەربىي تەلىم ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق كەلدى.

سولچىللارنى قوللاش جەريانىدا، ھەربىي رايوندىكى سولچىللارنى قوللاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان يولداشلاردا سولچىل لۇشيەننىڭ تەسىرىگە ئۇچراش كېلىپ چىقتى. شۇ قاتاردا مەنمۇ سولچىللارنى قوللاش ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سولچىل لۇشيەننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىم. بۇ ھەقتە كېيىن ئۆزۈمنى بىر قانچە قېتىم تەكشۈرۈپ تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلىدىم. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتلاردا سولچىللىقنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى، ئۇنىڭ كەلتۈرۈۋاتقان زىيىنىنى چۈشەنمەيتتۇق. ھېچقانداق ئادەم بۇ ھەرىكەت بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى دېيەلمەيتتى. كېيىن ئىنقىلابىي چوڭ بىرلىشىش تەشەببۇس قىلىندى. ئىككى خىل كۆز قاراشتىكى ئىككى تەرەپكە نۇرغۇن جاپالىق خىزمەت ئىشلەپ، «ئىنقىلابىي كومىتېت» قۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتۇق. شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىيلەردىن بىر تۈركۈم كادىرلارنى ئاجرىتىپ تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ، ئىدارە، مەكتەپلەرگە، زاۋۇتلارغا ئەۋەتتى.

شۇ كۈنلەردە جۇئېنلەي زۇڭلى شىنجاڭغا ئالايتەن كۆڭۈل بۆلۈپ، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقى،

جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن تېزرەك چوڭ بىرلىشىپ «ئىنقىلابىي كومىتېت» قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئاخىرى نۇرغۇن تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىش ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

«ئىنقىلابىي كومىتېت» قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ ئەلەم كۆرۈشى توختىدى، ئارمىيە- خەلق بىرلىكتە چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ھوشيارلىق بىلەن قوغداپ كەلدى.

بۇ ئون يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، شىنجاڭدا نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلار بولغان، ھەتتا پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئايرىم ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا مىللەتلەر ئىتتىپاق، ئىتتىپاق ئۆتتى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش بولمىدى ۋە بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنى چەتكە قاقىدىغان، كەمسىتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمىدى. ھەر مىللەت خەلقى قىيىنچىلىقنى تەڭ تارتىپ، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈپ، بىر - بىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ

ئۆتتى .

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەيمەنكى، شىنجاڭ ئازاد بولغان ئون يەتتە يىلدىن بېرى پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى ئىناۋىتى يۇقىرى بولدى، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك زىچ مۇناسىۋىتى ۋە مۇستەھكەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاشۇنداق زور قالايمىقانچىلىقنىڭ، ئېغىر قىيىنچىلىقلارنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ قارىشىمچە، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر خىزمىتىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر ئۆزئارا ئىشىنىش ئىنتايىن مۇھىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش كېرەك.

بولۇپمۇ مىللەتلەر بىر - بىرىگە ئىشەنگەندىلا ھەقىقىي ئىتتىپاقلىق، ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىملىق بولىدۇ. بۇ، مېنىڭ شىنجاڭدا ئۇزۇن يىل خىزمەت ئىشلەش جەريانىدىكى ئاساسىي تەجرىبەم ۋە تەسىراتىمدۇر. ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئاپەت ئېلىپ كەلدى، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، شۇنىڭدەك دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى نۇرغۇن يىل ئارقىغا سۈرۈۋەتتى.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تارىخىي جەريان شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، 50 - يىللارنىڭ ئاخىرى پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش يېتەكچى ئىدىيىسىدە «سول» چىللىق خاھىشى شەكىللىنىپ، كېيىن ئۇ تەرەققىي قىلىپ مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا ئۆزگەردى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا «سولچىللىق» خاتالىقى كېلىپ چىقتى.

1976 - يىل 10 - ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى ۋە ئىرادىسى بويىچە، ئەكسىلئىنقىلابىي تۆت كىشىلىك گۇرۇھنى تارمار قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر باشلىنىشنىڭ پۇرسىتى يېتىپ كەلدى.

1978 - يىل 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە، تارىخىي ئەھمىيەتلىك پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پۈتۈن جۇڭگو يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچقا كىرىپ، توغرا لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېڭى تەرەققىيات ۋە يېڭى گۈللىنىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. مەملىكەت مىقياسىدا ئالەمشۇمۇل زور تەرەققىياتلار ۋە ئۆزگىرىشلەر بولدى.

# مەكىت ناھىيىسىگە بېرىش

1970 - يىلى 8 - ئاينىڭ بېشىدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ «قەشقەرنىڭ مەكىت ناھىيىسىدە ئازساندىكى كىشىلەر ھەربىيلەرنىڭ قورالىنى بۇلاپ، ئاياللارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تېگىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، دېھقانلارغا ۋە شەھەر ئاھالىسىغا زۇلۇم سېلىۋېتىپتۇ، خەلق ئۆيلىرىدە خاتىرجەم تۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن، خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ قوناقلىق ئىچىدە قونۇۋېتىپتۇ، ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر ئىكەن. سىلەر ئەھۋالنى ئىگىلەپ، تېزدىن بىر تەرەپ قىلىپ، ھەربىي ئىدارە قىلىپ خەلقنى خاتىرجەم قىلىڭلار» دېگەن تېلېفون كۆرسەتمىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى رەھبەرلىرى يىغىن ئېچىپ، مۇئاۋىن قوماندان لورۇڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ بىر قانچە كادىرنى ئېلىپ مەكىتكە بېرىشىمىزنى ئورۇنلاشتۇردى. مۇئاۋىن قوماندان لورۇڭ بىلەن ئىككىمىز بارىدىغان كادىرلارنى، يولغا چىقىش ۋاقتىنى بېكىتىپ، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ قەشقەرگە بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا ئورۇنلاشتۇق. يولداش تۆمۈر داۋامەت بىزدىن بۇرۇن ئىشلەپچىقىرىشنى تەكشۈرۈشكە

بارغانىكەن. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايوندا تۆمۈر داۋامەت بىلەن كۆرۈشتۇق. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ليۇفاشۇ بىلەن باش قوشۇپ مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، پارتكوم يىغىنىنى چاقىرىپ، مەكتەپ ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات ئاڭلىدۇق (يولداش تۆمۈر داۋامەت يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى) . ئاندىن قانداق ھەرىكەت قوللىنىش، ئاممىنى قانداق سەپەرۋەر قىلىش، قانداق قىلىپ قايمۇققان ئاممىنى ئويغىتىپ، بىر ئوچۇم بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلارنى يېتىم قالدۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلدۇق. ئالدى بىلەن تۆمۈر داۋامەت، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ۋاڭ زىلەن، ئۈرۈمچىدىن بارغان غوجەخمەت، ياقۇپبەگ ئابدۇراخمان مەكتەپ ناھىيىسىگە بېرىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلەپ كېلىدىغان بولدى.

يولداش تۆمۈر داۋامەت باشلىق ئەھۋال ئىگىلەش گۇرۇپپىسى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەتىسى سەھەردىلا يولغا چىقىپ كەتتى. ئۇلار مارالبېشىغا يېقىن بارغاندا بىر مۇنچە ئامما ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۆتكۈزمەپتۇ. بۇ چاغدا يولداش تۆمۈر داۋامەت ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ، مەن مۇئاۋىن رەئىس تۆمۈر داۋامەت، يولنى ئېچىڭلار، دەپ قاتتىق تەلەپپۇزدا ۋارقىرىغانىكەن،

ئۇلار غىلىڭ - پىلىڭ قىلماي، بىر - بىرىسىگە قارىشىپ قويۇپ، توساقلارنى ئېلىۋېتىپ يولنى ئېچىپ بېرىپتۇ. مەزكۇر گۇرۇپپا سېرىقبويىا ئارقىلىق مەكتەت ناھىيىسىگە كىرىپ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا ۋە بەزى رايونلارغا بېرىپ كەڭ ئاممىدىن ئەھۋال ئىگىلەپتۇ ۋە كەڭ دائىرىدە پىكىر ئاپتۇ. دېھقانلار يىغلاپ تۇرۇپ دەرد - ئەلەملىرىنى ئېيتىپتۇ. يولداش تۆمۈر داۋامەت باشلىق ئەھۋال ئىگىلەش گۇرۇپپىسى ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى:

ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، مەكتەتتىكى ئازساندىكى بۇزۇق ئۇنسۇرلار خەلققە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدا ھەربىيلەرنىڭ قوراللىرىنى بۇلاپتۇ. ئۇلار بىر نەچچە يىلدىن بۇيان توشۇپ بولالماي بېسىلىپ قالغان تاي - تاي پاختىنى ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىغا يۆتكەپ كېلىپ، چۆرىدەپ تام ياساپ، مۇداپىئە پونكىتى قىلىۋېلىپ، كېچىسى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ ئاشلىق، قوي - كالا بۇلاپ كېلىدىكەن، ھەتتا دېھقانلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىدىكەن. ئۆز ئالدىغا سوراقخانا قۇرۇپ بىگۇناھ خەلقنى سوراق قىلىدىكەن، ئۇرۇپ قىينايدىكەن. ئەھۋال ئىگىلەش گۇرۇپپىسىنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىز ھەربىي قىسىم

ئەۋەتىشنى، ھەربىي قىسىم پوسكام ئارقىلىق مەكىتكە بېرىپ، تراكتور پونكىتىنى سەھەردە مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاشنى؛ كۈچلۈك تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، قايمۇققان ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بىر ئوچۇم بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلارنى يېتىم قالدۇرۇشنى قارار قىلدۇق.

قىسىم پىلان بويىچە 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تاڭ سەھەردە مەكىتكە يېتىپ باردى. بىز دەرھال ناھىيە رەھبەرلىرىنى يىغىپ، ئەھۋالنى يەنە بىر قېتىم تەپسىلىي ئىگىلىدۇق. قىسىم تراكتور پونكىتىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، سىياسىي خىزمەتنى، يەنى قەلبكە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇۋەتتى: «يولداشلار، قۇلاق سېلىڭلار، بىز خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، سىلەر ئاز ساندىكى يامان ئادەملەرنىڭ ئازدۇرۇشى ئارقىسىدا قايمۇققان، سىلەردە گۇناھ يوق، كاتتىۋاشلىرىڭلار خەلققە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ ئېغىر ئازاب ئېلىپ كەلدى. ئاتا - ئاناڭلار، ئاچا - سىڭىلىڭلار، خوتۇن - بالىلىرىڭلار ئۆيدە خاتىرجەم تۇرالماي، كېچىسى قوناقلىقلاردا، ئورمان ئىچىدە تۈنەۋاتىدۇ. سىلەر نېمە ئۈچۈن بىگۇناھ خەلققە، شۇنداقلا ئۆز قېرىنداشلىرىڭلارغا ئوق ئېتىپ، جىنايەت ئۆتكۈزىسىلەر؟ پارتىيىنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ

سىياسىتىنى چۈشىنىشىڭلار كېرەك. يامان نىيەت كاتتىۋاشلاردىن چەك - چېگرا ئاجرىتىپ قايتىپ چىقىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار كەڭچىلىككە ئېرىشىسىلەر» . يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدا تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە، تراكتور پونكىتى ئىچىگە غوجاخمەت، جاقۇببەگ ئابدۇراخمان قاتارلىق بىر نەچچە ئادەمنى كىرگۈزۈپ، ئاممىغا يۈزتۈرانە خىزمەت ئىشلىدۇق. نەتىجىدە كۆپچىلىك ئاما ئويغىنىپ، تراكتور پونكىتى ئىچىدىن تۈركۈم - تۈركۈملەپ قايتىپ چىقىپ، ئالدىمىزغا كېلىپ: «بىز پارتىيە، ھۆكۈمەتكە، ئاتا - ئانىلىرىمىزغا يۈز كېلەلمەيمىز. بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىز تولىمۇ خاتا ئىكەن، بىزنىڭ گۇناھىمىزدىن كېچىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى. ئاخىر ئىككى بۇزۇق كاتتىۋاش يېتىم قالدى. شۇنىڭبىلەن مەكتەپ ناھىيىسىدىكى قالايمىقانچىلىق ئوڭشىلىپ ۋەزىيەت تىنچلاندى، خەلق خاتىرجەم بولدى. ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەسلىگە كەلدى. مەن مەكتەپ ناھىيىسىنىڭ چوڭ زالىدا ناھىيىدىكى بارلىق كادىرلارغا بىر - ئىككى قېتىم دوكلات بەردىم، يولداش تۆمۈر داۋامەتمۇ سۆز قىلدى. كۆزلۈك يىغىمنى ئوبدان ئىشلەش، قىشلىق تەييارلىقنى ئوبدان قىلىش ھەققىدە توختالدۇق. خىزمەت گۈرۈپپىسىدىكى باشقا يولداشلار ئاما ئىچىگە

تارقاپ كەتكەن قورال - ياراغلارنى ۋە ئاماا ئۆزى ياسىۋالغان مەھەللىۋى قوراللارنى يىغىۋېلىش ئىشىنى بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا پۈتتۈردى. مەكتەپتە يىگىرمە نەچچە كۈن تۇرۇپ ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلدۇق ھەمدە خىزمەتلىرىمىزدىن پارتكومغا دوكلات قىلدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپ ناھىيىسىگە يەنە بىر قېتىم بېرىش پۇرسىتى بولمىدى. ئاڭلىسام، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەكتەپ ناھىيىسىدە ناھايىتى زور يۈكسىلىش بولۇپتۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۆپ ياخشىلىنىپتۇ، ئىشلەپچىقىرىش راسا راۋاجلىنىپتۇ، مەكتەپ تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. ھازىر مەندە يەنە بىر قېتىم مەكتەپكە بېرىپ كېلىش ئىستىكى تۇغۇلدى.

## توققۇزتارادا خىزمەت تەكشۈرۈش

1972 - يىلى ماي ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيىنىڭ يادرولۇق گۇرۇپپىسى مېنىڭ ئىنقىلابىي كومىتېت قوغداش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇتىيېگو بىلەن توققۇزتاراغا بېرىپ كېلىشىمنى ئېيتتى. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق

ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ قوغداش گۇرۇپپىسىغا: «توققۇزتارادا يېقىندا بىردېلو پاش بولدى. بۇنىڭ دائىرىسى كەڭ، بۇنىڭغا چېتىشلىق ئادەم بىر قەدەر كۆپ، ھەتتا بەزى ناھىيە مەسئۇللىرى ۋە بۆلۈم باشلىقلىرىمۇ بار. ھازىر دېلونى دەسلەپكى قەدەمدە پاش قىلىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى نەزەربەنت قىلىپ سوراق قىلىۋاتىمىز. دېلو تولۇق پاش بولغاندىن كېيىن تەپسىلىي دوكلات قىلىمىز» دېگەن مەزمۇندا بىر تېلېفون كەلگەنىكەن.

مەن جۇتېيگو ۋە بىر قانچە كادىر بىلەن دەرھال غۇلجىغا يېتىپ باردۇق ۋە ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ كۆردۇق. مەلۇم بولدىكى، ئىلى رايونى بويىچە بىرگە زەربە بېرىش، ئۇچكە قارشى تۇرۇش دائىرىسى كېڭەيتىۋېتىلگەن، بولۇپمۇ توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ يۇقىرىغا قىلغان دوكلاتى مەندە قاتتىق گۇمان پەيدا قىلدى. شۇ ھامان بۇ ناھىيىدە كېڭەيتىۋېتىش ئەھۋالى ئېغىر بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۇم.

بىز توققۇزتاراغا بېرىپلا ناھىيە مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇق ۋە دەرھال ئەھۋال ئىگىلەشكە كىرىشىپ كەتتۇق. ئىشنى ئالدى بىلەن ناھىيىلىك ھەربىي ئىدارە قىلىش مەسئۇللىرىنىڭ مەزكۇر دېلو ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاشتىن باشلىدۇق. بىز دوكلاتنى ئاڭلاپ

ئۇلارغا مۇنداق سوئال قويدۇق:

— سىلەر دوكلات قىلغان بۇ «تەشكىلات» ھەققىدە قانداق پاكىتلارغا ئىگە بولدۇڭلار؟ نېمىگە ئاساسەن سوراق ئېلىپ باردىڭلار؟

ئۇلار سوئالىمىزغا ئۇدۇللا ئۇ «تەشكىلات» نىڭ بايرىقى بار ئىكەن، دەپ جاۋاب بەردى. بىز سوئالىمىزنى يەنە داۋاملاشتۇردۇق:

— ئۇ «تەشكىلات» نىڭ مەقسىتى، پروگراممىسى ھەققىدە بىرەر يازما پاكىت تاپتىڭلارمۇ؟ ئۇلار: سوراق قىلغاندا ئېغىز ئارقىلىق ئىقرار قىلدى، دېدى. بىزنىڭ ئۇلارنى قانداق سوراق قىلدىڭلار؟ دېگەن سوئالىمىزغا: بىر - بىرلەپ يالغۇز سوراق قىلدۇق، زادى ئىقرار قىلمىغاندا بەزىدە قاتتىق قوللۇق قىلىش ئۇسۇلىنىمۇ قوللاندۇق، دەپ جاۋاب بەردى.

بىز بۇ دوكلاتتىن «تەشكىلات» ھەققىدە نۇرغۇن گۇمانىي مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇق. مەن سۆھبەت ئارىلىقىدا، سوراقتا كىملەر قاتناشتى؟ كىم سوراق قىلدى، دېۋىدىم، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدىن لى فامىلىك بىرسى، سولچىلارنى قوللاش ئىشخانىسىدىن بىر ھەربىي زىداۋيۈەن سوراق قىلغانلىقىنى ئېيتتى. بىز بۇنى ئاڭلاپ دەرھال يىغىننى ئاخىرلاشتۇردۇق ۋە ھايال قىلمايلا خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر باش قوشۇپ پىكىرلىشىشكە

باشلىدۇق. ھەممەيلەن ئۆز ئويلىغانلىرىنى دېيىشتى. مەنمۇ تۆۋەندىكى پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم:

بۇ ئاتالمىش «تەشكىلات»نى قايتىدىن تەكشۈرۈش، بولۇپمۇ ناھىيە باشلىقلىرى قاتارلىق كىشىلەرنى سولاپ قويۇش ئىشىنى تېزدىن ئېنىقلاش، خەلق ئاممىسىدىن ئەھۋال ئىگىلەپ كۆرۈش، دېلوغا مەسئۇل بولۇپ سوراق قىلغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلاش ۋە سوراق قىلىش ئۇسۇلىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىش، قاماقتا ياتقانلار، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كادىرلار بىلەن ئەستايىدىل سۆھبەتلىشىش كېرەك. مەن پىكرىمنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ياخشى ئادەملەرگە ئۇۋال قىلىنمىسۇن، دېگەن پىكرىمنى جۇتېيگو ئالاھىدە قۇۋۋەتلىدى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ تەرەپبازلىق قارىشىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي، زىددىيەتنى ئىگىلەپ چىقايلى، دەپ قوشۇمچە قىلدى. بىز شۇ ھامان تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتۇق. ئەپسۇس، ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىدىكىلەر بىزنىڭ بىخەتەرلىكىمىزنى باھانە قىلىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمىزغا تازا ماسلىشىپ بېرەلمىدى.

بىز بۆلۈنۈپ تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتۇق. مەن كۈندۈزى ئاساسەن ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇلار ئاساسەن تەرەپبازلىق، سولچىللارنى قوللاش كادىرلىرىنىڭ

ئادىل بولمىغانلىقى ئۈستىدە سۆزلەيتتى. شۇڭا، مەن كەچتە پۇقراچە كىيىنىپ، كانۋاي بالا بىلەن بىللە سىرتلارغا چىقىپ ئاممىنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلىدىم، ھەتتا بەزىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بىرىشقا توغرا كېلەتتى.

ئاممىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئېغىر ناھەقچىلىقتا ئاھ - زارىنى كىمگە ئېيتىشنى بىلەلمەي، ھەسرەتكە تولۇپ يۈرۈشكەنىكەن. شۇڭا، بىزنىڭ (خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ) ھېلىقى ئاتالمىش «ئەكسىيەتچى تەشكىلات» نىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ۋە راست - يالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ چىقىشىمىزنى كىشىلەر چىن كۆڭلىدىن تەلەپ قىلىدىكەن ۋە بىزگە ئىشىنىدىكەن.

ئاممىنىڭ چىن كۆڭلىدىن ئېيتقان يۈرەك سۆزلىرى ۋە كۆز ياشلىرى بىزنى تېخىمۇ تەپسىلىي ۋە جىددىي ئىش كۆرۈشكە تەۋسىيە قىلاتتى.

بىز دۆلەت مەھەللىگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەش جەريانىدا ئىشنى ئالدى بىلەن «تەشكىلات بايرىقى» نى ئېنىقلاشتىن باشلاش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇق.

مەن باشتا دېلو تۇرغۇزغان ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ كادىرى لىنى چاقىرىپ، «تەشكىلات بايرىقى» كىمنىڭ ئۆيىدىن تېپىلدى؟ دەپ سورىدىم.

ئۇ بىر قولغا ئالغان كادىر × × نىڭ پاش قىلىشىغا ئاساسەن دۆلەت مەھەللە ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ كادىرى ×

×نىڭ ئۆيىدىن تېپىلدى، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى× × دېدى.

مەن پۇقراچە كىيىنىپ خېلى ئىزدەشلەردىن كېيىن ××بوۋاينىڭ ئۆيىنى تاپتىم.

بوۋاينىڭ سولغۇن چىرايى، مىسكىن قاراشلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئاچچىق ئازابنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇراتتى.

مەن بوۋاي بىلەن سەمىمىي پاراڭلىشىشقا باشلىدىم.

ئۇنىڭ ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىزى بار ئىكەن. بوۋاينىڭ ياتسىراشلىرى ئاستا - ئاستا تۈگەپ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ سەل تېتىكلەشكەندى. ئاشلىق ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان ئوغلىڭىز ھازىر قەيەردە؟ دەپ سورىشىمغا، بوۋاي ئۆپكىدەپ، كىچىك بالىلاردەك ئۇمچىيىپ يىغلاپ، بالىسىنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى ۋە كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتى زادىلا يوقلۇقىنى سۆزلەپ كەتتى. سۆزلىگەنسېرى يىغانى ئۆرلەپ، مەن سورىماقچى بولغان سوئاللارنى ئالدىن بىلىۋالغاندەك- ئىچ- قارنىنى تۆكۈشكە باشلىدى:

— ھەي. . . توۋا دەيمەن، بالام ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمىگەن، پەقەت مەھەللىدىكى تەڭتۇشلىرى بىلەن مەشرەپ ئوينايتتى. ئوغلۇمنىڭ نۆۋىتى كەلگەندە مەشرەپنى مۇشۇ ئۆيۈمدە ئۆتكۈزدى. قاتناشقانلار ئىچىدە

ناھىيىنىڭ كادىرلىرى ھەم× ×شۇجىمۇ بار ئىدى. ئۇلار تاماقتىن كېيىن دۇتار چېلىشىپ، ناخشا ئېيتىشىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپ دېگەندەك خېلى كەچ قايتىشقانىدى. كىم بىلسۇن، بۇ مەشرەپنىڭ بىزگە بالا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى. ئاز كۈن ئۆتمەي بىر قانچە ساقچى بالامنى ئېلىپ كېتىپ قاماپ قويۇپتۇ، — دەپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ ئۇھ تارتىپ قويدى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتمەسلىككە تىرىشتىم.

ئۇ ئازراق سۈكۈتتىن كېيىن ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ يەنە گەپ باشلىدى: يەنە ھەربىرىچە كىيىنگەن يىگىرمەئالتە ياشلاردىكى بىرەيلەن بىلەن پۇقراچە كىيىنگەن ئوتتۇزبەش ياشلاردىكى بىرەيلەن ئۆيۈمگە كىرىپ ئاقتۇرۇپ، ناماز ئوقۇيدىغان جاينامازىمنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، مانا تاپتۇق دېيىشىپ كەتتى. شۇنىڭغا ھەيران بولدۇمكى، ھېچنېمىنى ئالماستىن ناماز ئوقۇيدىغان جاينامازنى ئېلىپ كېتىشتى، دېدى بوۋاي بىر نۇقتىغا تىكىلىپ.

بوۋا، جاينا ماز قانداق شەكىلدە ئىدى، دەپ سورىدىم، بوۋاينىڭ دىققىتىنى ئۆزۈمگە تارتىپ.

توۋا دەيمەن، بۇ ئىشلارنى ھېچ چۈشىنىپ بولمايدۇ، دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى بوۋاي: ناماز ئوقۇغاندا جاينامازنىڭ باش تەرىپىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ باش تەرىپىگە قارا لاتا بىلەن

مۇسۇلمانلارنىڭ ئاي شەكلىنى تىكىپ خۇددى مەسچىتنىڭ مەرپىگە ئوخشاش شەكىل چىقىرىپ قويغانمەن، دەپ يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر خورسىندى. بۇلارنى ئاڭلاپ مەن ئويغا چۆكۈپ كەتتىم. بوۋاي ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ ئىشلار پات ئارىدا ئېنىقلىنىپ چىقىدۇ، دېدىم بوۋايغا تەسەللى ئېيتىپ.

يولدا كېتىۋاتىمەن. ماي ئېيىدىكى تاغلىق ناھىيىنىڭ ھاۋاسى خېلىلا ئىللىق بولۇپ، ئاللىقاياقلاردىكى ھەر خىل يېڭى ئوت - چۆپلەرنىڭ ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. بوۋاي بىلەن قىلىنغان سۆھبەت مېنى خېلى يېنىكلەشتۇرۇپ قويغانىدى. مەندە گويا قىيىن بىر مەسىلىنى يەشكەندەك ھېسسىيات پەيدا بولغانىدى. دېمىسىمۇ، جايناماز كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، يالغان دېلونى بىر تەرەپ قىلىپ، تۈرمىدە گۇناھسىز ياتقان، تۆھمەت بىلەن ئازاب چېكىۋاتقان، تىل ئىشتىپ، تاياق يەۋاتقانلارنى ئازاد قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەنىدىم.

شۇ كۈنى كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. ھەر خىل خىيال ئىلكىدە مېڭەم چىڭقىلماقتا ئىدى. بۇ قانداق ئىش، جاينامازنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بىلەتتىغۇ، بۇ يەردە بىر شۇملۇق يوشۇرۇنغانمۇ، نېمە؟ ئەتە چوقۇم

دېلونى بېكىتكەن سوت كادىرى ۋە ھېلىقى زىداۋىيۇەندىن ئىنقىلاپ باقاي، دېگەن قارارغا كەلدىم.

ئەتىسى خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۆزئارا ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلىشتۇق. مەن ھېلىقى «بايراق» مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

ئاخىرى، بۇ ناھىيىدە كېڭەيتىشۈپتىش، تەرەپپازلىق قىلىش، قىستاپ، ئۇرۇپ مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش ئەھۋالى ئېغىر ئىكەن، دېگەنلەرنى مۇقىملاشتۇردۇق. ئاخىرىدا مەن جۇتيېگونىڭ بىر قانچە كۈندىن بۇيان ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى تەپسىلىي خۇلاسىلاپ چىقىشنى تەلەپ قىلدىم. پىكرىمگە ھەممەيلەن قوشۇلدى.

مەلۇم بولدىكى، ھېلىقى سوتنىڭ كادىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا ئاز سانلىقلار كۆز قارىشىدا تۇرغان بولۇپ، تەرەپپازلىقى ئېغىر ئىكەن. زىداۋىيۇەننىڭ كۆز قارىشىمۇ ئوخشاشلا ئاز سانلىقلار قارىشىدا بولۇپ ، ئۇنىڭمۇ تەرەپبازلىقى ئېغىر ئىكەن. ئۇ ناھىيىدىكى كادىرلارنىڭ تولىسى كۆپ سانلىقلار قارىشىدا بولغاچقا، ئىككى ئوتتۇرىدا زىددىيەت چوڭ ئىكەن.

بۇ كونكرېت زىددىيەتتىن پايدىلانغان بىر قىسىم كىشىلەر مەشرەپ ئەھلىنى «مەخپىي مەجلىس ئاچىدۇ» دەپ يۇقىرىغا ئىنكاس قىلغان. ئاخىرى ھېلىقى ئىككى

كىشى مەسئۇل بولۇپ، پۇرسەت كەلدى دەپ قاراپ، قالايمىقان ئادەم تۇتۇپ، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان. نەتىجىدە، مەشرەپكە قاتناشقان بىرسى قىيناشقا چىدىماي يالغاندىن «تەشكىلات» مەسىلىسىنى ئىقرار قىلىپ، باشلىقىمىز ××شۇجى بولىدۇ، دېگەن. بۇنىڭ بىلەن سوراقچىلار تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ، پىلانىڭلار، مەقسىتىڭلار، بايرىقىڭلار، دېگەندەك سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتكەن. ئازابقا چىدىيالمىغان يەنە بىرسى ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ، ھېلىقى ئاتالمىش «بايراق» ئىشىنى ياساپ چىققان.

يۇقىرىغا دوكلات قىلىنغان «ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات» دېگەننىڭ تەپسىلاتى ئەنە شۇنداق ئىكەن.

بىز خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۇزۇن ۋاقىت ئەتراپلىق تەكشۈرگەندىن كېيىن بىردەك: توققۇزتارا ناھىيىسىدە يۇقىرىغا دوكلات قىلىنغاندەك «ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات» دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن. پروگراممىسى، بايرىقى، مەقستى دېگەنلەر زادىلا يوق گەپ ئىكەن دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق ۋە ئەھۋالنى تېلېگراممىا ئارقىلىق يۇقىرىغا ئەينەن دوكلات قىلدۇق.

ئۇزاق ئۆتمەي يۇقىرىدىن جاۋاب تېلېگراممىا كەلدى. تېلېگراممىدا ناھەق دېلونى تۇرغۇزغان ئاساسلىق كىشىلەرگە تېگىشلىك چارە كۆرۈشى، ناھەق

تۆرمىدە ياتقانلار قويۇپ بېرىلىشى، ناھەق دېلو بىكار قىلىنىشى كېرەك دېيىلگەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنلا قاماقتا ياتقانلارنىڭ ھەممىسى قويۇپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە سابىق ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇدىرى رېزۋانمۇ بار ئىدى.

ئاخىرىدا يالغان دېلو تۇرغۇزۇشقا قاتناشقانلارنىڭ بەزىلىرى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى، بەزىلىرىگە مۇۋاپىق چارە كۆرۈلدى.

شۇنداق قىلىپ بىز توققۇزتارادا يىگىرمە ئۈچ كۈن تۇردۇق. كەڭ خەلق بىزنىڭ قىلغان ئىشىمىزدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى، پارتىيىنىڭ توغرا سىياستىدىن ئىنتايىن رازى بولۇشتى:

كېيىن بىز خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى كادىرلار ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق ۋە جۇتېيگو بىلەن بىللە توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە كۆرۈلگەن كېڭەيتىۋېتىش دېلوسىنىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرىغا تەپسىلىي دوكلات قىلدۇق.

## ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىدە

يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭدىكى ھەر

قايسى مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كەڭ قۇچاق ئېچىپ بەردى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا تەنتەربىيە كەسپى ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئەينى چاغدىكى كونا ھۆكۈمەتتە تەنتەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئاپپاراتمۇ يوق ئىدى. مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرى سوغۇق مۇئامىلە قىلىنىپ كەمسىتىلەتتى؛ ھازىرقى زامان تەرەققىي قىلىۋاتقان تەنتەربىيىسىدىن سۆز ئېچىشقا زادىلا بولمايتتى. شۇنچە چوڭ شىنجاڭدا ئەينى ۋاقىتتا پەقەت ئۇرۇمچىدىلا ۋاسكىتبول، ۋالىبول ئويناشقا بولىدىغان توپ مەيدانىدىن بىرسىلا بار ئىدى. 1948- يىلى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 7- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزگەندە، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى نۆل نەتىجە بىلەن قايتقانىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، بىز مۇنداق ئارقىدا قالغان تەنتەربىيە ھەرىكىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەمدە دۆلەت ئىچىدىكى ۋە خەلقئارادىكى ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىلىرىگە قاتنىششتا ھەقىقەتەن كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدۇق. بىز پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى ھەم زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، ئىشنى ئاساسىي قۇرۇلۇشنى تۇتۇشتىن

باشلىدۇق. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭغا ئەسئەت ئىسھاقوف قوشۇمچە مۇدىر بولدى.

1952 - يىلى يۇقىرىدىن ھەرقايىسى ئۆلكىلەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملارنىڭ مەسئۇللىرى شۇ ئۆلكىلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش كەلدى. مەن ئەينى چاغدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدىم. ھەربىي رايون پارتكومى مېنى قوشۇمچە ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا مەلۇم قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي گوۋۇيۈەنگە مەلۇم قىلىنىپ تەستىقلىنىپ كەلدى. ئۇ ۋاقىتلاردا دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى مارشال خې لۇڭ قوشۇمچە ئۆتەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش، ماسلاشتۇرۇش، نازارەت قىلىش ئىشى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىنىشكە باشلىدى. تەنتەربىيە مەيدانلىرى سېلىنىپ، تەنتەربىيە مۇئەسسەسەلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. مەن ياش ۋاقتىمدىن تارتىپلا تەنتەربىيىگە ئاجايىپ قىزىقاتتىم. 1938 - يىلى، غۇلجا قارادۆڭ باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇغۇچى بولۇپ تۇرغان چېغىمدا، بىر ۋالىبول كوماندىسى قۇرۇپ، غۇلجا

شەھرىدىكى نامى چىققان كوماندىلار بىلەن، مەسىلەن، تاتارلارنىڭ «ئازاد» كوماندىسى، ئۈچ دەرۋازىدىكى مىللىيلاردىن تەشكىل قىلىنغان «غۇدۇر» كوماندىسى بىلەن دائىم دېگۈدەك مۇسابىقىلىشىپ تۇراتتۇق. باشقا باشلانغۇچ مەكتەپ كوماندىلىرى بىلەن پۇرسەت بولسىلا ۋالىبول ئوينايتتۇق، بولۇپمۇ ئىلى گىمنازىيىسىنىڭ كوماندىسى بىلەن چىڭراق ئېلىشاتتۇق. پۇتبول ئويناشقىمۇ ھەۋەس قىلاتتىم. دەم ئېلىش چاغلىرىدا، مۆيدىن زۇنۇن، مەخمۇت پارماش قاتارلىق بالىلار بىلەن ۋاڭ قادىرنىڭ باغچىسىغا بېرىپ توپىلىق مەيداندا تاتار كوماندىسى بىلەن مۇسابىقىلىشەتتۇق. تاتار كوماندىسىنىڭ تېخنىكىسى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى زادى ئۇتالمايتتۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى غارىپ ئەۋزى، مەسئۇت ئالدىگاروف قاتارلىقلار بۇرۇن چەت ئەلدە پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتناشقانىدى. مەن چاڭغا تېيىلىش، بىلىيارت ئويناشنىمۇ ياخشى كۆرەتتىم. 1952 ـ يىللاردا يولداش سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن بىرلىكتە ھازىرقى ھەربىي مەكتەپنىڭ ئورنىغا بېرىپ چاڭغا تېيىلىپ ئوينايتتۇق. شۇ كۈنلەردە، ھەربىي رايوندىكى ئىشلاردىن قولۇم بوشىسىلا ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىغا بېرىپ، تەنتەربىيە كومىتېتىدىكى يولداشلار بىلەن شىنجاڭ تەنتەربىيىسىنى قانداق راۋاجلاندۇرۇش ، تەنتەربىيە

مەيدانلىرىنى قۇرۇش، تەنتەربىيە مۇئەسسەسەلىرىنى كۆپەيتىش، تەنتەربىيە قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەر قوشۇنىنى بەرپا قىلىش، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈش، ئاممىۋى تەنتەربىيە ھەرىكىتىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ تۇراتتىم.

مەن شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، شىنجاڭ تەنھەرىكىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش ئۈستىدە كۆپرەك ئويلىناتتىم. چۈنكى، «بىر مەكتەپ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم مەسىلە — مەكتەپ مۇدىرىنى، ئوقۇتقۇچىلارنى تالّلاش ۋە تەلىم-تەربىيە فاڭجېننى بەلگىلەش» ئىدى.

شۇڭا، بىز ئالدى بىلەن كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىر قىسىم قابىل كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىدىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بىرىنچى قېتىمدا، 1952 - يىلى شىڭخۇ شىمالىي كوچا تەنتەربىيە سارىيىنى، ئىككىنچى قېتىمدا، بېيمېن يازلىق تەنتەربىيە مەيدانىنى ياسىدۇق. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستاننىڭ ۋالىبول كوماندىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ۋالىبول كوماندىسى

1957- يىلى كۈزدە مۇشۇ تەنتەربىيە مەيدانىدا تۇنجى قېتىم مۇسابىقە ئۆتكۈزدى. مەزكۇر مۇئەسسەسەلەر شىنجاڭ تەنتەربىيە تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالمىدى. شۇنىڭ بىلەن 1961 - يىلى نەنمېن تەنتەربىيە سارىيىنى، ئۇنىڭغا قوشۇپ ياتاقلارنى، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرىنى سېلىشنى مۇزاكىرە قىلدۇق. بىراق، ئىقتىساد كەمچىل ئىدى، ئەھۋالىمىزنى مارشال خې لۇڭغا مەلۇم قىلىپ، دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىدىن پۇل ئالدۇق، بىر قىسمىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى بەردى، مەزكۇر قۇرۇلۇش 1964- يىلى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

1965 - يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن خې لۇڭ مارشال ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، بىز ئۇنى باشلاپ نەنمېن تەنتەربىيە سارىيىنى كۆرسەتتۇق. خې لۇڭ مارشال تەنتەربىيە سارىيىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقىپ، سارايىنىڭ ھەممە تەرىپىنى كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن رازى بولغان ھالدا: «ياخشى قىپسىلەر، بۇ قۇرۇلۇش غەربىي شىمال بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن» دېدى.

خې لۇڭ ئاقساقال ئات بەيگىسى ۋە ئات ئويۇنلىرىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا، ئۇ 10-

ئايىنىڭ 2 - كۈنى ياۋروپا - ئاسىيا ئايرودرومىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئات بەيگىسى ۋە ئات ئويۇنى مۇسابىقىسىنى كۆردى. ئۇ مەندىن شىنجاڭ ئاتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا، ئىلى ئاتلىرى يۈگۈرۈك، قارا شەھەر ئاتلىرى يورغا كېلىدۇ، دەپ تونۇشتۇردۇم. ئۇ مەمنۇن بولۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە ئارىلىقتا شىنجاڭنىڭ قىزلار ۋاسكېتبول كوماندىسىنى ماختىدى، قانداق قىيىنچىلىقلار بولسا، دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىغا دەڭلار، ئۇلار ھەل قىلىپ بېرىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن تۆت پەسىللىك مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنىڭ خىراجىتىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى ئېچىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تەنتەربىيە مەيدانلىرى ئارقا- ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، تەنتەربىيە مۇئەسسەسەلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. مەن ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى يىگىرمە يەتتە يىل قوشۇمچە ئىشلىدىم ، كېيىنكى كۈنلەردە شىنجاڭ تەنتەربىيىسىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى . 1990 - يىللىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1990- يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ھەر خىل تەنتەربىيە مەيدانى ئوت تۆت مىڭ ئالتەيۈز ئۈچكە يەتكەن. پۇتبول مەيدانى، قارىغا ئېتىش مەيدانى، غالتەك تېيىلىش مەيدانى، ۋاسكېتبول مەيدانى،

ۋالىبول مەيدانى، يېنىك ئاتلېتكا مەيدانى، تەنتەربىيە سارىيى، سۇ ئۈزۈش كۆلى، گىمناستىكا زالى، چېلىشىش زالى، تىكتاك توپ زالى، ئوقيا ئېتىش زالى، يېنىك ئاتلېتكا ئۇنىۋېرسال سارىيى قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى. خېلى كۆپ ناھىيە، شەھەرلەر دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى بەلگىلىگەن «ئىككى مەيدان، بىر كۆل، بىر زال» بولۇش ئۆلچىمىگە يەتتى، 90 ـ يىللاردا تېخىمۇ زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى.

بىز مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسىدىغان زاپاس ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، 1956- يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇنجى ياش- ئۆسمۈرلەر ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىنى قۇردۇق. كېيىن ۋىلايەت، ناھىيىلەردىمۇ بۇ خىلدىكى مەكتەپلەردىن بىر تۈركۈمى قۇرۇلدى. مەزكۇر مەكتەپ كېيىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تەنتەربىيە مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. كېيىنچە بۇ مەكتەپ تەرەققىي قىلىپ ئالتىگە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى توققۇزيۈز قىرىق بىرگە يېتىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەر كوماندىسى ئۈچۈن كۆپلىگەن زاپاس تەنتەربىيە ئىختىساس ئىگىلىرى تەربىيىلەندى. بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى سەپنىڭ مەشق سىستېمىسى شەكىللەندى. بۈگۈنگە كەلگەندە تەرەققىي

قىلىپ، ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى مۇسابىقە تۈرلىرى ئىچىدىن يېنىك ئاتلېتكا، خەلقئاراچە چېلىشىش، قارىغا ئېتىش، ئوقيا ئېتىش، پۇتبول، ۋالىبول، ۋاسكىتبول، تىكتاك توپ، رۇداۋچە چېلىشىش، ۋېلىسىپىت، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، بوكس، ئات ئۇستى ماھارىتى، قار- مۇز تەنھەرىكىتى قاتارلىق ئون بەش تۈر، ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ مۇسابىقە تۈرى بولمىغان تۈرلەردىن جۇڭگوچە چېلىشىش، موتسىكلىت، ئاۋئىا مودېلى بولۇپ جەمئىي ئون سەككىز تۈر تەسىس قىلىندى. بۇ تۈرلەرنىڭ تەنھەرىكەتچىلەر قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچىلەردىن ئوتتۇزتوققۇزمىڭ بەش يۈزئەللىك بىرى تەربىيىلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى دەرىجىلىكى ئۈچ يۈزئەللىك ئۈچ نەپەر. توقسان ئالتە كىشى دۆلەت دەرىجىلىك ماھىر تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە، بىر كىشى خەلقئارالىق ماھىر تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرى ئەللىك پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. دەرىجىلىك رېپىرلار ئون ئالتەمىڭ سەككىزيۈزيىگىرمە ئالتە نەپەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خەلقئارالىق رېپىر تۆت، دۆلەتلىك رېپىر يەتمىش، 1 - دەرىجىلىك رېپىر بىرمىڭ بىريۈزبىر. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تىرېنېر

بەش يۈز توقسان توققۇز نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك تىرېنېر يىگىرمە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تىرېنېر بىرىيۈزئون ئالتە نەپەر.

بىز هازىرقى زامان ماهارەتلىك تەنتەربىيىسىنى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىنىمۇ ئىلگىرى سۈردۇق. بۇ پائالىيەتلەر شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى تەنتەربىيە پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغان نوپۇس ئاران ئۈچ پىرسەنت ئىدى، هازىر تەرەققىي قىلىپ نوپۇسنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىدى. بىر مىليون دېهقان- چارۋىچى هەر خىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە دائىم قاتنىشىدىغان بولدى. هەر دەرىجىلىك هەر خىل مەكتەپلەردىكى سەككىز يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى دۆلەت تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمىگە يەتتى. 1990- يىلىغا كەلگەندە، قورغاس، ئارىشاڭ، مارالبېشى، مەكىت، قەشقەر يېڭىشەھەر، يەنجى، دۆربىلجىن، ئاقسۇ ئونسۇ، پەيزاۋات، كۇنەس، بۇرۇلتوقاي، بۇگۇر ناهىيىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناهىيە بولۇپ باهالاندى. ئالدىنقى توققۇز ناهىيە مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناهىيە بولۇپ باهالاندى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا مەكتەپ تەنتەربىيىسى، مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە، دېهقان-

چارۋىچىلار تەنتەربىيىسى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر تەنتەربىيىسى، ياشانغانلار تەنتەربىيىسى، مېيىپلار تەنتەربىيىسى ھەر جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك ساغلام تەرەققىي قىلماقتا.

شىنجاڭدا 1953- يىلى 1- نۆۋەتلىك ئۆلكىلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 1978- يىلى 2- نۆۋەتلىك، 1982- يىلى 3- نۆۋەتلىك، 1988- يىلى4- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى؛ 1988- يىلى ۋە 1990- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 1- نۆۋەتلىك ۋە 2- نۆۋەتلىك ياش- ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى؛ 1985- يىلى ۋە 1989- يىلى 1-، 2- نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى؛ 1988- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 1- نۆۋەتلىك دېھقان- چارۋىچىلار تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا تەنتەربىيە ئاپپاراتى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، 1990- يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت يىغىنلىرىدىن جەمئىي يىگىرمە يەتتە مىڭ تۆت يۈزبىر قېتىم ئۆتكۈزۈلدى. ھەرخىل مۇسابىقىلەرگە بىر مىليون ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

دېمەك، ئۇزۇن مۇددەت جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش ئارقىلىق، ئالدى بىلەن ماھارەتلىك تەنتەربىيە ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈردۇق. مەسىلەن، 1958-

يىلى ئەمدىلا تەشكىللەنگەن شىنجاڭ ئاياللار ۋاسكىتبول كوماندىسى رايون ئىچى ۋە سىرتىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق ماھارىتىنى ناھايىتى تېز ئۆستۈرۈپ، 1960- يىلى مەملىكەتلىك A دەرىجىلىك كوماندىغا كۆتۈرۈلدى ھەمدە دۆلەتكە ۋەكالىتەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى فرونزىدا زىيارەتتە بولۇپ، بەش مەيدان مۇسابىقىنىڭ ھەممىسىدە تولۇق غەلىبە قىلىشتەك ئەلا نەتىجە يارىتىپ، شەرەپ بىلەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. 1963 - يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار ۋاسكىتبول A دەرىجىلىك كوماندىلارنىڭ بىرلەشمە مۇسابىقىسىدە، شىنجاڭ ئاياللار كوماندىسى مەملىكەت بويىچە 21- ئورۇندىن بىر سەكرەپلا مەملىكەت بويىچە چېمپىيونلۇققا ئۆتتى. 1964- يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭدىن ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ ئوتتۇزئۈچ ئادەم ئات بەيگىسى، ئوقيا ئېتىش، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش قاتارلىق تۈرلەردە مەملىكەت رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى، بەش تۈردە مەملىكەت رېكورتىنى ساقلاپ قالدى. ئاۋئىا مودېلى بويىچە بىر تۈردە دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەنتەربىيە تەشكىلاتلىرى، تەنتەربىيە قوشۇنلىرى، تەنتەربىيە مەيدانلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى،

ئاممىۋى تەنتەربىيە، ماھارەتلىك تەنتەربىيە ئۆز ئورنىدا توختاپ قالدى. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا قاراتتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ تەنتەربىيە خىزمىتىمۇ بىر قەدەر تېز ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. تەنتەربىيە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك، ئىدىيىۋى- سىياسىي خىزمەت كۈچەيتىلدى، تەنتەربىيە ئىشلىرىدا سىرت بىلەن بولغان ئالاقە كېڭەيتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، تەنھەرىكەتچىلىرىمىز 1979- يىلى ۋە 1983- يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 4- ۋە 5- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، جەمئىي يىگىرمە ئالتۇن مېدال، ئون تۆت كۈمۈش مېدال، سەككىز مىس مېدال ئالدى. 4- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا يەنە رېزىنكىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلغان مودېل ئايروپىلاننىڭ تۈز سىزىقلىق سۈرئىتى بويىچە مەملىكەت رېكورتىنى ياراتتى. 1986- يىلى 3- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونىمىز كوماندىسى ئون بىر ئالتۇن مېدال، ئون ئىككى كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئېلىپ، ئومۇمىي نەتىجىدە بىرىنچى

بولدى.

تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تەنتەربىيە پەن تەتقىقاتى ۋە تەنتەربىيە پەننىي بىلىملىرىنى تارقىتىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا، ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ تەنتەربىيە پەن تەتقىقاتى ئورۇنلىرى قۇرۇلدى، «شىنجاڭ تەنتەربىيىسى» ژۇرنىلى نەشر قىلىندى. «مەكتەپ تەنتەربىيىسى»، «تەنتەربىيە نەزەرىيىسى» قاتارلىق كىتابلار ئۇيغۇرچە، قازاقچىغا تەرجىمە قىلىپ تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى.

# بەشىنچى قىسىم

## رومىنىيىگە زىيارەت

1983 - يىلى مەركىزىي ھەربىي كومىتېت نەنجىڭ ھەربىي رايونى، چېڭدۇ ھەربىي رايونى، لەنجۇ ھەربىي رايونى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىدىن تەركىب تاپقان ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ رومىنىيىگە زىيارەتكە ئەۋەتتى. نەنجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى شاڭ شۇجى ئۆمەك باشلىقى، چېڭدۇ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋەن خەيپىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولدى. ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىدىن مېنىڭ چىقىشىمنى بېكىتتى. بىز ئۆمەك ئەزالىرى بېيجىڭغا يىغىلدۇق ۋە بىر نەچچە كۈن ئۆگىنىش قىلدۇق. بىزگە رومىنىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى ھەم ساياھەت جەريانىدا دىققەت قىلىنىدىغان ئىشلار تاپشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ رومىنىيىگە سەپەر قىلدۇق. بىز

بېيجىڭدىن ئۇچۇپ قونجىراپ چېگرا ئېغىزىدىن ئۆتۈپ كەچ سائەت ئون ئىككىدە كاراچـى ئايرودرومـــغا قوندۇق. بۇ جايدا ئايروپىلانغا ماي قاچىلىغىچە ئازراق ئارام ئالدۇق. بەلكىم ئەتىگەن سائەت بىر يېرىم بولغان بولسا كېرەك، ئايروپىلان يەنە كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، ئەتىگەن سائەت بەشلەردە تۈركىيە ئىستانبولنىڭ هاۋا بوشلۇقىغا كىرگەندە، ئارىمىـزدىكـى بۇرۇن مۇشۇ لىنىيىدە ماڭغان يولداشلار ئايروپىلاننىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ: «ئەنە ئىستانبول بوغۇزى» دەپ ۋارقىرىدى. قارىساق، قاپقارا دېڭىز يۈزىدە هەر خىل پاراخوتلار ئۈياق- بۇياققا ئۆتـۈشـۈپ قـاتنـاپ يـۈرۈۋېتـىـپتـۇ. ئايروپىلاندا تۇرۇپ دېڭىز يۈزىنى كۆرسە هەقىقەتەن بەك كۆڭۈللۈك بولىدىكەن. شۇنداق خۇشاللىقلار بىـلەن ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلـىكـىـنـى هېس قىلماپتۇق. هەش- پەش دېگۈچە غەربىي ياۋروپاغا يەنى بۇلغارىيە هاۋا بوشلۇقىغا كىردۇق. هاۋادىن قارىسا، بۇلغارىيە زېمىنى گويا بىر پارچە «پەتنۇس نۇسخا» گىلەمگە ئوخشاش بەك گۈزەل كۆرۈنەتتى. دېهقانلارنىڭ ياڭيۇ كولاۋاتقانلىـقـىـنـى، چارۋا ماللارنىـڭ يايلاۋاتقانلىقىنى، ئالىقانچىلىكمۇ ئاق يەرنىڭ يوقلۇقىنى كۆردۇق. سائەت بىر بولغاندا، بوخارىست ئايرودرومىغا قوندۇق. ئايرودرومدا بىزنى رۇمىنىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى بىـر نەچچە

ئارمىيە ئەربابلىرى بىلەن بىللە كۈتۈپ تۇرغانىكەن. دۆلىتىمىزنىڭ رۇمىنىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا خادىملىرىمۇ ئالدىمىزغا چىققانىكەن. بىز دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ كاتتا مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇق. شۇ كۈنى كەچتە رۇمىنىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى كاتتا زىياپەت بېرىپ، بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئارتىسلار مىللىي ئۇسسۇللىرىنى ئويناپ سورۇننى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇلار بىزنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئۇسسۇل ئويناشقا تەكلىپ قىلدى، بىزمۇ تارتىنماستىنلا بىعرگە ئۇسسۇلغا چۈشتۇق. شۇ ئەسنادا بىر ئوماق قىز مەندىن: بىزنىڭ رۇمىنىيە قانداق ئىكەن، دەپ سورىدى، مەن: خۇددى سىزگە ئوخشاش گۈزەل ئىكەن، دەپ جاۋاب بەردىم. بۇ قىز تېخىمۇ شادلىنىپ كەتتى. دېمەك، بۇ كېچە خۇددى كونا قەدىناس دوستلار بىلەن بىرگە جەم بولغاندەك شاد- خۇراملىق ئىچىدە ئۆتتى.

ئەتىسى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن بولغان ئارىلىقتا بىر پېشقەدەم كىشى رۇمىنىيىنىڭ پايتەختى بۇخارىستنى بىزگە تونۇشتۇردى: بۇخارىست دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە قاتناش مەركىزى بولۇپ، دۆلەت بويىچە ئەڭ چوڭ شەھەر ئىكەن. بۇخارىست شەھىرى ۋالاخىيە تۈزلەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، دوناي دەرياسىنىڭ تارمىقى — دېمبوۋىتسا دەرياسىنىڭ بويىغا

جايلاشقانىكەن. شەھەر ئاھالىسى سەككىزيۈزتوقسان
يەتتە مىڭدىن ئاشىدىكەن (شۇ چاغدىكى مەلۇمات).
شەھەر ئەتراپى رايونىنىڭ ئاھالىسىنى قوشقاندا بىر
مىليون سەككىزيۈزيىگىرمە مىڭدىن ئاشىدىكەن.
بۇخارېست 1659- يىلى ۋالاخىيە كېنەزلىكىنىڭ
مەركىزى بولغانىكەن. 1862 - يىلىدىن باشلاپ
رۇمىنىيىنىڭ پايتەختى بولۇپتۇ. بۇخارېست
رۇمىنىيىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇنىۋېرسال سانائەت شەھىرى
بولۇپ، شەھەرنىڭ ماشىنىسازلىق، خىمىيە، نېفىت
ئايرىش، توقۇمىچىلىق، كىيىم- كېچە، يېمەك-
ئىچمەك، نەشرىياتچىلىق، مېتاللورگىيە قاتارلىق
ئىشلىرى تەرەققىي قىلغانىكەن. بۇخارېست شەھىرىگە
شىمالدىكى ترانسىلۋانىيە رايونىدىن ئېلىنغان تەبىئىي
گاز تۇرۇبا ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىكەن. شەھەرنىڭ
قۇرۇلۇشى زامانىۋى ھەم كۆركەم ئىكەن، مەنزىرىسى
گۈزەل، ئىقلىمى ئىللىق كېلىدىكەن. بۇ جايدىن
دۆلەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا سوزۇلغان تۆمۈر يول،
تاشيول، ھاۋا يول تۇرلىرى بار ئىكەن. شەھەردە
1864- يىلى قۇرۇلغان ئاتاقلىق بۇخارېست
ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق نۇرغۇن ئالىي بىلىم يۇرتلىرى،
دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، باشقا پەن تەتقىقاتى
ئورۇنلىرى، 17-، 18- ئەسىرلەردە قۇرۇلغان
ئاساسلىق تارىخىي ئورۇنلار، مۇزېيلار بار ئىكەن.

چۈشتىن كېيىن، بىز رەسمىي ئېكسكۇرسىيىنى باشلىۋەتتۇق. مەلۇم بىر تراكتور زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. مەزكۇر زاۋۇت پۈتكۈل رۇمىنىيە يېزا ئىگىلىكىنى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن قامدايدىكەن. يەنە بىر ھەربىي گازارمىنى كۆردۇق. كوماندىر، جەڭچىلەرنىڭ تۇرمۇشى مۇنتىزىملاشقان بولۇپ، ھەممە ئىش ھازىرقى زامان ئۇرۇشى تەلىپىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. ھەربىي تەلىملىرى قاتتىق ئىكەن، گازارما قۇرۇلۇشى، گازارما ئەسلىھەلىرى بەكمۇ ئەمەلىيەتكە ماس كېلىدىكەن.

بىز يەنە سىبىيو دېگەن بىر شەھەرگە باردۇق. بۇ شەھەرگە بېرىشتا دېڭىز يۈزىدىن ئىككى مىڭ بەشيۈزمېتىر ئېگىز بولغان كاراپات تېغىدىن ئاشتۇق. بۇ بىر قەدىمىي شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ مەنزىرىسى تولىمۇ گۈزەل ئىكەن. بىز بۇ شەھەرنى ساياھەت قىلىش جەريانىدا، رۇمىنىيە ئارمىيىسى سىياسىي بۆلۈمى دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەجرىبىسىنى تونۇشتۇردى. تونۇشتۇرغۇچى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيىنى قانداق ھەل قىلغانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بىز كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتىنى يىگىرمە-ئوتتۇز يىل مۆلچەرلەپ، ئولتۇرغان ئۆيىنىڭ باھاسى

بويىچە ھەر ئايدا ئايلىق ئىش ھەققىدىن مۇناسىپ نىسبەتتە پۇل تۇتۇپ قالىمىز. مەزكۇر كادىر پېنسىيىگە چىققاندا، مەزكۇر ئۆي شۇ كىشىنىڭ شەخسىي مۈلكى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە چوڭ تەسىر يەتمەيدۇ. ماڭا يەنە چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى شۇ بولدىكى، بۇخارىست شەھىرىدە قاتناپ يۈرگەن شۇنچە كۆپ ئاپتوموبىللار ئىچىدە چەت ئەلدە ئىشلەنگەن بىرەر ئاپتوموبىلنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىكەن، مەيلى ھۆكۈمەت، مەيلى پۇقرالار ئىشلىتىۋاتقان ئاپتوموبىللارنىڭ ھەممىسى رۇمىنىيىنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقارغان ئاپتوموبىللار ئىكەن. بىز زىيارەتتە بولغان ۋاقتىمىزدا رۇمىنىيىنىڭ ئىقتىسادى ئوبدان تەرەققىي قىلغان مەزگىل بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى خېلىلا ياخشى ئىكەن.

## قازاقىستانغا زىيارەت

1989- يىل 7- ئاينىڭ 25- كۈنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇرۇنقى پايتەختى ئالمۇتا بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى ئارىسىدا ھاۋا يولى ئېچىلدى، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئالدىغا زىيارەت ئۆمىكى

تەشكىللەپ ئۆزئارا زىيارەت قىلىشتۇق. مەن جۇڭگو شىنجاڭ ھاۋا قاتناش زىيارەت ئۆمىكىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ئالمۇتاغا باردىم. مېنىڭ ئالمۇتاغا بېرىشىم تۇنجى قېتىم ئىدى. بىزنى ئالمۇتا ئايرودرومىدا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بىلەن قازاقىستان ھاۋا قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كۈتۈۋالدى. بارغان كۈنىمىز كەچتە ئۇلار بىزگە قازاقلارنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتى بويىچە كاتتا زىياپەت بەردى. زىياپەت شىرەسىگە قازاق مىللىتى ئەڭ ياقتۇرۇپ يەيدىغان سېرىق ماي، بوغۇرساق، ساپ قېمىز، ھەر خىل قەنت- گېزەك، گۆشتىن ياسالغان ھەر خىل تائاملار تىزىلغانىدى.

7- ئاينىڭ 26- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئالمۇتانىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشتۇق: ئالمۇتا قازاقىستاننىڭ بۇرۇنقى پايتەختى بولۇپ، ئالاتاۋ تاغلىرىنىڭ شىمالىي يان باغرىغا جايلاشقانىكەن. شەھەر جايلاشقان ئورۇننىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئالتەيۈزئەللىك مېتىردىن توققۇزيۈزئەللىك مېتىرغىچە بولۇپ، چوڭ- كىچىك ئالمۇتا دەريالىرىنىڭ ئېقىپ كەلگەن چۆكمىلىرى ئۈستىگە جايلاشقانىكەن. بىر مىليون ئاتمىش سەككىز مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىسى بولۇپ، قازاقىستان بويىچە ئەڭ چوڭ شەھەر ئىكەن. كونا قازاق يېزىسى ئالمۇتا ئورنىدا بەرپا بولغانىكەن،

شەھەرنىڭ ئەتراپىدا ئالمىلىق ئورۇنلار ناھايىتى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، 1921- يىلى ئالمۇتا دەپ نام بېرىلگەنىكەن. شۇ كەملەردە ئالمۇتا شەھىرى قازاقىستاننىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە قاتناش مەركىزى ئىكەن. شەھەردە مېتاللچىلىق، ئېلېكتر، ماشىنىسازلىق، توقۇمىچىلىق، يېمەك- ئىچمەك، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قاتارلىق سانائەت ئورۇنلىرى تەرەققىي قىلغانىكەن.

بىز ئالمۇتاغا بېرىپ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن رەسمىي زىيارىتىمىز ۋە ئېكسكۇرسىيەنى باشلىۋەتتۇق. ئالدى بىلەن ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى — ئۆچمەس يالقۇنتاغقا بېرىپ ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىپ گۈلچەمبىرەك قويدۇق، ئاندىن كېيىن ئالمۇتانىڭ غەربىدىكى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان مېدۇ قىشلىق- يازلىق تەنتەربىيە مەيدانى ۋە سارىيىنى كۆردۇق. بۇ ساراي، مەيدان ناھايىتى كەڭ- ئازادە ئىكەن، 7- ئايلاردىمۇ مۇز تېيىلىش ۋە مۇز ئۈستى گېمناستىكىسىنى ئويناش سايمانلىرى تولۇق بولۇپ، پات- پات خەلقئارالىق مۇسابىقىلەر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىكەن. مەن ئالمۇتاغا بارغاندىن كېيىن، ئالمۇتادىكى تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. ئۇلار مېنىڭ قازاقىستانغا زىيارەتكە كەلگەنلىكىمنى ئاڭلاپ بىز چۈشكەن

مېھمانخانىنىڭ گۈللۈك مەيدانىغا يىغىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار بىلەن سالام- سەھەت قىلىشىپ، خېلى ئوبدانلا پاراڭلىشىۋالدىم. تۇغقانلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆمەكتىكىلەر بىلەن بىرلىكتە شەھەرگە چىقىپ رەستىلەرنى، چوڭ- چوڭ ماگىزىنلارنى ئارىلىدۇق. 1989- يىلى ئالمۇتادا ماددىي نەرسىلەر خېلى مول، رۇبلىنىڭ كۈچى خېلى زور ئىكەن.

شەھەرنى ئايلانغاچ «ئاباي» تىياتىرخانىسىغا بېرىپ، ئۇنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، تىياتىرخانىنىڭ ئارتىسلىرى بىر نەچچە نومۇر ئويۇن كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بىز يەنە سۇ ئىنشائاتى ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، ئۇ يەردە ئېتىزلار پۈركۈپ سۇغىرىلىدىكەن. چۈشلۈك تاماقنى بىر چوڭ باغقا ئورۇنلاشتۇرغانىكەن، ئۇ يەردە ئۇيغۇر ئارتىسلىرى راۋاپ، داپقا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتتى، ئۇسسۇل ئوينىدى، ۋاقتىمىز شۇنچە تېز ۋە خۇشال ئۆتتى.

7- ئاينىڭ 28- كۈنى ئەتىگەندە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ كۆكچىتاۋ دېگەن يەرگە قاراپ ئۇچۇپ، بالقاش كۆلى ئۈستىدىن ئۆتۈپ ئۈچ سائەتتە كۆكچىتاۋ شەھەر بازىرىدىكى ئايرودرومغا قوندۇق. بۇ يەرنى شىمالىي ئالمۇتا دەپ ئاتايدىكەن. كۆكچىتاۋ سىبىرىيىگە يېقىن بولغاچقا، ھاۋاسى سۆرۈن ئىكەن، بىز بارغاندا

ھاۋا رايى 17℃ ~ 18℃ ئەتراپىدا ئىكەن. بۇ يەرنىڭ
چوڭ- كىچىك تاغلىرى ئاق قېيىن بىلەن قاپلانغانىكەن،
ساۋخوزلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى چاۋشىيەنلىك
بولۇپ، ئۇلار رۇسچىنى بەكمۇ راۋان سۆزلەيدىكەن.
بىز يەنە «ئوق يەتمەس» بىر كۆلنى ئېكسكۇرسىيە
قىلدۇق. بۇ كۆلنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئېگىز قورام
تاش، تاش ئۈستىدە بىر قىزنىڭ ھەيكىلى بار ئىكەن.
رىۋايەت قىلىنىشىچە، شۇ قىزغا ئاشىق- بىقارار بولغان
يىگىتلەر ئوقيا ئېتىپ قورام تاشقا يەتكۈزەلمىگەنلىكى
ئۈچۈن، «ئوق يەتمەس» دەپ ئات بېرىلگەنىكەن. بۇ
جايغا ساياھەتچىلەر كۆپ كېلىدىكەن. بىز بۇ يەردە
ئىككى كېچە قونۇپ ئالمۇتاغا قايتىپ كەلدۇق. مۇشۇ
پائالىيەتلەر داۋامىدا ئالمۇتا ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ
مۇئاۋىن سېكرېتارى باشتىن - ئاخىر بىز بىلەن بىرگە
بولدى.

1989- يىل 7- ئاينىڭ 30- كۈنى ئۈرۈمچىگە
ئامان- ئېسەن قايتىپ كەلدۇق.

## روسسىيىگە زىيارەت

1995- يىلى روسسىيە پېشقەدەملەر جەمئىيىتى
جۇڭگولۇق پېشقەدەملەرنى روسسىيىگە زىيارەتكە تەكلىپ

قىلدى. 9- ئايدا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش بىر قىسىم پېشقەدەم كادىرلارنى روسىيىنىڭ پايتەختى موسكۋانى، لېنىنگرادنى ساياھەت قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى. مەن شۇ ئۆمەك ئەزاسىنىڭ بىرسى سۈپىتىدە روسىيىگە باردىم.

بىز ساياھەت ئۆمىكى ئەزالىرى بېيجىڭغا جەم بولغاندىن كېيىن، 9- ئاينىڭ 10- كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭدىن موسكۋاغا قاراپ ئۇچتۇق. تاشقى موڭغۇلىيە، سىبىرىيىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۆتۈپ كەچ سائەت ئوندا موسكۋا ئەتراپىدىكى بىر ئايرودرومغا قوندۇق. بىزنى موسكۋا ياشانغانلار جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى كۈتۈۋالدى، مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى، بارغان كۈنىمىز موسكۋانىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئۆگەنگەچ ئارام ئالدۇق.

موسكۋا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پايتەختى، شۇنداقلا ھازىرقى روسىيىنىڭ پايتەختى. روسىيە بويىچە ئەڭ چوڭ، زامانىۋى شەھەر، دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە قاتناش مەركىزى. موسكۋا شەرقىي ياۋروپا (رۇس تۈزلەڭلىكى)نىڭ ئوتتۇرىسىغا، موسكۋا دەرياسى ھەم ئۇنىڭ تارمىقى بولغان رئوزا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقان، يەر مەيدانى توققۇزيۈز كۋادرات كىلومېتىر

كېلىدىكەن، سەككىز مىليون ئالتەيۈزقىرىق ئالتە مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىسى بار ئىكەن، دۇنيا بويىچە زامانىۋى چوڭ شەھەر ئىكەن. موسكۋا 1156- يىلى كىچىك بىر شەھەرچە بولۇپ قۇرۇلغان. ئۇ 13- ئەسىردە موسكۋا كىنەزلىكىنىڭ مەركىزى، 15- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 1918- يىلىغىچە چارروسىيىنىڭ پايتەختى، دۆلەتتىكى ئەڭ چوڭ سودا- سانائەت مەركىزى، 1918- يىل 3 - ئايدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پايتەختى بولغان. موسكۋا روسىيە بويىچە ئەڭ ئومۇملاشقان سانائەت مەركىزى، مۇھىم خەلقئارا قاتناش مەركىزى، ئاتاقلىق تۆمۈر يول تۇگۈنى ئىكەن. موسكۋادا نازۇك ماشىنا- ئۈسكۈنە ئىشلەپچىقىرىش، ستانوك، ئاپتوموبىل، خىمىيە سانائىتى، توقۇمىچىلىق، يېمەك- ئىچمەك، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانىكەن، بولۇپمۇ ماشىنىسازلىق سانائىتى ئالاھىدە مۇھىم بولۇپ، ماشىنىسازلىق سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى پۈتۈن شەھەردىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئەللىك پىرسەنتىنى، ماشىنىسازلىق سانائىتىدە ئىشلەيدىغان ئىشچىلار شەھەردىكى سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ ئەللىك پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىكەن. موسكۋا شەھىرىدىن ھەر قايسى چوڭ شەھەرلەرگە قاراپ ئون نەچچە تارماق، غول تۆمۈر يول

لىنىيىسى سوزۇلىدىكەن. بۇ جايدا دۇنيادىكى ھەر قايسى چوڭ شەھەرلەر بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ شەھەرلەر ئارىلىقىدا قاتنايدىغان نۇرغۇن ھاۋا قاتناش لىنىيىلىرى بار ئىكەن. موسكۋانىڭ قۇرۇقلۇق، سۇ، ھاۋا قاتنىشى ۋە يەر ئاستى تۆمۈر يول قاتنىشى بەكمۇ تەرەققىي قىلغانىكەن. تۇنجى يەر ئاستى تۆمۈر يولى 1935- يىلى قېزىلغان بولۇپ، يەر ئاستى تۆمۈر يولىنىڭ 1979- يىلىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى بىريۈزئاتمىش تۆت پۈتۈن ئوندىن بەش كىلومېتىرغا، 1980- يىلىدىكى ئۇزۇنلۇقى بىريۈزتوقسان سەككىز كىلومېتىرغا، يەر ئاستى تۆمۈر يول بېكەتلىرى بىريۈزيىگىرمەئۈچكە يېتىدىكەن. قىزىل مەيداندا لېنىن قەبرىسى بار ئىكەن، شەھەر ئىچىدە موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق نۇرغۇن ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، پەنلەر ئاكادېمىيىسى، نۇرغۇن پەن تەتقىقاتى ئورۇنلىرى، ئاتاقلىق كرېمىل سارىيى، زامانىۋى قۇرۇلۇشلار، نۇرغۇن داڭلىق باغچىلار، دەم ئېلىش، ساياھەت قىلىش ئورۇنلىرى بار ئىكەن. يەنە موسكۋا قانىلى بولۇپ، بۇ قانال 1947- يىلىدىن ئىلگىرى «موسكۋا- ۋولگا قانىلى» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ قانال موسكۋانىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، موسكۋا دەرياسى بىلەن ۋولگا دەرياسىنى باغلاپ تۇرىدىكەن. قانال ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوڭ ياقىسىدىكى

دۇبنادىن باشلىنىپ موسكۋا دەرياسىنىڭ سول ياقىسىغا قەدەر بارىدىكەن، ئۇزۇنلۇقى ئوت توققۇزپۈتۈن ئوندىن بەش كىلومېتىر كېلىدىكەن، 1932 ~ 1937 - يىللىرى قېزىلغانىكەن. قانالنىڭ توققۇز چۇشۇرگۈسى، ئالتە يېرىدە سۇ ئامبىرى، نۇرغۇن سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى بار ئىكەن. مەزكۇر قانال قېزىلغاندىن كېيىن موسكۋا بىلەن گوركىي، موسكۋا بىلەن لېنىنگراد ئارىلىقىدىكى قاتناش مۇساپىسى ئايرىم- ئايرىم ھالدا بىريۈزئون كىلومېتىر ۋە بىرمىڭ بىريۈز كىلومېتىر قىسقىراپتۇ.

بىز موسكۋاغا يېتىپ بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسى قىزىل مەيداندىكى لېنىننىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ گۈلچەمبىرەك قويدۇق. لېنىن خۇددى ئۇخلاۋاتقاندەك يېتىپتۇ، جەسەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمىدۇق. مەن قىزىل مەيداننى بۇرۇن بەك چوڭ مەيدان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايتتىم، لېكىن ئۇنداق ئەمەس ئىكەن. مېنىڭ ئېسى- يادىم ستالىندا ئىدى، ئاخىر ئىزدەپ تاپتىم. بۇرۇن ستالىن لېنىننىڭ قېشىغا قويۇلغانىكەن، كېيىن يۆتكەپ كېتىلىپتۇ، بۇرۇنقى ئورنى بوش تۇرۇپتۇ. ستالىننىڭ ھازىرقى قەبرىسى كرېمىل سېپىلىنىڭ ئەڭ چېتىدە بولۇپ، ھەيكەل ئاستىغا ئېئوسوف. ۋىسسارىنوۋىچ ستالىن قەبرىسى دەپ يېزىپ قويۇلۇپتۇ. بىر كۈن ئۆتكەندىن

كېيىن موسكۋانىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ناھايىتى
ھەيۋەت سېلىنغان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ
گېتلېر فاشىستلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ
ئەللىك يىللىق خاتىرە سارىيىغا باردۇق، بۇ سارايىنىڭ
تۆرىگە ئۇرۇشتا قۇربان بولغان گېنېراللار، ھەر
دەرىجىلىك ئوفىتسېرلەر، قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن
ئەسكەرلەرنىڭ ئىسىملىكى مەرمەر تاشقا ئويۇلۇپتۇ. يەنە
بىر زالدا موسكۋا مۇداپىئە ئۇرۇشىنىڭ ئومۇمىي
كۆرۈنۈشى ستېرېئولۇق ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى
تانكا ۋە ئەسكەرلەر خۇددى راستتەك تۇيغۇ بېرەتتى.
ئۇنىڭدىن ئەينى چاغدىكى ئۇرۇش ئەھۋالى ئەينەن ئەكس
ئەتتۈرۈلگەنىدى. يەنە بىر زالغا لېنىنگراد مۇداپىئە
ئۇرۇشىنىڭ ئەينەن ئەھۋالىمۇ ئاشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇ-
لۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن چېغىمىزدا، ئاشۇ چاغدىكى
ۋەيرانچىلىق، دەھشەتلىك مەنزىرە كۆز ئالدىمىزدا
نامايان بولۇپ، بىزگە ئۇرۇش كېرەك ئەمەس، تىنچلىق
كېرەك، دەپ توۋلىۋەتكۈمىز كېلىدۇ. قايتىدىغان
ۋاقتىمىزدا، ھەر بىرىمىزگە فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش
غەلىبىسىنىڭ ئەللىك يىللىق خاتىرە ئىزنىكىدىن
بىردىن تاقاپ قويدى. 9- ئاينىڭ 15- كۈنى كەچ سائەت
بەشتە موسكۋا پېشقەدەملەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقىنىڭ ھەمراھلىقىدا، لېنىنگرادقا بارىدىغان
پويىزغا ئولتۇرۇپ، ئەتىسى لېنىنگراد پويىز

ئىستانسىسىغا قايتىپ باردۇق، بىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، ئالدىمىزغا لېنىنگراد شەھىرى پېشقەدەملەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى چىققانىكەن. بىز لېنىنگراد شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ئارمىيە مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇق. بۇ جاي قالتىس گۈزەل، ھاۋالىق بولۇپ، قويۇق ئورمانلىق ئىچىگە سېلىنغانىكەن. بۇ ئورۇن ئەسلى ئارمىيە كادىرلىرى دەم ئالىدىغان ساناتورىيە ئىكەن.

لېنىنگراد موسكۋادىن قالسا ئىككىنچى چوڭ شەھەر ئىكەن. 1924- يىلىدىن بۇرۇن «پېتېربورگ» دەپ ئاتىلىدىكەن، 1924- يىلىدىن كېيىن لېنىننىڭ نامىغا ئاتاپ «لېنىنگراد» دەپ نام بېرىلگەنىكەن، بۇ شەھەر بالتىق دېڭىزىدىكى فىنلان قولتۇقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، نېۋا دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئاغزى رايونىغا جايلاشقانىكەن. شەھەر ئاھالىسى تۆت مىليون سەككىزيۈز ئاتمىش يەتتە مىڭدىن ئاشىدىكەن. بۇ جاي 1703- يىلى مۇھىم بىر قەلئە بولۇپ، چارروسىيىنىڭ دېڭىزغا چىقىشتىكى مۇھىم بىر ئاغزى بولغانىكەن. 1712- يىلىدىن 1912- يىلىغىچە چارروسىيىنىڭ پايتەختى بولغان. 1917- يىلى لېنىن مۇشۇ جايدا ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغانىكەن. شەھەر رايونىدا نەچچە يۈز كىچىك ئارال بولۇپ، كۆۋرۈكلەر بىلەن تۇتاشتۇرۇلغانىكەن. شەھەر رايونىدا يەر ئاستى

تۆمۈر يولى، خەلقئارا ئايرودروم بار ئىكەن. ئۇ روسسىيىنىڭ ئەڭ چوڭ پورتى، سانائەت مەركىزىنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ جايدا كېمىسازلىق، ئېنېرگىيە ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش سانائەتلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا خىمىيە سانائىتى، توقۇمىچىلىق، يېمەك- ئىچمەك قاتارلىق سانائەت ئورۇنلىرىمۇ بار ئىكەن. بۇ شەھەردە لېنىنگراد ئۇنىۋېرستېتى قاتارلىق نۇرغۇن ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، پەن تەتقىقاتى ئورۇنلىرى، ئاتاقلىق رۇس مۇزېيى، قىشلىق ساراي، سىمولنىي سارىيى، شىرلىن كۇتۇپخانىسى قاتارلىق مەشھۇر ئورۇنلار بار ئىكەن.

بىز لېنىنگرادقا قايتىپ بارغان كۈنى چۈشتىن كېيىن، موسكۋادىكىگە ئوخشاش بىرىنچى بولۇپ لېنىنگراد مۇداپىئە ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ گۈلچەمبىرەك قويدۇق. بۇ جايغا شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان بەشيۈزمىڭ كىشىنىڭ جەسىتى قويۇلغانىكەن. دەرۋازىدىن كىرگەندىكى بىرىنچى ئۆيگە لېنىنگراد مۇداپىئە ئۇرۇشىدا كىشى بېشىغا بېرىلگەن يىگىرمە گرام قارا بولكا ئەينەن قويۇپ قويۇلۇپتۇ. بىز قاتتىق تەسىرلەندۇق، روسسىيىلىكلەرنىڭ قەھرىمانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇق. ئۇلار يىگىرمە گرام قارا بولكا نورمىسىنى بىر- ئىككى كۈن ئەمەس، بەشيۈز نەچچە

كۈن داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىز يەنە گوبېرناتۇرپېتر II نىڭ
يازلىق ۋە قىشلىق سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.
قىشلىق ساراي تولىمۇ ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئالتۇن
پوتالار بىلەن زىننەتلەنگەنىكەن. بۇ سارايىنىڭ ھەر بىر
تۇۋرۈكى ھەر قايسى كېنەزلىكلەرنىڭ رەسىملىرى
بىلەن قاپارتما قىلىپ بېزىلىپتۇ. يازلىق ساراي كەڭ
كەتكەن باغچا بولۇپ، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بالىلار
ھەيكەللىرى ئاغزىدىن سۇ پۈركۈپ تۇرىدىكەن. بۇ
مەنزىرە كىشىگە ھەقىقەتەن ھۇزۇر بېغىشلايدىكەن.
ئەتىسى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ بىرىنچى توپىنى
ئېتىلغان «ئابرورا» پاراخوتىنى كۆرۈشكە باردۇق. بۇ
پاراخوت ئاقساراي ئۇدۇلىدىكى نېۋا دەرياسىدا ئىكەن.
مەن بۇ پاراخوتنى كۆرگىنىمدە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ
«ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى بىزگە
ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئېلىپ كەلدى» دېگەن سۆزى
ئېسىمگە كەلدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى
زەمبىرەك ئوقى دەل مۇشۇ پاراخوتتىن ئېتىلغانىكەن.

## يەنئەنگە زىيارەت

يەنئەن — جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇستەھكەم
تۇۋرۈكى ھەم مۇھىم بازىسى بولۇپ، جۇڭخۇا سوۋېت

هاكىمىيىتى ۋە پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلابىغا ئارقا تىرەك بولغان، ماۋجۇشى باشلىق رەھبەرلەر ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلغان مۇقەددەس جايدۇر. مېنىڭ ئۆزۈمدىن بۇيان يەنئەننى زىيارەت قىلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى. مەن 1983 ـ يىل 9 ـ ئايدا شىئەندىكى لىشتۇڭغا دەم ئېلىش ۋە ئارشاڭغا چۈشۈش ئۈچۈن باردىم ھەم ئۇرۇمچى ھەربىي رايونىنىڭ لىشتۇڭدىكى ساناتورىيىسىگە چۈشتۇم. بۇ يەردە بىر قانچە كۈن تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن دەم ئالغاچ داۋالىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن لىشتۇڭ ئەتراپىدىكى مۇھىم خاتىرە جايلارنى كۆردۈم. مەلۇم بىر كۈنى، ساناتورىيىنىڭ باشلىقىغا مەن يەنئەنگە بېرىپ زىيارەت قىلىپ كەلسەم، دېدىم. ئۇ: بولىدۇ، بىز ماشىنا تەييارلايلى. ھازىر يەنئەنگە پويىز يوق، ماشىنا بىلەن بارىمىز. يوللار ئانچە ياخشى ئەمەس. ئارىلىقىمۇ خېلى ئۇزۇن، ماشىنىنى ئوبدان تەكشۈرۈپ تەييار بولغاندا سىزگە ئۇقتۇرىمەن، دېدى. مەن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ئىككى كۈندىن كېيىن، مەن ئايالىم، كاتىپىم، لىشتۇڭ ساناتورىيىسىدىن چىققان يولباشلىغۇچى ۋە شوپۇر بولۇپ بەش كىشى يەنئەنگە قاراپ يولغا چىقتۇق. يولدا يەيدىغانغا بولكا، تۇخۇم، پىشۇرۇلغان كالا گۆشى، ئۇسسۇلۇقلارنى ئېلىۋالدۇق. بۇ 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىدى.

يەنئەنگە بېرىش ئۈچۈن خۇشەن، خۇاڭلىڭ

قاتارلىقجايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، كەچتە يەنئەنگە يېتىپ باردۇق ۋە ھەربىي مېھمانخانىغا چۈشتۇق. ئەتىسى يەنئەندىكى ئىنقىلابىي مۇقەددەس جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باشلىدۇق. ئالدى بىلەن ماۋجۇشى پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغان جاي — «چىلانلىق» نى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.

بۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى تاغنى تېشىپ ياسالغان بولۇپ، مەركەز رەھبەرلىرى شۇ ئۆيلەرگە ئورۇنلاشقانىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، پارتىيىمىز يىغىن ئاچقان چوڭ بىر زالنى كۆردۇق. ئۇ زالغا ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ، جۇدېلارنىڭ چوڭايتىلغان رەسىمى، پارتىيە بايرىقى ئېسىقلىق ئىكەن. ئەينى ۋاقىتتا يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئولتۇرغان ياغاچ ئورۇندۇقلار ئەينەن ساقلاپ قېلىنىپتۇ. يەنە بىز بۇ يەردە 8 - ئارمىيىنىڭ باش شتابى تۇرغان ئورۇننى كۆردۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنئەن كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، يەنئەننىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئېگىز تاغ ئۈستىدە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان «باۋتاشەن» مۇنارىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق . بۇ مۇنار ماڭا پۈتۈن جۇڭگوغا ئىنقىلاب ئوتىنى چېچىۋاتقان ئۆچمەس ماياك بولۇپ كۆرۈندى.

خۇددى ماۋجۇشى «ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ» دېگەندەك، مانا بۇ «باۋتاشەن» مۇنارى ئۇچقۇندىن

يانغىن چىقىرىپ، ئۇنى پۈتۈن جۇڭگونىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تارقاتماقچى ئىدى. مەن «باۋتاشەن» مۇنارىدا تۇرۇپ يەنئەننىڭ ھەممە تەرىپىگە نەزەر سالدىم. يەنئەن ھەقىقەتەن ئىستراتېگىيە جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم جاي ئىكەن. پۈتۈن يەنئەن سېرىق تۇپىلىق تاغ - ئېدىرلار بىلەن ئورالغانبولغاچقا، يەنئەندىكى قىسىملارنى تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ كۆرەلمەيسىز، چۈنكى قىسىملارنىڭ ھەممىسى گەمىلەرگە جايلاشقانىكەن.

يەنە بىر تەرەپتىن، يەنئەننىڭ يوللىرى ناچار بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا چوڭ ماشىنىلىق قوشۇنلارنىڭ ئىلگىرىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. بۇ يوللاردا ئاساسىي جەھەتتىن پىيادە مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن. مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، يەنئەننىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەن. بىزگە يەنئەننىڭ ئەھۋالىنى يەنئەن ئىنقىلابىي بازىسىغا قارايدىغان بىر كىشى تەپسىلىي تونۇشتۇردى، ئۇ كىشى بىلەن بىرگە رەسىمگە چۈشتۇق.

بىز يەنئەننى كۆرۈپ ئىنقىلابىي پېشىۋالارنىڭ قانچىلىك جاپالىق تۇرمۇشتا ياشىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندۇق. ئىنقىلاب ۋە ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىسسىق قانلىرىنى تۆككەن قەھرىمانلارنى ئەسلىدۇق. ئەۋلادلارغا بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشنىڭ مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان قەھرىمانلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى

بەدىلىگە كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش لازىم، دېگەن تونۇشقا كەلدۇق.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى يەنئەندىن سەھەردە يولغا چىقىپ نەنىنۋەنگە باردۇق. نەنىنۋەن ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى 359 - بىرىگادا چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگو تارىخىدا چوڭقۇر ھەم ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان تارىخىي ئەھمىيەتلىك جاي. 359 - بىرىگادا شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كىرگەن 2 - كورپۇستۇر. نەنىنۋەن كەڭ كەتكەن ساي بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا بىر ئېرىق بۇلاق سۈيى ئېقىپ ئۆتىدىكەن. يېرى چۆللۈك، پاكار چىغلىق بولۇپ، شۇ چاغلاردا 359 - بىرىگادىنىڭ ئەسكەرلىرى جوتۇ بىلەن بوز يەر ئېچىپ ئاشلىق ۋە باشقا زىرائەتلەرنى تېرىپ، ئۆزلىرىنى تەمىنلەش بىلەن بىرگە، ئاشقىنىنى قېرىنداش قىسىملارغا بەرگەن.

مەن 1983 - يىلى ئۇ يەرگە بارغان ۋاقىتىمدا، ئۇ يەرنىڭ قىياپىتى تۈپتىن ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. ھازىر ئۇ يەر مول ھوسۇللۇق كەڭ ئېتىزلار ۋە زىرائەتلەر قاپلانغان ياپيېشىللىققا ئايلىنىپتۇ. بىزگە «نەنىنۋەن خاتىرە سارىيى» نىڭ مەسئۇلى نەنىنۋەننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى تولۇق تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، بىز خاتىرە سارىيىغا كىردۇق. ئىشىكتىن كىرىپلا، ئەينى ۋاقىتتا ماۋجۇشى ئۆزى مىنگەن ئاق بوز ئاتنىڭ

سۈرىتىنى كۆردۈم. بۇ ئات خۇددى تىرىكتەكلا تۆت پۇتى بىلەن يەرنى تېپىپ، سۈرلۈك قىياپەتتە تۇراتتى. ئۇ يەردە يەنە نەنسۇەن ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتناشقان پېشقەدەم جەڭچىلەرنىڭ رەسىملىرى، ئىشچان كەمبەغەل دېھقان ئاياللارنىڭ يىپ ئىگىرىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى بار ئىدى. ئاخىرىدا بىز تونۇشتۇرغۇچى بىلەن خاتىرە رەسىمگە چۈشۈپ شىئەنگە قايتىپ كەلدۇق.

## جىڭگاڭشەنگە زىيارەت

مېنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان جىڭگاڭشەنگە بېرىپ، بۇ ئۇلۇغ جاينى زىيارەت قىلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى، بۇ ئارزۇيۇم ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى.

بىز 1977 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە شاڭخەيدىن پاراخوت بىلەن يولغا چىقتۇق. پاراخوت خۇاڭفۇجياڭ دەرياسىنىڭ ئېقىنىدا ئاستا مېڭىپ ئۇسۇڭكودىن ئۆتۈپ، سۇنىڭ ئېقىشىغا قارشى ھەيۋەت بىلەن كېتىۋاتاتتى. دەريانىڭ ئىككى قاسىنىقى پۇتۇنلەي يېشىللىققا پۈركەنگەن بولۇپ، دەريا ئەتراپىدىكى تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئادەمنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى. بىز نەنتۇڭ،

جىنجياڭ، نەنجىڭ، توڭلىڭ، ئەنچىڭ قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ جۇجياڭغا باردۇق. جۇجياڭ جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ بىر ۋىلايىتى بولۇپ، جۇجياڭ ئارقىلىق نەنچاڭغا بارغىلى بولاتتى.

بىز جۇجياڭدا پاراخوتتىن چۈشۈپ، جۇجياڭ شەھىرىگە كىرىپ نەنخۇ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇق. ئۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ، ئەتىسى لۇشەنگە قاراپ ماڭدۇق. لۇشەندە بىر كۈن ئېكسكۇرسىيىدە بولۇپ، 1959 ـ يىلى لۇشەن يىغىنى ئېچىلغان جاينى كۆردۇق. ئۇنىڭدىن باشقا شېنزىپىندۇڭ، لۇلىڭچاۋ دېگەن جاينى كۆردۇق. لۇشەن ھەقىقەتەن بىر گۈزەل ساياھەت ئورنى ئىكەن. تاغ ئۈستىدە ئاق بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرىدىكەن، تاغدا قارىغايلىق، ئىپتىدائىي ئورمانلار كۆپ بولۇپ، ئورمان ئىچىدە ھەرخىل خۇشناۋا قۇشلار سايراپ تۇرىدىكەن، ئۇ جاي ھەر قانداق ئادەمگە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغان تەبىئىي گۈزەل رايون ئىكەن.

5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ماشىنا بىلەن جياڭشىنىڭ مەركىزى نەنچاڭغا بېرىپ، ئالدى بىلەن «نەنچاڭ قوزغىلىڭى خاتىرە سارىيى»نى كۆردۇق. خاتىرە سارىيىدا جۇدې، جۇئېنلەي، خې لۇڭلارنىڭ ۋە نۇرغۇن ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئەھۋالى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغانىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنقىلابىي

قۇربانلار مۇنارى قاتارلىقلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.

مەن نەنچاڭغا بارغاندا بىزنىڭ شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن جياڭشىغا يۆتكىلىپ كەتكەن خاتىرەن، شاۋفېي، تاڭ گوخۇا، جاڭ زىلىيەن، زېڭ گۇاڭمىڭ قاتارلىق يولداشلارنى يوقلاپ، ئۇلاردىن ھال سورىدىم.

ئۇلارنىڭ ئۇ يەردىكى تۇرمۇشى ياخشى ئىكەن. بىراق، ئۇلار شىنجاڭدا ئۇزۇن يىل تۇرۇپ شىنجاڭنىڭ ھاۋاسىغا كۆنۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسىغا كۆنەلمەپتۇ. ئۇلار ماڭا: مۇمكىن بولسا بىز يەنە شىنجاڭغا قايتىپ، ئاخىرقى ئۆمرىمىزنى شىنجاڭدا ئۆتكۈزسەك. بىز شىنجاڭغا 1949 - يىلى كىرگەن، شىنجاڭ بىزنىڭ ئىككىنچى ئائىلىمىز، دېدى.

مەن ئۇلارغا: مەن شىنجاڭغا قايتىپ بارغاندا سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارنى ھەربىي رايون پارتكومىغا دوكلات قىلىمەن، دېدىم. ئۇلار ئىنتايىن خۇشال بولۇپ رەھمەت ئېيتتى. دېگەندەك، مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئەھۋالنى ھەربىي رايون پارتكومىغا دوكلات قىلدىم. قوماندان ياڭ يۇڭ: بولىدۇ، ئۇلار قايتىپ كېلىپ ئۈرۈمچىدە تۇرسۇن، سىلەر باش سىياسىي بۆلۈمگە دوكلات يېزىڭلار، دېدى. بىز دوكلات يازدۇق، يۇقىرى ئۇنى دەرھال تەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇشال- خۇرام ھالدا شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى. لېكىن، زېڭ گۇاڭمىڭ كېسەل بولغانلىقتىن قايتىپ

كېلەلمىدى.

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەنچاڭدىن ماشىنا بىلەن جىڭگاڭشەن تېغىنىڭ باغرىغاباردۇق. بىرىنچى كۈنى ئۇ يەردە قونۇپ، ئەتىسى جىڭگاڭشەن تېغىنىڭ ئىچىگە كىردۇق.

جىڭگاڭشەن قېلىن قارىغايلار بىلەن قاپلانغان، مەنزىرىسى ئىنتايىن چىرايلىق، ھەرخىل تاغ قۇشلىرى يېقىملىق سايراپ تۇرىدىغان، تاغ باغرى يېشىللىققا پۈركەنگەن، رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ پۇرىقى دىمىغىڭىزغا ئۇرۇپ تۇرىدىغان گۈزەل جاي ئىكەن.

بۇ تاغنىڭ بەزى جايلىرى شىنجاڭ تاغلىرىنىڭ مەنزىرىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن، يۇقىرى ئۆرلەپ چوققىغا چىققانسېرى، تاغ ئۇستىدە ئاق بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرىدىكەن.

جىڭگاڭشەندە بىز ئالدى بىلەن ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. يەنە خۇاڭيەنجىنگە بېرىپ قايتىشتا «كىچىك قۇدۇق، چوڭ قۇدۇق» دېگەن يەرنى كۆردۇق. بۇ يەردە ئەينى ۋاقىتتا «قىزىل 4 ـ جۈن» نىڭ دوختۇرخانىسى تۇرغانىكەن. شۇ چاغدا بۇ دوختۇرخانىدا بىريۈزئاتمىش نەپەر يارىدار بولۇپ، «قىزىل 4 ـ جۈن» يۆتكىلىدىغان چاغدا ئۇلارنى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە تارقاقلاشتۇرغانىكەن. كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يارىدارلارنىڭ

ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ھەمدە دوختۇرخانىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. بىز ئاشۇ قەھرىمانلارنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارغا تەزىيە بىلدۈردۇق. جىڭگاڭشەننىڭ مەركىزى بولغان «شىفاڭ» دا ماۋجۇشى، جۇدېلار تۇرغان مۇبارەك ئۆيلەرنى زىيارەت قىلدۇق، يەنە «قىزىل 4- جۈن» شتابىنى زىيارەت قىلدۇق. ماڭا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان جاي «نىڭگاڭ» دېگەن جاي بولدى. بۇ جاي ماۋجۇشى بىلەن جۇدې ئۇچراشقان جاي ئىدى.

جىڭگاڭشەن ئىستراتېگىيىلىك جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم جاي بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپى ئەنخۇيغا، شەرق تەرىپى فۇجيەنگە، غەرب تەرىپى خۇنەنگە، جەنۇب تەرىپى گۇاڭدۇڭغا، شەرقىي شىمالىي جېجياڭغا، غەربىي شىمالىي خۇبېيغا تۇتىشىدىكەن. جىڭگاڭشەن خۇنەنگە يېقىن بولۇپ، ماۋجۇشىنىڭ كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭغا قاتناشقان قىسىملىرى بىلەن جۇدېنىڭ نەنچاڭ قوزغىلىغا قاتناشقان قىسىملىرى مۇشۇ جايدا ئۇچراشقان. ماۋجۇشى ئېيتقاندەك: «ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ» . «جىڭگاڭشەن» دىكى «ئۇچقۇن» دىن چىققان «يانغىن» پۈتۈن جۇڭگوغا تارىلىپ، ئاخىر جۇڭگودا ئۈچ چوڭ تاغ ئاغدۇرۇلۇپ، شەرقتە قەد كۆتۈرگەن سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ، جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى ئالەمشۇمۇل

ئۇلۇغ تارىخىي غەلىبىدۇر.

## شاۋشەنگە زىيارەت

1958 ـ يىل 12 ـ ئاي ئىدى. گۋاڭجۇدا پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ئېچىلىدىغان سىياسىي خىزمەت يىغىنىغا قاتنىشىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ يىغىنغا شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شيۇڭ خۇاڭ، ھەربىي رايون تەشۋىقات بۆلۈمىدىن زەي جەيۈەن، تەشكىلات بۆلۈمىدىن جۇجاشىڭ، شاڭ شىن ۋە مېنىڭ كاتىپىم، قوشۇمچە تەرجىمان لىيۇچاڭ قاتارلىقلار ئۈرۈمچىدىن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقىپ، ۋېييا دېگەن جايغا بېرىپ پويىزغا ئالمىشىپ، ئالدى بىلەن خۇنەننىڭ چاڭشا شەھىرىگە باردۇق، چۈنكى بىزدە شاۋشەنگە بېرىپ ماۋجۇشىنىڭ يۇرتى ۋە ئۆيىنى زىيارەت قىلىش ئويى بار ئىدى. بىزنى خۇنەن ئۆلكىلىك ھەربىي رايون كۈتۈۋالدى ۋە ئۆزىنىڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. بىز ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇردۇق. خۇنەن ئۆلكىلىك ھەربىي رايون بىزگە قاتناش قورالى ھەل قىلىپ بەردى ھەمدە بىر كادىرنى يول باشلاشقا بەلگىلىدى. ئۇ بىزنى شاۋشەنگە باشلاپ باردى. بىز يول

بۆيى خۆنەن دېھقانلىرىنىڭ پاخال بىلەن چىرايلىق
قىلىپ ياپقان ئۆيلىرىنى كۆردۇق، مەن ھەيران قالدىم.
كۆزۈمگە ئالىقانچىلىكمۇ ئاق يەر چېلىقمىدى. پۈتكۈل
زېمىن ياپيېشىللىققا پۈركەنگەن، پۈتۈن ئالەمنىڭ
گۈزەل مەنزىرىسى ماڭا گويا شۇ يەرگە مۇجەسسەملەن-
گەندەك تۇيۇلدى. مەن يەنە شۇنىڭغا ھەيران بولدۇمكى،
12-ئايدا شىنجاڭدا قار يېغىپ قاتتىق سوغۇق بولۇپ،
يەر-جاھاننى قار-مۇز قاپلاپ كېتىدۇ. ئەمما، ئۇ
يەردىچۇ؟ شۇنداق گۈزەل مەنزىرە ساقلىنىپ
تۇرىدىكەن. بىز شاۋشەنگە بارغاندىن كېيىن،
ماۋجۇشىنىڭ تۇغۇلغان ۋە چوڭ بولغان ئۆيىگە باردۇق.
ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي ئائىلىسى كۆرگەزمىسىنى
كۆردۇق. بۇ كۆرگەزمە ماۋجۇشىنىڭ بۇرۇنقى تۇرالغۇ
ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، جەمئىي ئۈچ
قىسىمغا، يەنى ماۋجۇشىنىڭ ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق
دەۋرى، ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرى ۋە ئازادلىق
ئۇرۇش دەۋرى شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ھەم
قۇرۇلۇش دەۋرىگە بۆلۈنگەن. بۇ كۆرگەزمە مەن ئۈچۈن
كۈچلۈك تارىخى ۋە ئىنقىلابىي تەربىيە بولدى، بۇ
ئۇنتۇلماس كۈنلەرنى ھەرگىز ئېسىتىن چىقارمايمەن.
ماۋجۇشىنىڭ ھۇجرىسىدا بىردانە ياغاچ كارىۋات،
بىر دانە كونا شىرە، كىتاب كۆرىدىغان بىر قارا چىراغ،
بىر دانە كونا ياغاچ ئورۇندۇق ۋە كونا يوتقان-كۆرپە

تۇراتتى. يەنە بىر ئېغىز ئۆي تۇگمەن ئىكەن ، ئۆي ئىچىدە يوغان بىر تۇگمەن تېشى بار ئىكەن. ئۇ ۋاقىتلاردا ئادەم كۈچى بىلەن ئۇن تارتىدىكەن. يەنە بىر ئېغىز ئۆيگە ئەينى ۋاقىتتا ئىشلەنگەن دېھقانچىلىق قوراللىرى، مەسلەن، ساپان، جوتۇ ، ئورغاق ۋە باشقا ئۇششاق-چۈششەك سايمانلار قويۇلۇپتۇ. 4- ئېغىز ئۆيگە كىرسەك، تامغا ماۋجۇشىنىڭ دادىسى، ئانىسى، ئىنىسى ماۋئەيمىڭ ۋە ماۋجۇشىدىن ئىبارەت تۆت كىشىنىڭ بىرگە چۈشكەن سۈرىتى ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. رەسىمگە چۈشكەن ۋاقىت ماۋجۇشىنىڭ بالىلىق ۋاقتى ئىكەن. قورۇنىڭ ئالدىدا بىر كۆلچەك بولۇپ، تونۇشتۇرغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، ماۋجۇشى بالىلىق ۋاقتىدا ئاشۇ كۆلچەكتە سۇغا چۆمۈلۈپ، سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنگەنىكەن . قىسقىسى ، ماۋجۇشىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيى يول بويى بىز كۆرگەن دېھقان ئۆيلىرىدىن خېلى پەرقلىق بولۇپ، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئائىلىسى دېھقان بولسىمۇ تۇرمۇش ئەھۋالى خېلى ھاللىق ئۆتكەندەك قىلاتتى. ئەتىسى ماۋجۇشىنىڭ گومىنداڭ جاللاتلىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بۇرۇنقى رەپىقىسى ئىنقىلابىي قۇربان ياڭ كەيخۇينىڭ قەبرىسىگە بېرىپ ئۇنىڭ ھەيكىلىنى زىيارەت قىلدۇق. خۇنەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىنقىلابىي قۇربان ياڭ كەيخۇينىڭ ھەيكىلىنى ناھايىتى ھەيۋەتلىك قاتۇرۇپ،

ئەتراپىغا گۈللەرنى تىرىپ قويۇپتۇ. بىز ئۇنىڭ ھەيكىلىگە تەزىيە بىلدۈرۈپ گۈلچەمبىرەك قويدۇق.
يولداش ماۋزېدۇڭ 1893- يىل 12- ئاينىڭ 26- كۈنى مۇشۇ يەردە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۈسمۈرلۈك، بالىلىق چاغلىرىنى شاۋشەندە ئۆتكۈزگەن. 1920-يىلى قىشتا، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرگە ئىنقىلاب تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئىنقىلاب يولىغا باشلىغان. 1925- يىل 2- ئايدىن 8- ئايغىچە شاۋشەندە دېھقانلار ھەرىكىتىنى قوزغاپ، دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ ئىنقىلاب ئوتىنى تۇتاشتۇرغان. ماۋجۇشى ئاۋۋال بۇ يەردە يىغىنلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىپ، دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىنى يېتىشتۈرگەن. شۇ يىلى 6- ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شاۋشەن پارتىيە ياچېيكىسىنى قۇرغان. 1927- يىل 1- ئايدا ماۋجۇشى شاۋشەن دېھقانلار ھەرىكىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە بۇ يەردە ئەھۋال ئىگىلەش يۈزىسىدىن يىغىنلارنى ئاچقان. 1929- يىلى بۇ بىر يۈرۈش ئۆيلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۆي ۋە ئۆي جاھازلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئازادلىقتىن كېيىن شاۋشەن خەلقى بۇ بىر يۈرۈش كونا ئۆيلەرنى قايتىدىن رېمونت قىلىپ، ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قالغان.

ماۋجۇشىنىڭ ئاتىسى ماۋ شىنشىڭ 1870- يىل 10- ئايدا تۇغۇلۇپ، 1920- يىل 1- ئايدا لىمفا تۇبېركۇليوز كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. ماۋجۇشىنىڭ ئاپىسى جىن شىڭۋېن 1867- يىل 2- ئايدا تۇغۇلۇپ، 1919- يىل 10- ئايدا كېزىك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن.

چاڭسادا ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن، پويىزغا ئولتۇرۇپ گۇاڭجۇغا يۈرۈپ كەتتۇق.

## ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي ئائىلە ئەزالىرى

ماۋزېمىن: ماۋجۇشىنىڭ چوڭ ئىنىسى. 1896- يىلى تۇغۇلۇپ، 1922- يىلى ئەنيۈەندە پارتىيىگە كىرگەن. 1922- يىلى ئەنيۈەن كان ئىشچىلىرى كوپېراتسىيىسىنىڭ دىرېكتورى بولغان. 1925- يىلى شاڭخەيگە بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي نەشرىيات - تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1931- يىل 10- ئايدا مەركىزىي ئىنقىلابىي بازىغا بېرىپ، جۇڭخۇا سوۋېتلەر جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك بانكىسىنىڭ دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1934 - يىل 10 - ئايدا ئۇزۇن سەپەرگە

قاتناشقان . 1935 ـ يىلى يەنئەنگە بارغاندىن كېيىن مەركىزىي ئىشچىلار دېھقان ھاكىمىيىتى ئىقتىسادىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1938 ـ يىلى باھار پەسلىدە شىنجاڭغا كېلىپ ، ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ خىزمىتىنى ئىشلىگەن، يەنى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق 8ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولغان. 1942 ـ يىل 9 ـ ئايدا جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1943ـ يىل 9 ـ ئايدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان.

ماۋزېتيەن: ماۋجۇشىنىڭ ئىككىنچى ئىنىسى. 1905 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1923 ـ يىلى پارتىيىگە كىرگەن. 1923 ـ يىلى داڭنىڭ دېگەن جاينىڭ شۇيكۇشەن كانىغا بېرىپ ئىشچىلار ھەرىكىتىگە قاتناشقان. 1929 ـ يىلى جياڭشىنىڭ جىئەندۇڭگو دېگەن يېرىگە بېرىپ ئىنقىلابىي بازا قۇرغان. ئۇزۇن سەپەر مەزگىلىدە مەركىزىي ئىنقىلابىي بازا قۇرۇپ پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. 1935 ـ يىلى جەڭدە باتۇرلارچە قۇربان بولغان.

ياڭ كەيخۇي: ماۋجۇشىنىڭ ئايالى. 1901 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1921 ـ يىلى پارتىيىگە كىرگەن. پارتىيىگە كىرگەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خۇنەن ئۆلكىلىك پارتكومدا ئارخىپ ساقلاش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1923 ـ يىلى ماۋجۇشى بىلەن

بىللە شاڭخەيگە بارغان. 1925 - يىلى ماۋجۇشى بىلەن شياۋشەنگە بېرىپ، دېھقانلار ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلار كەچ كۇرسىنى ئاچقان. 1930-يىل 10 - ئايدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، شۇ يىلى 11 - ئايدا چاڭشادا باتۇرلارچە قۇربان بولغان.

ماۋئەنيىڭ: ماۋجۇشىنىڭ ئوغلى. 1922 - يىلى تۇغۇلغان، 1943 - يىلى پارتىيىگە كىرگەن. 1950-يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چاۋشيەن ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان. ماۋزېجەن، ماۋجيۇشيۇڭلارمۇ ئىنقىلاب يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان. دېمەك، ماۋجۇشى ئائىلىسىدىن ئالتە ئادەم ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بولغان.

ماۋجۇشى پۈتۈن ھاياتىنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلاب ۋە ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلاپ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى يارىتىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ قەلبىدە ئەبەدىيلىك ئەسلىمە قالدۇردى.

# مۇھەررىردىن

ئاپتور زاھىر ساۋدانوف 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان، 1955 - يىلى گېنېرال مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، ئۇزاقتىن بىرى ئارمىيە ئىچىدە ۋە يەرلىكتە مۇھىم رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەپ، 1985 - يىلى خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ ئارمىيە ئىچىدە سىياسىي رەھبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئارمىيىمىزنىڭ سىياسىي خىزمەت جەھەتتىكى ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ ۋە ئۇنى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، قىسىم قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇزۇن يىللىق ھەربىي ھاياتىدا، پارتىيە، دۆلەت ۋە ئارمىيىنىڭ بىر قىسىم ئالىي رەھبەرلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشقان، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۆپ قېتىم ئېكسكۇرسىيە ھەم زىيارەتتە بولغان، تۆۋەنگە چۈشۈپ جەڭچىلىك تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن، يەرلىك خىزمەتلەرگە ئارىلىشىپ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلغان، بىر مۇنچە زور ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا رەھبەرلىك قىلغان.

شۇڭا، ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ ئۇزاق ۋاقىتلىق خىزمەت تارىخىنى ۋە هايات مۇساپىسىنى ئەسلەش ئاساسىدا يېزىپ چىققان «ئۇنتۇلماس مۇساپە» ناملىق بۇ ئەسلىمىسىنى نەشرىياتىمىزغا سۇندى. بۇ، ئاپتورنىڭ «5 ـ كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى»، «ماناس دەرياسى بويىدىن قايتىش» ناملىق كىتابلىرىدىن كېيىنكى يەنە بىر يېڭى ئەسىرى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسلىمە ئارمىيىمىزنىڭ يېقىنقى ئەللىك نەچچە يىللىق تارىخىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، پېشقەدەملىرىمىزنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەدىرلەشتەك ئالىيجاناب روهىدىن ئۆگىنىش، ياشلارغا ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. بۇ ئەسلىمىنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئاپتور مەزكۇر كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا مەنىۋى ۋە ماددىي جەهەتتىن ياردەم بەرگەن شىنجاڭ هەربىي رايونىدىكى ئالاقىدار رەهبەرلەر ۋە تارماقلارغا، مايتاغ نېفىت ـ خىمىيە شىركىتىگە چىن كۆڭلىدىن رەهمەت ئېيتىدۇ. ئالاهىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى، ئاپتورنىڭ ياشىنىپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ، نۇرغۇن جەڭگاهتا تاۋلانغان هەربىيگە خاس زور ئىرادە ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆمۈر تارىخىنى كىتاب قىلىپ يېزىپ

ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىشقا قەدىرلەشكە تېگىشلىك
روھ. مەن بۇ خىل روھنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ
جىسمىدا ئەكس ئېتىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.
2000 - يىل ئىيۇل

مەسئۇل مۇھەررىرى : قۇربان ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : شادىيە ھاشىم
مەسئۇل كوررېكتورى : ئاسىيە ئەخمەت

ئۈنتۈلماس مۇساپە
( ئەسلىمە )
زاھىر ساۋدانوف

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850 مىللىمېتىر32/1
باسما تاۋىقى : 11.625 قىستۇرما ۋارىقى : 18
2000 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 5,000 — 1
ISBN7—228—05872—0/I • 2166
باھاسى : 15.00 يۈەن